
دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

# هايات نۇرلانغاندا

سەردار ئۆزكان (تۈركىيە)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

سەردار ئۆزكان (تۈركىيە)

# ھايات نۇرلانغاندا

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇنارجان توختاخۇن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数[illegible]

奥默与海豚：维吾尔文 [illegible] 奥兹坎著；穆纳尔江·托合塔洪译.
— 乌鲁木齐：新疆人民出[illegible]15.9
ISBN 978-7-228-18775[illegible]

Ⅰ. ①奥… Ⅱ. ①奥… ②穆… Ⅲ. ①长篇小说 — 土耳其 — 现代 — 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I374.45

中国版本图书馆CIP数据核字(2015)第235562号

Copyright © 2010 by Serdar Ozkan
涉外合同登记新权图字29 — 2015 — 18

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 伊丽达娜·阿不都热依木 |
| 责任校对 | 沙娜瓦尔·依不拉音 |
| 封面设计 | 买买提·诺比提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京顺诚彩色印刷有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 7 |
| 版　　次 | 2015年9月第1版 |
| 印　　次 | 2015年11月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1-3000 |
| 定　　价 | 22.00 元 |

# كىرىش سۆز

سەردار ئۆزكان 1975 - يىلى تۈركىيەدە تۇغۇلغان، روبېرت ئىنستىتۇتىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئامېرىكا لىخاي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كارخانا باشقۇرۇش ۋە پسىخولوگىيە كەسپى بويىچە باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، تۈركىيەگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىستانبۇل بوغازىچى ئۇنىۋېرسىتېتىدا داۋاملىق پسىخولوگىيە كەسپىدە ئوقۇغان.

2002- يىلى ئۇ كەسپىي يازغۇچى بولغاندىن كېيىن كىشىلىك تۇرمۇشتىكى چوڭقۇر مەنىلىك ھېكايىلەرنى يېزىشقا كىرىشكەن، ئۇنىڭ تۇنجى ئەسىرى «غايىب گۇل» نەشر قىلىنغاندىن كېيىن قىرىق نەچچە دۆلەتتە بەس - بەستە سېتىلىپ، تۈركىيە ئەدەبىيات تارىخىدىكى بىردىنبىر نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى، «مېنىڭ ئىسمىم قىزىل» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئورخان پامۇكنىڭ ئەسەرلىرىدىن بېسىپ چۈشكەن.

«ھايات نۇرلانغاندا» سەردار ئۆزكاننىڭ يېڭى ئەسىرى، ئەسەردە نۇرلۇق دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيادا كۆرگەن - بىلگەنلەر سۆزلىنىدۇ، ئەسەردىكى «ئۈمىد دەستۇرى» ناملىق كىتاب ئەۋلادمۇئەۋلاد قولدىن - قولغا ئۆتۈپ ساقلىنىدۇ، ئۇ پەقەت دىلقىن بىلەن پاراڭلىشالايدىغان بالىغىلا مەنسۇپ. بۇ كىتابنىڭ يەتتە يېرىدە بەخت يولتۇزى تىلغا ئېلىنغان. كىتابتا دېيىلىشچە، «ئۈمىد دەستۇرى»نىڭ ئاخىرقى بىرنەچچە بېتى پېچەتلىنىۋېتىلگەن، بۇ پېچەتنى پەقەت بۇ كىتابنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ساقلىغۇچىسىلا ئاچالايدىكەن، چۈنكى ئۇ بەخت يولتۇزى ئىكەن.

ئۇ پېچەتلىۋېتىلگەن بەتلەرنى ئاچقاندىن كېيىن پۈتۈن دۇنيا نۇرلىنىپ، مەڭگۈلۈك تىنچ دەۋرگە كىرىدىكەن. ئەسەردە ئاپتور گىرەلەشتۈرۈپ بايان قىلىش ۋە قاتلاممۇ قاتلام ئىچكىرىلەپ كىرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ۋەقەلىكنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەن، ئەسەر سىزنى قاتمۇقات ئەسلىمىلەر ئىچىدىن ئاخىر باش پېرسوناژ بىلەن بىللە قاراڭغۇلۇقتىن باشلاپ چىقىدۇ. ئەسەرنى ھەم كىشىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان ھاياتلىق پاراڭلىرى خاتىرىسى، ھەم كىشى قەلبىگە تەسەللى بولىدىغان «ئۈمىد دەستۇرى» دېيىشكە بولىدۇ.

# مۇقەددىمە

بوۋاي ئۆزى ئىزدەۋاتقان بالىنى دېڭىز بويىدىكى بۇ كەنتتىنمۇ تاپالمىدى.

ئېگىيې دېڭىزىنىڭ خىلۋەت بىر بۇلۇڭىدا بىر ـ بىرىگە يانداش يەتتە گۈزەل ئارال بار، يەتتە ئارالدا دېڭىز بويىغا جايلاشقان ئون توققۇز كەنت بار. بوۋاي كېتىش ئالدىدا تۇرغان بۇ كەنت ئۇ ھازىرغىچە ئارىلاپ بولغان ئون ئالتىنچى كەنت ئىدى.

بوۋاي ئېرىشكەن بارلىق بېشارەتلەردىن مەلۇمكى، ئۇ بالا يەتتە ئارالنىڭ ئەتراپىدىكى قانداقتۇر بىر يەردە ئىدى. شۇڭا، بوۋاي بىرنەچچە ئاينىڭ ئالدىدا يەتتە ئارالغا قاراپ تۇرغان بۇ كەنتلەرگە كىرگەن، كەنتلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىك كوچىلىرىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، سانسىزلىغان بالىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان، ئۇلاردىن ئوخشاش بىر سوئالنى سورىغان.

بوۋاي ھەربىر كەنتتىن ئۆتكەندە ئوخشاش بىر ئىشنى قىلاتتى. بوۋاي ئالدى بىلەن يۈرەك شەكىللىك ھەر خىل سىنئەينەكلەر قادالغان ئاق كۆڭلىكىنى كىيىپ كوچىمۇكوچا ئارىلايتتى، سىنئەينەكلەر كۈن نۇرىدا يالتىراپ بالىلارنىڭ دىققىتىنى تارتاتتى. ئاندىن ئۇ تىنچ بىر يەردە ئولتۇرۇپ خالتىسىدىن يەتتە تال تاشنى چىقىراتتى، ئۇلارنى ئالدىغا چىرايلىق بىر قاتار قىلىپ تىزاتتى.

ئارقىدىن ئۇ دائىم ئۇلارغا مۇنداق سوئال قوياتتى:

— ھەي، سۆيۈملۈك تاشلىرىم، مەن بۇگۈن سىلەرگە ئەۋلىيالارنىڭ ھېكايىسىنى يەنە بىر قېتىم سۆزلەپ بەرمەكچى،

ئاڭلىغۇڭلار بارمۇ؟

بوۋاي بۇ گەپنى قىلىپ بولۇپ، خۇددى ئۇلارنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاۋاتقاندەك جىممىدە تۇرۇپ كېتەتتى.

— شۇنداق ئاڭلىغۇمىز بار، قېنى، سۆزلەپ بېرىڭا.

بوۋاي بىردەمدىن كېيىن شۇنداق دەپ قويۇپ، ھېكايىسىنى باشلايتتى:

— ئەڭ قەدىرلىك تاشلىرىم، بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا، سىلەر تېخى تاشقا ئايلانمىغان ۋاقىتتا، مۇنداقچە ئېيتساق، قورۇقلۇق بىلەن دېڭىز - ئوكيانلارمۇ تېخى پەيدا بولمىغان ۋاقىتتا، بىر نۇرلۇق دۇنيا بولغانىكەن، ئۇ دۇنيادا سانسىزلىغان ئەۋلىيالار ياشايدىكەن، ئۇ يەردىكى ھەممە نەرسە مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئىگە ئىكەن. بىر كۈنى نۇرلۇق دۇنيادىكى نۇرغۇن ئەۋلىيالار بىزنىڭ دۇنيانى ئېكسكۇرسىيە قىلماقچى بوپتۇ. ئالدى بىلەن كەلگەنلىرى ساھىبجامال، ئەركىنلىك، بايلىق، ھوقۇق، ئەقىل قاتارلىقلار ئىكەن، بەخت ئەڭ ئاخىرىدا كەپتۇ. بىزنىڭ دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن ھەربىر ئەۋلىيا بەختنىڭ بىر قولىنى تۇتۇپ (چۈنكى، بەختنىڭ قوللىرى سانسىز ئىكەن)، يەر شارىنىڭ يۈزىدە كۆڭۈللۈك ساياھەت باشلاپتۇ.

لېكىن، ئۇلار ئۇزاق ئۆتمەيلا ئەزرائىل بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئەۋلىيالار يەر شارىغا كېلىشتىن ئىلگىرى، ئەزرائىلنىڭ بىزنىڭ دۇنيايىمىزدا تۇرۇۋاتقىنىغا ئۇزاق بولغانىكەن. ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئەۋلىيالار بىزنىڭ دۇنيايىمىزدا ھەممە نەرسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىپ قاپتۇ. ئۇلار ئەزرائىلدىن بەكلا قورقۇپتۇ، نۇرلۇق دۇنياغا بىر - بىرلەپ قېچىپ كېتىپتۇ. ئەمەلىيەتتە، ئەزرائىل ئۇلارنىڭ جېنىنى ھەرگىزمۇ ئالالمايدىكەن، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەۋلىيا - دە. لېكىن، ئۇلار قېچىپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئەقىلدىن مەسلىھەت سورىغانىكەن، ئەقىل ئۇلارغا ھەرھالدا ئېھتىياتچان بولۇپ، ئەزرائىلدىن يىراقراق يۈرۈش مەسلىھەتىنى بەرگەنىكەن.

بەخت بىزنىڭ دۇنيايىمىزدىن بىرىنچى بولۇپ كەتكەنىكەن، چۇنكى ئۇ ئەقىلنىڭ مەسلىھەتىنى ئەڭ باشتا ئاڭلاپتىكەن. شۇڭا، بۇ دۇنيادا بىز بىلىدىغان ھەربىر بەخت ئەمەلىيەتتە ھامان تارقىلىپ كېتىدىغان خۇش پۇراقتىن باشقا نەرسە ئەمەس، چۇنكى ئۇ بەخت بىزنىڭ دۇنيايىمىزدا ئايلىنىپ يۇرگەندە قالغان پۇراق. ئاخىرىدا ساھىبجامال، ئەركىنلىك، بايلىق قاتارلىق قالغان ئەۋلىيالارمۇ بىزنىڭ دۇنيايىمىزدىن كېتىپتۇ، بۇ يەردە قالغىنى پەقەت ئۇلارنىڭ خۇش پۇرىقى ئىكەن.

دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، ساھىبجامال، ئەقىل، بايلىق، ھوقۇق، ئەركىنلىك ۋە بەخت قاتارلىق باشقا ئەۋلىيالار بىزنىڭ دۇنيايىمىزدا قالدۇرۇپ كەتكەن ھەربىر خۇش پۇراق ئاخىر بېرىپ تارقىلىپ كېتىدىكەن.

لېكىن، قەدىرلىك تاشلىرىم، بارلىق ئەۋلىيالار ئەزرائىلدىن قورققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى ئەزرائىلنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، ئەقىلنىڭ نەسىھەتىگە كۆنمەي، بىزنىڭ دۇنيايىمىزدىن كەتكىلى ئۇنىماپتۇ.

ئەمدى ھېكايەمنى بەكرەك دىققەت قىلىپ ئاڭلاڭلار، سۆيۈملۈك تاشلىرىم، ئۇنداق بولۇشى، ھېكايەم ئەڭ قىزىقارلىق يەرگە كېلىپ قالدى. ئۇ ئەۋلىيا ھازىرغىچە مۇشۇ يەردە ئىكەن! ئۇ توختىماي دۇنيانى ئايلىنىپ يۇرىدىكەن، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقانلىكى نەرسە مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئېرىشىدىكەن. ھەممە نەرسە يوقىلىپ كېتىدىغان بۇ دۇنيادا ئاشۇ ئەۋلىيانىڭ ياردىمىگە ئېرىشسەڭلار، ھەممە نەرسىنى تۇتۇپ قالالايدىكەنسىز، چۇنكى ئۇ ئەۋلىيانىڭ قولىدا مەڭگۈلۈك ھاياتلىقنىڭ سىپىرى يېزىقلىق ئىكەن. شۇڭا، ئەگەر ئاشۇ ئەۋلىيانى تاپالىساڭلار، ئەڭ سۆيۈملۈك، ئەڭ قەدىرلىك تاشلىرىم، سىلەرنىڭ قەلبىڭلار نۇرغا بۆلۇنىدۇ، تاڭ سۇزۇلۇشتىن ئىلگىرى ئۆزۈڭلارنىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئېرىشكەنلىكىڭلارنى بايقايسىلەر.

لېكىن، سۆيۈملۈك تاشلىرىم، ئەگەر ئۇ ئەۋلىيانىڭ كىم

ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولساڭلار، ئالدى بىلەن مەن سۆزلەپ بېرىدىغان ئىككى دوستنىڭ ھېكايىسىنى، ئىككى دوستنىڭ قانداق قىلىپ بىرگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىشىڭلار كېرەك. بۇ ئىش مۇشۇ دۇنيادا يۈز بەرگەن، لېكىن بۇ دۇنياغا مەنسۇپ ئەمەس...

بوۋاي ئۇ تاشلارغا مانا مۇشۇنداق توختىماي ھېكايە سۆزلەيتتى، سۆزلىگەندىمۇ سائەت ـ سائەتلەپ سۆزلەيتتى، يېقىن ئەتراپتىكى باللار ئەتراپىغا يىغىلىپ بولغاندىلا ئاندىن توختايتتى. بۇ چاغدا بوۋاي بويىنىدىكى زەنجىرگە باغلىنۋالغان يۈرەك شەكىللىك سىنئەينەكنى ئاستا كۆنگە توغرىلاپ، ئۇنىڭ شولىسىنى باللارنىڭ يۈزىگە چۈشۈرەتتى. ئاندىن ئەتراپىدىكى ھەربىر بالىغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈۋېتىپ، ئۇلارغا ئۆزى جاۋابىغا ئېرىشەلمەي يۈرگەن سوئالنى قوياتتى:

— ئاراڭلاردا دېلفىن بىلەن پاراڭلاشقانلار بارمۇ؟

بۇ سوئال باللارنى ھەيران قالدۇراتتى. بەزى باللار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتسە، بەزى باللار بوۋايغا قىزىقسىنىپ قاراپ كېتەتتى، يەنە بەزى باللار بولسا، بوۋايدىن ھەر قىسما سوئاللارنى سورايتتى. «دېلفىن بىلەن مانا مەن پاراڭلاشقان» دەيدىغان باللاردىنمۇ بىرەرى چىقىپ قالاتتى. مۇنداق چاغدا بوۋاينىڭ يۈرەك رىتىمى بىردىنلا تېزلىشىپ، كۆزلىرى باشقىچە نۇرلىنىپ كېتەتتى. ئاندىن ئۇ دەرھال ئۇ بالىدىن ئىككىنچى سوئالنى سورايتتى:

— ئەمىسە ئېيتىپ باققىنا، ئۇ دېلفىننىڭ ئىسمى نېمە ئىكەن؟

ئەپسۇسلىنارلىقى، ئۇ بالىنىڭ جاۋابى ھامان بوۋاينى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قوياتتى، مەيۈسلەندۈرەتتى. چۈنكى، بالىنىڭ جاۋابىدىن مەلۇمكى، ئۇ يېنىدا ئېلىپ يۈرگەن بىباھا گۆھەرنى ئۇ بالىغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە بولمايتتى. بوۋاينىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس ئىدى، چارچاپ ھالىدىنمۇ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا

مەلۇم، ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا ساناقلىقلا كۈنلىرى قالدى. ئۇ كۆزى يۇمۇلۇشتىن ئىلگىرى «ئۈمىد دەستۇرى»نى كېيىنكى ساقلىغۇچىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىشى كېرەك. ئۇنداق قىلالمىسا، كىشىلەر ئۆزاقتىن بېرى زارىقىپ كۈتۈۋاتقان مەڭگۈلۈك تىنچ دەۋر مەڭگۈ كەلمەسلىكى مۇمكىن.

تۈن پەردىسى يېپىلىشقا باشلىدى، باللار بىر - بىرلەپ قايتىپ كېتىشتى. بوۋاي خېلىغىچە قىقىلىپ يۆتەلگەندىن كېيىن چوڭقۇر بىر تىنىۋېلىپ، يەتتە تال تاشنى يىغىپ خالتىسىغا سالدى، ئاندىن «ئۈمىد دەستۇرى»نى ئېلىپ خالىغان بىر بەتنى ئاچتى - دە، ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇ يولىنى داۋاملاشتۇرۇشتىن ئىلگىرى دائىم شۇنداق قىلاتتى.

بوۋاينىڭ بۇ «ئۈمىد دەستۇرى»نى ساقلاپ كېلىۋاتقىنىغا يەتمىش سەككىز يىل بولدى. ئۇ توققۇز ياشقا كىرگەن چاغ ئىدى، بىر كۈنى بوۋىسى ئۇنىڭغا قارا كۆن مۇقاۋىلىق بىر كونا كىتابنى بەردى.

— مەن مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىمەن، — دېدى بوۋىسى ئۇنىڭغا، — سەن بۇ كىتابنىڭ مەندىن كېيىنكى ساقلىغۇچىسى بولىسەن.

بوۋاي يەنە نەۋرىسىگە «ئۈمىد دەستۇرى»نى ھازىرچە بىر مەخپىي يەرگە يوشۇرۇپ قويۇشنى، ئۆزى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاندىن ئېلىپ كۆرۈشنى، كىتابنىڭ مەزمۇنىنى ھەرقانداق ئادەمگە ئاشكارىلاشقا بولمايدىغانلىقىنى تاپىلىدى. بالا بوۋىسىدىن نۇرغۇن سوئاللارنى سورىدى، لېكىن بوۋاي بىرمۇ سوئالغا جاۋاب بەرمىدى، ئۇ سورىغان سوئاللارنىڭ ھەممىسىنىڭ جاۋابى ئاشۇ كىتابنىڭ ئىچىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

خۇددى ئۆزى ئېيتقاندەك، بوۋاي بىرنەچچە كۈندىن كېيىنلا ئۆلۈپ كەتتى. بوۋاي ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بالا «ئۈمىد دەستۇرى»نى يوشۇرۇپ قويغان يەردىن ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى.

«ئۈمىد دەستۇرى»دا ئېيتىلىشىچە، بۇ كىتابنى قەدىمكى زاماندىكى بىر كىچىك بالا يازغانىكەن، ئۇ بالا پەرىشتە بىلەن دوست بولۇپ ئۆتكەنىكەن. لېكىن، كىتابتا ئاپتورنىڭ ئىسمى ۋە ئەسەر يېزىلغان ۋاقىت توغرۇلۇق ھېچقانداق مەلۇمات يوق ئىدى. «ئۈمىد دەستۇرى»نىڭ نۇرغۇن تىللاردىكى نۇسخىسى بار ئىكەن، لېكىن ھەربىر تىلنىڭ بىرلا نۇسخىسى بار ئىكەن، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىمۇ پەقەت بىرلا ئادەم بىلىدىكەن. پەقەت ئۇ كېيىنكى ساقلىغۇچىنىڭ قولىغا ئۆتكەندىلا، ئۇنى يەنە بىر ئادەم ئوقۇيالايدىكەن.

«ئۈمىد دەستۇرى»نى ساقلاۋاتقان ئادەم ئۆلۈپ كېتىشتىن ئاۋۋالقى بىر مەزگىلدە چۈش ياكى بەزى بېشارەتلەردىن «ئۈمىد دەستۇرى»نى باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ۋاقتىنى بىلىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كېيىنكى ساقلىغۇچىسىنى ئىزدەشكە باشلايدىكەن. كېيىنكى ساقلىغۇچى ئۇنىڭ تۇغقىنى ياكى ناتونۇش ئادەم بولۇشى، باي ياكى نامرات بولۇشى، ئەر ياكى ئايال بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىكەن. لېكىن، ساقلىغۇچى مەيلى كىم بولسۇن، ئۇ چوقۇم بالا بولۇشى كېرەك ئىكەن، چۈنكى «ئۈمىد دەستۇرى»نى چوقۇم بالىغا تاپشۇرۇش كېرەك ئىكەن.

«ئۈمىد دەستۇرى»دا نۇرلۇق دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيادا كۆرگەن - بىلگەنلەر سۆزلىنىدىكەن، يەنە نۇرلۇق دۇنيادىكى ئەۋلىيا - ئەنبىيالار، مەڭگۈلۈك ھاياتلىق شىفىرىنى يەشكەن ئەر - ئاياللار تونۇشتۇرۇلىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، كىتابتا يەنە «بەخت يۇلتۇزى»نىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىلگەن.

بۇ كىتابنىڭ يەتتە يېرىدە بەخت يۇلتۇزى تىلغا ئېلىنغان. كىتابتا دېيىلىشىچە، «ئۈمىد دەستۇرى»نىڭ ئاخىرقى بىرنەچچە بېتى پېچەتلىۋېتىلگەن، بۇ پېچەتنى پەقەت بۇ كىتابنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ساقلىغۇچىسىلا ئاچالايدىكەن، چۈنكى ئۇ بەخت يۇلتۇزى ئىكەن. ئۇ پېچەتلىۋېتىلگەن بەتلەرنى ئاچقاندىن كېيىن پۈتۈن دۇنيا نۇرلىنىپ، مەڭگۈلۈك تىنچ دەۋرگە كىرىدىكەن.

بۇ مەقسەتكە يېتىشتە بەخت يۇلتۇزىنىڭ مەسئۇلىيىتى ناھايىتى چوڭ بولىدىكەن، ئۇ «ئۈمىد دەستۇرى»نىڭ ئۇخشىمىغان تىللاردىكى بارلىق نۇسخىسىنى بىر يەرگە يىغىشى كېرەك ئىكەن، بىرەر نۇسخىسى كەم بولسىمۇ، كىشىلەر سانسىز يىللاردىن بېرى زارىقىپ كۈتۈۋاتقان مەڭگۈلۈك تىنچلىق مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشمايدىكەن. دۇنيانىڭ ھەرقايسى يەرلىرىدە ئېقىپ يۈرگەن «ئۈمىد دەستۇرى»نى بىر يەرگە يىغالىغاندىلا، بەخت يۇلتۇزى ئاندىن دۇنيادىكى ھەر خىل تىللارنى بىر خىل تىلغا مۇجەسسەملەپ، دۇنيادىكى بارلىق كىتابلارنى بىر كىتابقا ئىخچاملايدىكەن.

«ئۈمىد دەستۇرى»دا ھەم پۈتۈن دۇنيا، ھەم ئۇنىڭ ساقلىغۇچىسى سۆزلىنىدۇ. كائىناتتىكى بارلىق نەرسە ئىنسانلار قەلبىدە ئەكس ئېتىدۇ. سانسىزلىغان كىشىلەر ئىچىدە بەزىلەر ئۇرۇشخۇمار، بەزىلەر تىنچلىققا تەشنا، «ئۈمىد دەستۇرى»غا ئېرىشىش، ئۇنىڭ پېچەتلىنىۋېتىلگەن بەتلىرىنى ئېچىش ئارزۇسىدا يۈرگەن بەخت يۇلتۇزى بولسا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرسى.

شۇڭا دەيمىزكى، «ئۈمىد دەستۇرى»نىڭ باشقا ساقلىغۇچىلىرىمۇ بەخت يۇلتۇزىغا تايانماي تۇرۇپمۇ پېچەتلىنىۋېتىلگەن بەتلەرنى قەلبىدە ئاچالايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھەربىر ئادەم پېچەتلىنىۋېتىلگەن بەتلەرنى ئېچىش، چەكسىز نۇر ۋە تىنچلىققا ئېرىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە، چۈنكى «ئۈمىد دەستۇرى» ھەربىر ئادەمنىڭ قەلبىگە يېزىلغان.

بوۋاي «ئۈمىد دەستۇرى»غا ئېرىشكەندىن كېيىن ئاساسەن خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن بولسىمۇ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئىختىيارسىز ھالدا ئالدىراپ قېلىۋاتاتتى، چۈنكى ئۇ ھازىرغىچە ئاشۇ بالىنى — «ئۈمىد دەستۇرى»نىڭ كېيىنكى ساقلىغۇچىسىنى تاپالمايۋاتاتتى. ئۈچەي - باغرىنى سۇغۇرۇپ چىقىدىغاندەك قېقىلىپ يۆتىلىشلەر، بەدەن - بەدىنىنىڭ

پەرۋايى پەلەك، چۈنكى سىرقىراپ ئاغرىشلىرى بىلەن ئۈنىڭ ئۆزاقتا قالمايلا ئەزرائىل مېھرىبان قوللىرىنى ئۈنىڭغا مەلۇم، ئۈنىڭغا قارىتىپ سوزىدۇ. «ئۈمىد دەستۇرى»نى قولدىن چىقىرىۋەتسىلا، ئۈنىڭ باشقا ئارمىنى يوق...

بېشارەتلەر ئۈنىڭغا يول باشلاپ تۇرۇۋاتاتتى، پەرىشتىلەر ئۈنىڭغا ياردەم قىلىۋاتاتتى. ھەممىمىز بىلىمىز، خۇدا ھەممىگە قادىر، لېكىن خۇدا بەزى ئىشلارنى بەندىلىرىگە قالدۇرۇپ قويىدۇ، ئۈنىڭ بەندىلىرى بولسا ئۆزلىرىنىڭ ئۇ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. بوۋاي بالىنى تېپىش ۋەزىپىسىنى چوقۇم ئورۇنلىشى كېرەك، بولمىسا ئۇ پەرىشتە دوستلىرىنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالامدۇ.

كۈن ئولتۇرغان مەزگىل، بوۋاي يەتتە ئارالغا يەنە بىر قېتىم كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ئۈنىڭ كۆزلىرىدە ھارغىنلىق بولسىمۇ، لېكىن ھاياجان نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى. ئاندىن ئۇ قاقاس تاغ ئېتىكىگە جايلاشقان ئون يەتتىنچى كەنتكە قاراپ پۇختا قەدەم بىلەن يۈرۈپ كەتتى. ئۇ يەر ئۈنىڭ كېيىنكى بېكىتى ئىدى...

# بىرىنچى بۆلۈم

## قىران ئومۇ     بالا ئومۇ

# قىران ئومۇ

## 1

بۇ دۇنيادا ھەممە نەرسە يوقىلىدۇ. شۇڭا دەيمىزكى، ھاياتلىقنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. مېنىڭچە، مۇشۇنداق بولغاندا، ئۆلۈمنىڭ چوقۇم ئەھمىيىتى بولغان بولىدۇ. لېكىن، مەن ئىنتىلىۋاتقان بۇ ئەھمىيەتلىك پەيت زادى قاچان يېتىپ كېلىدۇ، بۇنى مەن قانداق بىلىمەن؟

— توختا، ئومۇ! ئۇنداق قىلما! سەن كۇنلەرنىڭ بىرىدە ھامان ئۆلىسەنغۇ، — مەن كۆڭلۈمدە ئەمدىلا شۇلارنى ئويلاپ تۇرۇشۇمغا، بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

— لېكىن، ئۇ كۇننىڭ چېكى يوققۇ، — دېدىم مەن.

— سەن بۇنى نەدىن بىلىسەن؟ ئادەمنىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ.

— قاماقتا ئۆتكەن كۇنلەر ئۇزاق بولىدۇ، — دېدىم مەن، — ئۇنىڭ تۆت تېمى بولمىسىمۇ ئوخشاش.

— سەن نېمىشقا ئۆزۈڭنى قاماقتا ئۆتۈۋاتقاندەك ھېس قىلىسەن؟

— ئۆزۈڭنى ئەركىن ھېس قىلالمىساڭ، بۇنىڭ قاماقتا ياتقاندىن نېمە پەرقى.

— سەن بۇ دۇنيادىن كەتسەڭ بولمايدۇ، ئومۇ، ھازىرچە بولمايدۇ.

— نېمىشقا بولمايدىكەن؟ بۇ دۇنيادىكى ھەممە نەرسە يوقىلىدۇ. شۇڭا، مەن ھازىرلا يوقالماقچى.

— ئەگەر سەن خالىساڭ، ھەممە نەرسىنى تۇتۇپ قالالايسەن.
— مېنى ئالداۋاتىسەن، — دېدىم مەن، ئۆيقۇ دورىسىغا قولۇمنى ئۇزارتتىم.

بۇ پاراڭ بۈگۈن — مەن قىرانلىقىمغا يەتكەندە بولدى. ئۇ چاغدا مېنىڭ كىچىك كېمەم — سافا ئېگىپي دېڭىزىدىكى بىر كىچىك ئارالدا ئىدى. لېكىن، ئۇلار پەقەت مېنىڭ ئىچكى دۇنيايىمدا بولغان پاراڭ، ئۇنى دېيىش مۇمكىن ئەمەس، دەپ ئولتۇرۇشنىڭمۇ ئورنى يوق.

ئەمەلىيەتتە، مەن بۇ دۇنيادىن كەتسەممۇ قانداقتۇر ئۆزگىرىشلەر بولۇپ كەتمەيدۇ. ئەتە ئەتىگەن بېلىقچى مېنىڭ كېمەمدە تىنىقتىن قالغان بىر ئادەمنىڭ ياتقانلىقىنى كۆرىدۇ، خالاس. دېڭىز سۈيىنىڭ رەڭگى بورۇنقىدەك تۇرىۋېرىدۇ، يىراقتىكى قاقاس تاغ تاقىر پېتى قېلىۋېرىدۇ. گۈل ئارالدىكى بۇ خىلۋەت قولتۇقنىڭ تىمتاسلىقى يەنىلا بۇزۇلمايدۇ. مەيلى چايكىلارنىڭ سايراشلىرى، مەيلى يەتتە ئارالنىڭ ئەتراپىغا توختىتىلغان بېلىق تۇتۇشقا ھەۋەس قىلىدىغانلارنىڭ كېمىلىرى بولسۇن، ھېچقايسىسىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ.

مۇشۇنداق ئىكەن، ئىچكى دۇنيايىمدىن كېلىۋاتقان ئاشۇ ئاۋازنى يوقاتسىملا، بۇ دۇنيادىن خاتىرجەم كېتەلەيمەن. مەن ئۇ ئاۋازنى يوقىتىۋېتەلەيمەن، چۈنكى ئۇ مېنىڭ ئىچكى دۇنيايىمدا. مەن كېمىدە، شۇڭا ئۇ ئاۋازمۇ كېمىدە بولۇشى كېرەك. لېكىن، ئۇ كېمىدە ئەمەس.

بەلكىم... بەلكىم ئۇ كېمىدە بولۇشى مۇمكىن.

مەن ئۇيقۇ دورىسىغا قولۇمنى ئۇزارتىۋاتقاندا، بىر ئىش يۈز بەردى. بىر سۇ پەرىسى تۇيۇقسىز كېمىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. راست، سۇ پەرىسى!

ئۇ بىز كىنولاردا كۆرىدىغان سۇ پەرىسى ئىدى. ئۇنىڭ بەدىنى سۇ ئاستىدا پارقىراپ تۇراتتى، كۆزلىرى يېشىل ياقۇتنىڭ

ئۆزى، دېڭىز سۈيى بىلەن رەڭ تالىشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تېرىسى بىرونزا رەڭدە، چاچلىرى قارا ھەم ئۇزۇن، چىرايلىق بوينىدا يېپىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بېلىنىڭ ئۇستى تەرىپى ئادەملەردىن قىلچە پەرقلەنمەيتتى. ئەگەر ئۇ كېمەمگە يېقىن كەلمىگەن بولسا، ئۇنى قىرغاقتىن ئۇزۇپ كەلگەن ئادەتتىكى قىز دەپ قېلىشىم تۇرغان گەپ ئىدى. راست، ئۇ ئادەتتىكى قىزلارغا ئوخشايتتى، لېكىن گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق، ئادەمنى ئۆزىگە رام قىلىۋالاتتى.

ئۇ كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى.

— توختا، ئومۇ! ئۇنداق قىلما! — دېدى ئۇ، — سەن كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ھامان ئۆلىسەنغۇ.

ئەگەر ئۇنىڭغا ئاغزىمنى ئېچىپ قاراپلا قالغان بولسام، ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىغان بولسام، ئەقىلگە مۇۋاپىق بولاتتى، لېكىن مەن ئۇنداق قىلمىدىم. يېقىندا مەن ئىچىمدىن كېلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىغان ئاۋاز ماڭا ئاڭلانغاندا، مەن ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرغان، شۇ تاپتا ئاشۇ جاۋاب يەنە تىلىمغا كەلدى:

— لېكىن، ئۇ كۆڭنىڭ چېكى يوققۇ.

— سەن بۇنى نەدىن بىلىسەن؟ — دېدى ئۇ، — ئادەمنىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ.

بىرنەچچە مىنۇتنىڭ ئالدىدا بۇ پاراڭلارنىڭ ئىچكى دۇنيايىم بىلەن بولغانلىقىغا ئىشىنەتتىم، ئەمدى بولسا بۇ پاراڭلار سۇ پەرىسى بىلەن بولۇۋاتاتتى. مەن دورىغا قولۇمنى قايتا ئۇزارتقاندا، ئۇ ئېغىز ئاچتى:

— ئۇنداق قىلما، ئومۇ! ھېلىقى كىتابنى تېگىشلىك ئىگىسىگە تاپشۇرمىغۇچە ئۆلسەڭ بولمايدۇ.

— كىتاب؟ قايسى كىتابنى دەيسەن؟

— ئۆزۈڭ ئويلاپ باققىن، — دېدى ئۇ.

— نېمىنى ئويلايمەن؟!

— ئوبدانراق ئويلاپ باققىن، — دېدى ئۇ يەنە.

— نېمىلەرنى دەۋاتىسەن؟ نېمە دېگىنىڭ بۇ؟ ئۈزۈك زادى كىم؟

— سەن كىم؟ — سۇ پەرىسى قايتۇرۇپ سورىدى.

— خۇددى ئۈزۈك ئاتاۋاتقاندەك، مەن ئۇمۇ بولىمەن. ئەمدى ئېيتىپ باققىنا، ئۈزۈك كىم...

— مەن سەندىن ئىسمىڭنى سوراۋاتمايمەن، — دېدى سۇ پەرىسى، — ئۈزۈك كىم بولىسەن، دەپ سوراۋاتىمەن.

ئۇ مېنىڭ جاۋابىمنى كۈتمەيلا سۇغا شۇڭغۇپ كۆزدىن غايىب بولدى.

بىر ھېسابتا ئۇنىڭ كەتكىنىمۇ ياخشى بولدى، ئۇنداق بولۇشى، ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلمەيتتىم.

ئۇ غايىب بولغان يەرگە قاراپ تۇرۇپ كەتتىم، خېلىدىن كېيىنلار نەزىرىمنى قايتىدىن دورىغا ئاغدۇردۇم. مەن كېمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتىم، بىردە دورا قۇتىسىغا، بىردە پايانسىز بوشلۇققا قارايتتىم. مېڭىشنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق، مەن قانداق ماڭىمەن؟ نەگە ماڭىمەن؟ نېمىشقا ماڭىمەن؟

# بالا ئومۇ

## 1

بىز كىمىنىڭ لەڭگىرىنى كۆتۈردۇق، كېمە قۇم ئارالغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بوۋام رولدا، ئاپام تاماقنىڭ تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش. مەنچۇ، بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا بىزنىڭ كېمە ــ سافانىڭ ئالدى تەرىپىدە ئات ئۇستىدىكى چەۋەندازدەك ئولتۇرىمەن. ئاستىم قاتتىق، يانپىشىمغا پېتىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، دائىم شۇ يەردە ئولتۇرۇۋالىمەن، چۈنكى ئوچۇق دېڭىزغا كىرىۋالساقلا، بوۋام سافانىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىدۇ، مەن دېڭىزدا ئوچۇق كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىمەن. مۇنداق چاغدا ئاپام ماڭا قاراپ ۋارقىرايدۇ:

ــ ئومۇ! سۇغا چۈشۈپ كەتمىگىن، بۇياققا قايتىپ كەل، بالام!

ــ مەن كىچىك بالا ئەمەس، ئاپا، ــ مېنىڭ جاۋابىم دائىم شۇنداق، ــ چۈشۈپ كەتمەيمەن.

ئاپام مېنىڭ بۇ گېپىمدىن كېيىن جىمىپ كېتىدۇ.

بىزنىڭ ئۆيدىن يەتتە ئارالنىڭ ھەممىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، بۇ ئاراللارنىڭ ئىچىدە قۇم ئارال ئەڭ يىراق. قۇم ئارال گۈل ئارالدىنمۇ يىراق، لېكىن ئۇ يەرنىڭ ساھىلى ئەڭ چىرايلىق. ئەگەر دېڭىز بۇگۇنكىدەك بولۇپ، ھاۋا ئەلپازىنى بۇزمىسىلا، سافا قۇم ئارالغا قىرىق مىنوتتىلا بارالايدۇ. لېكىن، بۇ ۋاقىت چوڭلارنىڭ قول سائىتى بويىچە ھېسابلانغان، ئەگەر مېنىڭ قول سائىتىم بويىچە ھېسابلانسا، ئۇ قىرىق سائەت دەڭلار. ئەگەر

دېڭىزدا بوران ـ چاپقۇن كۆتـۈرۈلۈپ قالسـا، ئۇ يەرگە بېرىشقا قانچىلىك ۋاقىت كېتىشىغانلىقىنى مەندىن سورىمايلا قويۇڭ. ئۇنداق بولۇشى، بوران ـ چاپقۇن بولغان كۈنلەردە بىز ئۇدۇللا ئېشەك ئارالغا بېرىۋالىمىز، بۇنىڭدا يېرىم ۋاقىتنى تېجىگىلى بولىدۇ (بىرنەرسىنى ئەسكەرتىپ ئۆتەي، «ئېشەك ئارال» دېگەن ئىسىمنى ئاڭلاپ قايمۇقۇپ قالماڭلار، مەن ئۇ ئارالنى ئالا قويماي دېگۈدەك ئايلىنىپ چىقتىم، لېكىن بىرەر ئېشەكمۇ ئۇچراتمىدىم.)

ئېشەك ئارال زادى قانداقكەن، دەپ سوراپ قالساڭلار، مەن بۇنىڭغا ئېنىق بىرنېمە دېيەلمەيمەن... ئىشقىلىپ، مەن ئۇ يەرگە ئامراق، ئۇنداق بولۇشى، ئۇ يەردە چايكىلار بەك كۆپ، گۈل ئارالغا ئوخشاش جىمجىت. قۇم ئارالنىڭ سۈيىنىڭ ئاستى قۇم، ئېشەك ئارالنىڭ سۈيىنىڭ ئاستى تاش، تاشلارنىڭ ئۈستىنى دېڭىز يۇسۇنى، دېڭىز كىرپىسى قاپلاپ كەتكەن. شۇڭا، ئېشەك ئارالغا بارسام، سۇنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە شۇڭغۇشنى ياخشى كۆرىمەن.

راستىنى دېسەم، مەن سۇنىڭ چوڭقۇر يېرىگە شۇڭغۇشنى ياخشى كۆرىمەن. ياخشى يېرى، بۇ ئەتراپتا ئاكۇلا يوق، بولمىسا ئاپام مېنىڭ سۇغا شۇڭغۇشۇمغا يول قويىدۇ دەمسىز. بۇ يەردە ئاكۇلا بولغان تەقدىردىمۇ، مەن قورقۇپ قالمايمەن. مەن ئاكۇلانىڭ دېلفىندىن قورقىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان. گەپنىڭ راستىنى دېسەم، بىزنىڭ بۇ يەردە دېلفىنمۇ يوق... لېكىن، ئەگەر بۇ يەرگە ئاكۇلا كەلسە، ئۇ چاغدا دېلفىنمۇ ئەگىشىپ كېلىدۇ، چۈنكى دېلفىن ھەرگىزمۇ بالىسىنى خەتەرگە تۇتۇپ بەرمەيدۇ.

بىز قۇم ئارالغا ئاخىر يېتىپ كەلدۇق، كېمىنى قىرغاقتىكى بىر تىنچ يەرگە توختاتتۇق. ئاپام بىلەن بوۋام سافادا قالدى، مەن سۇغا ئۈزۈمنى ئاتتىم. مەن ئۈزۈپ قىرغاققا چىقتىم. ساھىلدا مەندىن باشقا ئادەم يوق ئىدى. بۇ پادىشاھ بولۇش ئويۇنى

ئويناشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى ئىدى.

پادىشاھ بولۇش ئويۇنىنىڭ قائىدىسى ناھايىتى ئاددىي، ئىككىلا قائىدىسى بار، بىرسى، سىز ئۆزىڭىزنى ئەڭ قالتىس قىياپەتتە تۇتۇشىڭىز كېرەك؛ يەنە بىرسى، ھەممە نەرسە سىزگە مەنسۇپتەك ھالەتتە بولۇشىڭىز كېرەك.

مەن بۇ ئويۇننى ساۋاقدىشىمدىن ئۆگىنىۋالغان. بىر ساۋاقدىشىم ئۇ ئويۇننى باشقا يەردىن ئۆگىنىۋاپتىكەن، ئاندىن بىزگە ئۆگىتىپ قويدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا، پادىشاھ بولۇش ئويۇنى ماڭا مەززىسىز تۇيۇلدى، چۈنكى بۇ ئويۇننى پەقەت ئۆزىڭىز بىلەن ئۆزىڭىزلا ئويناپسىز، قانچە ئۇزاق ئوينىسىڭىز، ئۆزىڭىزنى شۇنچە غېرىب ھېس قىلىپ قالىسىز. ئەگەر ئىككى ئادەم بىللە ئويناپ قالسا، جېدەلنىڭ چوڭى شۇ چاغدا چىقىدۇ.

لېكىن، باشقا باللار ماڭا پادىشاھ بولۇش ئويۇنى ئۇنداق مۇھىم، مۇنداق قىزىقارلىق، دەپ تۇرۇۋېلىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ ئويناپدىغان بولدۇم. بىراق، بۇ ئويۇن ماڭا يەنىلا شۇنداق زېرىكىشلىك بىلىندى.

پادىشاھ بولۇش ئويۇنى ئوينىغاندا، مەن ساھىلدا كۆكرىكىمنى كېرىپ ماڭاتتىم، ئاندىن بار ئاۋازىم بىلەن ۋارقىرايتتىم:

— بۇ ئارالنىڭ ھەممىسى مېنىڭ! كۆزۈمگە ئىلىنغىنىنىڭ ھەممىسى مېنىڭ، چۈنكى مەن بۇ ئارالنىڭ پادىشاھى!

بىردەمدىن كېيىن چاكارلىرىم (ئاپام بىلەن بوۋام) ئېسىل نازۇنېمەتلەر (ساندۇۋاچ)نى تەييارلاپ، مېنى خان جەمەتى كېمىسى (سافا) گە تاماققا تەكلىپ قىلىدۇ. خالىسام كېمەمگە ئۈزۈپ بېرىۋېرىمەن. مېنىڭ توپچى كېمىلىرىم (ئارالدىكى باشقا كېمىلەر) ئەتراپىمدا ماڭا پاسىبان، دېڭىز قاراقچىلىرى ماڭا ھەرگىز يېقىنلىشالمايدۇ.

بۇ ئويۇن زېرىكىشلىك بولغانىنىڭ ئۈستىگە، ئادەمنى خۇماردىن چىقارمايدۇ، چۈنكى ئۇنى ئۇزاق ئوينىغىلى بولمايدۇ. ئاپام: «ئومۇ، قايتىپ كەل! ساندۇۋاچ تەييار بولدى، قوزام!» دەپ

ۋارقىرىغاندا، ياكى بىرەر چوڭ يەلكەنلىك كېمە بىزنىڭ ئالتە مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سافايىمىزنىڭ يېنىدا توختىغاندا، ياكى بولمىسا ماڭا تازا ياقمايدىغان ئاۋاق باللار باشقا كېمىلەردىن چۈشكەندە، ئويۇننى دەرھال يىغىشتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى.

پادىشاھ بولۇش ئويۇنى ئويناۋاتقاندا ئەگەر ساھىلدا سىزدىن چوڭراق باللار پەيدا بولۇپ قالسا، ئىشىڭىز بۇزۇلۇشى مۇمكىن. ئۇ باللار سىزگە يېقىنلاشقان ھامان سىزنىڭ غايىلىرىڭىز شۇ ھامان بەربات بولىدۇ. شۇڭا، چوڭ باللار بولسىلا، مەن ھەرگىزمۇ پادىشاھ بولۇش ئويۇنى ئوينىمايمەن. باشتا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، بۇ ئويۇننى ئويناش بەك تەس، لېكىن مېنىڭ ئويناش ئۇسۇلۇم تازا توغرا ئەمەسمىكىن دەيمەن. بەلكىم يېشىم سەل چوڭايغاندا ئۇ ئويۇندىن ئاندىن ھۇزۇر ئالالارمەن.

مېنىڭ ئارالدا ئوينايدىغان يەنە بىر ئويۇنۇم قۇم قەلئە ياساش ئىدى. لېكىن، مىڭبىر جاپادا ياسىغان قۇم قەلئەنى كېيىنكى قېتىم كەلگەندە تاپقىلى بولمايتتى، ئۇ ئىز - دېرەكسىز يوقالغان بولاتتى، مېنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقىم نۆلگە تەڭ بولاتتى، بۇنىڭدىن مەن ئۆزۈمنىڭ ساختا پادىشاھ ئىكەنلىكىمنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلاتتىم. ئەگەر بۇ ئارال راستىلا مېنىڭ بولسا، مېنىڭ قەلئەيىمگە چېقىلىشقا كىممۇ جۈرئەت قىلالايتتى؟

ئەمەلىيەتتە، ئۆتۈپ كەتكەن ئويۇن ۋاقىتلىرىدا مەن قۇم قەلئە ياسىمىدىم، پادىشاھ بولۇش ئويۇنىمۇ ئوينىمىدىم، باشقا بىر ئىشنى قىلدىم. مەن رەسسام، لېكىن مېنىڭ سىزغان رەسىملىرىمنى ھېچكىم چۈشەنمەيدۇ. مەن پەرىشتىدىن باشقا نەرسە سىزمايمەن، لېكىن مەن پەرىشتىلىرىمگە ئەزەلدىن قانات چىقارمايمەن، قارىماققا كىچىك بالىغىلا ئوخشايدۇ. شۇنداق بولغاچقا، مېنىڭ سىزغىنىم كىچىك بالا ئەمەس، پەرىشتە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

مەن پەرىشتىنى بالىغا ئوخشىتىپ سىزاتتىم، ئۇنداق بولۇشى، ئۇلار ماڭا ئوخشىسا، مەن ئۇلار بىلەن دوست

بولالايتتىم. مەن سىزغان پەرىشتە كۆنلەرنىڭ بىرىدە مەن بىلەن دوست بولۇشنى خالاپ قالسا، رەسىمنىڭ ئىچىدىن چىقىپ مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرۇشى مۇمكىن. بىز بىللە ئولتۇرۇپ پاراڭلىششىمىز، بۆلجۈرگەن تەملىك ماروژنى يېيىشىمىز، تېخى سۇغا چۆمۈلۈشىمىز مۇمكىن... كېيىن مۇنداق خىياللاردىن ئۆزۈمنى تارتتىم، چۈنكى باشقىلار مېنىڭ خىياللىرىمنى ئەخمىقانە، رەسىملىرىمنى خاتا دەپ قارايتتى.

مېنىڭ رەسىمىمنى بىرىنچى قېتىم خاتا سىزىپ قويۇپتۇ، دېگەن ئادەم مېنىڭ مۇئەللىمىم. بىر كۈنى مەن كۆك ئاسمان ۋە ساھىلدا ئاتلىغۇچ ئويناۋاتقان بىرنەچچە پەرىشتىنىڭ رەسىمىنى سىزغانىدىم. مۇئەللىمىم مېنى ساۋاقداشلىرىنى سىزىپتۇ، دەپ ئويلاپ قاپتۇ، مەندىن رەسىمدىكى باللارنىڭ ئىسمىنى سوراپ تۇرۇۋالدى.

— ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەرىشتە، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — باللار ئەمەس.

— پەرىشتە دېگەننىڭ قانىتى بولمامدۇ، — دېدى ئۇ، ئاندىن رەسىمدىكى باللارنىڭ يېنىغا قاناتلىق بىر پەتەكنى سىزىپ قويدى.

مەن رەسىمنى باشقىلارغا كۆرسىتىپ باقتىم، ئۇلارنى كۆرۈپ چۈشىنەر، دېگەن ئۈمىدتە ئىدىم. ئۇلار چۈشەنمىسىمۇ، ئەڭ بولمىغاندا رەسىمىمنى خاتا سىزىلىپتۇ دېمەس، دەپ ئويلىدىم. لېكىن، ئۇلاردىن ئاڭلىغىنىم مەسخىرە بولدى:

— بۇ قايسى ئېقىلمىنىڭ پەرىشتىسى ۋوي!

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار مېنى كۆرسىلا قوللىرىنى غەلىتە ئوينىتىپ قويىدىغان بولدى، مېنى ساق بىر ھەپتە مەسخىرە قىلىپ يۈردى. مەن ئۇلارغا چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتىم:

— مېنىڭ پەرىشتىنى باللارغا ئوخشىتىپ سىزىشتىكى مەقسىتىم پۇرسەت بولسا ئۇلار بىلەن دوست بولۇش ئىدى.

مېنىڭ چۈشەندۈرۈشۈمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ

مەسخىرىسى تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەرىشتىنىڭ گېپىنى چىقارمايدىغانلا بولدۇم.

ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدىم ئائىلەمدىكىلەردە قالغانىدى. ئۇلار مېنىڭ رەسىمىمنى كۆرۈپ مەسخىرە قىلىدىغان ئىشنى قىلمىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ باھاسىدىن چۈشەنگىنىم، ئۇلارمۇ مېنى خاتا سىزىپ قويۇپتۇ، دەپ قارىغانىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۆزۈمگە شۇنداق دېدىم: «ھەممە ئادەم شۇنداق قاراۋاتقانىكەن، ئۇلار چوقۇم مەن بىلمەيدىغان بەزى ئىشلارنى بىلىدىكەن.» چۈنكى، باشقىلار مەن بىلمەيدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىدىغۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىمۇ بەلكىم توغرىدۇ. ئاخىرىدا مەن ئۇنداق خاتا رەسىمنى سىزىشتىن توختىدىم، مېنىڭ رەسىمىمنى ئۆزگەرتىپ، پەرىشتىگە قانات سىزىشنى خالىمايتتىم. پەرىشتە بىلەن دوست بولالمىسام، ئۇلارنى سىزىمەن دەپ نېمىگە ئاۋارە بولاتتىم. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ دۇنيادا قانىتى بار پەرىشتىنى سىزىدىغانلار سامانىدەكقۇ.

بالىخانىغا قويۇپ قويغان خاتا سىزىلغان بىرمۇنچە رەسىم، ئىز ـ دېرىكى يوق سانسىز قۇم قەلئەلەر، مەن ئويناپ زېرىككەن مەززىسىز ئويۇنلار... مۇشۇ بارلىق نەرسىلەرگە ھەۋىسىم قالمىغاندىن كېيىن، شۇنداق خىيالغا كېلىپ قالدىم، ئالدىنقى ھەپتە ئۈچراپ قالغان قوللىرى قىپقىزىل موماي ماڭا ئېيتقان ئىش بەلكىم مېنىڭ تۇرمۇشۇمنى ئۆزگەرتەر. مەن ھەتتا شۇنداقمۇ ئويلىدىم، ئۇنىڭ گەپلىرى پۈتۈن دۇنيانى ئۆزگەرتىۋېتىشىمۇ مۇمكىن.

مەن خاتا ئويلاپتىمەن.

# قىران ئومۇ

## 2

سۇ پەرىسى !

تۇنۇگۈن كەچتە گۈل ئارالدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەن كۆرگەن ھېلىقى ئادەمنى پۈتۈن كېچە ئويلاپ چىقتىم، ئاندىن يەنە بىر كۈن ئويلىدىم. ئۇ بىر خىيالىي تۇيغۇمىدۇ؟ ياكى ئۇ باشقىلار دەپ يۈرگەن روھمىدۇ؟ ھازىر سۇ پەرىسى دېگەننىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەسقۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ ساماۋى چۆچەكلەرگە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالغىنىمغا ئۇزاق يىللار بولۇپ قالغانىدى. ئۇنداق بولسا، مېنىڭ كۆزۈمگە كۆرۈنگىنى زادى نېمە؟

ھەر قېتىم بارلىق مەسىلىلەرنى بىراقلا ھەل قىلىۋېتىش نىيىتىگە كەلگىنىمدە، يەنە بىر تاغار يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كېلەتتىم. مېنىڭ بۈگۈنگىچە ياشاپ كېلىشىمگە ئاشۇ يېڭى مەسىلىلەر سەۋەبچى بولغان. مېنى خاتا چۈشىنىپ قالماڭلار، مەن نىيىتىمدىن يانغىنىم يوق، لېكىن قانچىلىك قەتئىي ئىرادىگە كەلگەن بىلەنمۇ، ئادەم ئۇنداق ئىشقا يولۇققاندا بىر قۇتا ئۇيقۇ دورىسىنى بىراقلا ئىچىۋېتەلمەيدىكەن.

مەن ئاڭلىغان ئاۋاز ۋە كۆزۈمگە كۆرۈنگەن غايىبانە نەرسە زادى ئىچكى دۇنيايىمدىن كەلگەنمۇ ياكى سىرتقى دۇنيادىن كەلگەنمۇ، مەن پەقەت مۇشۇنىلا بىلمەكچى. مەن بۇ خىيالىمنى كاللامدىن چىقىرىۋېتەلمەيمەن. شۇڭا، مەن قاش قارىيىشتىن ئىلگىرى — بىر كۈن ئىچىدىكى ئەڭ ئازابلىق ۋاقىتتىن

ئىلگىرى گۈل ئارالدىكى قولتۇققا بېرىپ يەنە بىر قېتىم كۆزىتىپ كەلمەكچى بولدۇم.

ياز پەسلىدىكى قاش قارىيىشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىت مەن ئىلگىرى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ۋاقىت ئىدى. ئۇنداق ۋاقىتتا بىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا سۇغا چۆمۈلۈۋاتقان كىشىلەر ئاستا قىرغاققا قاراپ ئۈزۈشكە باشلايتتى، دېڭىز شامىلى مۇلايىملىشىپ، سۇ يۈزىدە كۈمۈش نۇرلار چاقنايتتى.

مەن ۋە ئاتا - ئانام شۇ ۋاقىتتىكى مەنزىرىنى ئەڭ ياخشى كۆرەتتۇق. بىز ھۆكۈمەتنىڭ ئىشىدىن بوشىنالماي شەھەردىن قايتىپ كېلەلمىگەن دادامغا تېلېفون قىلاتتۇق، ئۆزىمىزنىڭ ناھايىتى كۆڭۈللۈك ياشاۋاتقانلىقىمىزنى ئېيتىپ، ئىچىنى تازا قىزىتاتتۇق. ياز كۈنلىرى دادام بىزگە ئانچە ئاشمايتتى، ناگان - ناگاندا شەنبە - يەكشەنبىلەردىلا بىللە بولۇپ قالاتتۇق.

بۇلتۇر يازدا، مۇشۇنداق قىممەتلىك بىر ھەپتە ئاخىرىدا مەن ئاتا - ئانامدىن ئايرىلىپ قالدىم. قاش قارىيىشتىن ئىلگىرى، سائەت ئالتىلەر بولغاندا، ئۇلار دوستلىرى بىلەن تاماق يېيىش ئۈچۈن يېقىن ئەتراپتىكى بىر ئارامگاھقا بارماقچى بولدى. جانغا تاقالغان ئاشۇ ۋەقە سائەت ئالتە يېرىملاردا يۈز بېرىپتۇ.

ئۇ كۈنى كەچتە ئۇلار مېنىمۇ بىللە ئېلىپ بارماقچى بولغان، لېكىن مەن ئۇنىمىدىم، مېنىڭ بېلىق تۇتقىلى بارغۇم بار ئىدى. ئاتا - ئانامنىڭ جەسىتىنى تونۇشقا بارغان ئاشۇ كەچتىن تارتىپ مەن ھەر كۈنى ئۆزۈمگە ئوخشاش بىر سوئالنى قويىدىغان بولۇپ قالغانىدىم: ئەگەر ئاتا - ئانام بىلەن بىللە بارغان بولسام، قانداق بولار بولغىيدى؟ ئەگەر ئۇلار ئىككىسى ئەمەس، ئۈچىمىز بىللە ماڭغان بولساق، ئىشلار باشقىچە بولار بولغىيمىدى؟ قائىدىگە خىلاپ ھالدا ياندىماقچى بولغان ئاشۇ يۈك ماشىنىسىدىن ماشىنىمىزنى چاققانلىق بىلەن قاچۇرۇپ، سوقۇلۇپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالالار بولغىيدىمىمۇ؟ مەيلى قەيەرگە بارايلى، بىز بىللە

چىقساقلا ماشىنىنى مەن ھەيدەيتتىم. ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا، ئاشۇ پاجىئە يۈز بەرمەس بولغىيمىدى؟

بۇ سوئاللار مېنى نەچچە ئاي قىيىنىدى، لېكىن ئۇنىڭ جاۋابىغا ئېرىشكۈم يوق ئىدى، ئۆزۈمنى تەقدىرنىڭ يازمىشىغا ئىشىنىشكە زورلايتتىم. ئاتا ـ ئانامنىڭ ھادىسىگە ئۇچرىشى خۇدانىڭ ئىرادىسى، ئاشۇ قارغىش تەگكۈر تاماقتا بېرىش ـ بارماسلىقىمنىڭ بۇنىڭ بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق.

مەن مۇشۇنداق ئويلىسام، مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئۆزۈمگە تەسەللى بەرسەم بولار. تەقدىرنىڭ يازمىشىدىن ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ھەربىر ئادەمنىڭ رىزقى ئۈزۈلىدىغان كۈن بولىدۇ، مەن ئۇلار بىلەن بىللە كەتمىگىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئەيىبلىسەم بولمايدۇ، چۈنكى مەن ئۇ ۋەقەنى ئالدىن بىلىشكە ئامالسىز، دەپ قارىسام بولىدۇ. لېكىن، ھازىر، ھازىر ئۇ ئىشنى ئويلىمايدىغان بولدۇم، ئويلاپمۇ بىر يەرگە ئاپارغاندىم.

يالغۇز بۇ ئىشلا ئەمەس، تۇرمۇشۇمنى، تۇرمۇشىنىڭ مەنىسىنىمۇ (بەلكىم مەنىسىزلىكىنى دېيىشىم كېرەكتۇ) ئويلاپ بىر يەرگە ئاپارغاندىم. ئادەملەر بۇ جاھاندىن ئۆمىدى پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەندە ئاندىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ، شۇنداققۇ؟ لېكىن، مېنىڭ ئەھۋالىم ئۇنىڭغا ياتمايدۇ. ياشىشىمنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمىغاچقىلا، مەن شۇنداق قىلماقچى.

شۇنىڭ ئۈچۈن دەيمەن، مېنىڭ ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولغىنىم بىردەملىك ھېسسىياتتىن بولغان ئەمەس، مېنىڭ كاللام جايىدا، چوڭقۇر ئويلاندىم، بۇ ئەقىل بىلەن ئۆلۈۋېلىشقا كىرىدۇ.

بەزىدە دۇنيادىكى گۈزەل نەرسىلەرگە كۆز سېلىپمۇ قالىمەن، ئۇلار ماڭا مەڭگۈلۈك بولۇپ تۇيۇلىدۇ، لېكىن بۇ خىل تۇيغۇ بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئاشۇ گۈزەل نەرسىلەر مېنىڭ سەزگۈلىرىمنى قالايمىقانلاشتۇرغاندەك بولۇپ، ھەممە نەرسە يوقىلىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق، دېگەن

نەرسىنى بىر دەملىككە كاللامدىن چىقىرىۋېتىدۇ.

لېكىن، ئويلاپ باقسام، ئاخىرىغا بېرىپ كاللام يەنىلا سەگەكلىشىدۇ، ئۇنداق خىيالىي تۇيغۇنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلىمەن.

# بالا ئومۇ

## 2

ئاشۇ كۈنى قاش قارىيىشتىن ئىلگىرى، مەن سىرتتا زېرىكىشلىك پادىشاھ بولۇش ئويۇنى ئويناۋاتقاندا، قوللىرى قىپقىزىل ئاشۇ موماينى تۇنجى قېتىم ھەم ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆردۇم. ئۇ ئاممۇۋى ئاپتوبۇس بېكىتىنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭغا دىققەت قىلماسلىقىممۇ مۇمكىن ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ قىپقىزىل ئىككى قولىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى، چۆچۈپ كەتتىم. قىپقىزىل ھەم نەم! قانمىدۇ؟ ئۇ موماي بىر بولسا يارىلانغان، بىر بولسا ئادەم ئۆلتۈرگەن!

موماي ماڭا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرغاچقا يۈزىنى كۆرەلمىدىم. مەن يۈرىكىمنى قاپتەك قىلىپ، يارىلانغان ياكى ئادەم ئۆلتۈرگەن موماي تەرەپكە ماڭدىم. موماي بېشىنى كۆتۈرۈپ، ماڭا ئەنسىزرەك قارىدى. ئۇ مېنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتەرمۇ؟

ئارقىدىن موماي يوتىسىغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، يوتىسىدا قىپقىزىل ئانار بار ئىدى. تەلىيىم بار ئىكەن، مەن قۇتۇلۇپ قالدىم.

— بىر ئانار، پەقەت بىرلا! — دېدى موماي.

— كەچۈرۈڭ، مەن سىزنى...

— بىر ئانار، پەقەت بىرلا!

— ھە، مەن كۆردۈم، بىرلا ئانار بار ئىكەن. كەچۈرۈڭ، خانىم، مېنىڭ يېگۈم يوق، قورسىقىم ئاچ ئەمەس.

مـوماي گىپـىمنى چـۈشەنمـىـدى، دېگەندەك كـۆلدى. ئانـدىن مەندىن سورىدى:
— بازاردا بىر، ئۇيدە مىڭ، ئۇ نېمە؟
مەن بۇ تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى بىلەتتىـم. لېكـىـن، موماينى ئۈمـىـدسىزلـەنـدۈرۈپ قويغـۇم كـەلمـىـدى، ئـىشەنـچـسـىـز بـىـر تەلەپپۇزدا جاۋاب بەردىم:
— ئانارمۇ؟
ماماي يەنە كۈلدى:
— توغرا. قېنى يېنـىـمغا كېلـىـپ ئولـتـۇرۇڭ، ئانارنـى بىللە يەيلى.
راسـت گەپنى قـىلـمـىـسام بولـمـايدۇ، بىرنـەچچـىـگـە بۆلۈنگـەن شىرنىلىك ئانارنى كۆرگەندىلا ئاغزىمغا سېـرىقسۇ كـەلگەنـىدى. مەن مـومايىنـىڭ يېنـىـغا بېرىـپ ئولتـۇردۇم، ئـىككـىـمىز ئـانار يېيىشكە باشلىدۇق.
خېلىغىچە جىمىمدە ئولتۇرۇپ كەتتۇق. مەن ھەيران، مومـاي يا مېنىڭ ئىسمىمنى، يا تۇرىدىغان يېرىـمنى سورىـمىدى، ئاتـا ـ ئاناڭ كىم، نەچچىنچى سىنىـپتا ئوقـۇۋاتىسەن، قـايسى دەرسنـى ياخشى كۆرىسەن، دېگەنـدەك سوئاللارنـى ياكى ناتـونۇش ئادەملـەر ئادەتتە سورايدىغان تېتىقسىز سوئاللارنىمۇ سورىمىدى. لېكـىـن، بىرپەستىن كېيىن تولىمۇ غەلىتە بىر سوئالنى سوراپ قالدى:
— سىـز ئـالدىنـقى قېتـىـم پەرىشـتـىڭـىـز بـىـلـەن قـاچـان پاراڭلاشقان؟
— مېـنىـڭ پەرىـشتەم؟ پەرىـشتەم بـىـلـەن پاراڭـلـىشـىـش؟ بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى ئەمدى؟
مەن جـاۋاب بېرىشـكە ئۈلگـۈرمەيلا، ئۇ سـوئالـنـى يەنە بـىـر قېتىم تەكرارلىدى. بىزنىڭ پارىڭىمىز مانا مۇشۇنداق باشلانـدى. دەسلەپتە مەن بۇ قېتىمقى پاراڭ پۈتۈن دۇنيانى ئۆرگـەرتىدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن.
— مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ پەرىشتەم بولامدۇ؟ — سورىدىم مەن.

— ھەربىر ئادەمنىڭ پەرىشتىسى بولىدۇ.
— شۇنداقمۇ؟ ئۇ قەيەردە؟
— سىز قەيەردە بولسىڭىز، ئۇمۇ شۇ يەردە بولىدۇ.
— لېكىن، مەن ھازىر مۇشۇ يەردە، نېمىشقا ئۇنى كۆرەلمەيمەن؟
— چۈنكى، ئۇ سىزنىڭ قەلبىڭىزدە، — دېدى بىر قولىنى كۆكرىكىمگە قويۇپ.
— مېنىڭ قەلبىمدە؟ ئۇ مېنىڭ قەلبىمدە نېمە ئىش قىلىدۇ؟
— ئۇ سىز بىلەن دوست بولماقچى.
— راستمۇ؟ ! ئۇ مەن بىلەن دوست بولماقچىمۇ؟ ! مەن بۇرۇندىنلا پەرىشتە بىلەن دوست بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدىم، لېكىن... لېكىن، كېيىن بەزى ئىشلار يۈز بېرىپ قالدى...
— قانداق ئىش؟
— ھې ... ھەربىر ئادەم... ھەربىر ئادەم... بولىدىلا، ئۇ ئىشلارنى تەرگىمەيلى... ئەمىسە ئېيتىڭا، قېنى ئېيتىپ بېرىڭا، مەن قانداق قىلسام پەرىشتەم بىلەن دوست بولالايمەن؟
— ئۇنى چاقىرسىڭىزلا، ئۇ كېلىدۇ.
— راستمۇ؟
— راست.
مەن موماينىڭ كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ يەنە سورىدىم:
— راست دەۋاتامسىز؟
ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى:
— بۇ ئىشنى باشقىلارغا ئېيتسىڭىز بولمايدۇ جۇمۇ. بۇ ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى مەخپىيەتلىك.
مەن باشقىلارغا ھەرگىز تىنمايمەن! پەرىشتىنىڭ ئىشىنى باشقىلارغا دېگىلى بولمايدىغانلىقىنى بۇرۇنلا بىلەتتىم.
موماي ئورنىدىن تۇردى، ماروژنى سېتىپ يۈرگەن ئادەمدىن

بۆلجۇرگەن تەملىك ماروژنىدىن ئىككىنى ئالدى، بىرسىنى ماڭا
ئۇزارتىپ:

— بىر بۆلجۇرگەن، پەقەت بىرلا ! — دېدى.

مېنىڭ كاللامدا نۇرغۇن سوئاللار تۇغۇلدى، لېكىن موماي ھەر قېتىم بىرەر خىل مېۋىنى تىلىغا ئالغاندا نېمە ئۈچۈن «پەقەت بىرلا» دېگەن گەپنى قىلىدىغانلىقىنى سورىمىدىم، مېنىڭ بۆلجۇرگەن تەملىك ماروژنىغا ھەممىدىن بەك ئامراقلىقىمنى قانداق بىلىۋالغانلىقىنىمۇ سورىمىدىم.

بىز ماروژنى يېيىشكە باشلىدۇق. لېكىن، ئەس - يادىم ماروژنىدا ئەمەس، پۈتۈن خىيالىم پەرىشتىدە ئىدى. مېنىڭ پەرىشتەم مەن بىلەن دوست بولماقچى، مېنىڭ پەرىشتەم !

لېكىن، مەن قانداق قىلسام ئۇنى چاقىرىپ چىقالايمەن؟ ئۇنىڭ بىلەن قانداق پاراڭلىشىمەن؟ مومايمۇ ئۆزىنىڭ پەرىشتىسى بىلەن دوستمىدۇ؟ كاللامنى مۇشۇنداق سوئاللار چۇلغىۋالغانىدى، لېكىن قايسىسىنى ئاۋۋال سوراشنى بىلمەيتتىم. دەل شۇ چاغدا موماي لىككىدە ئورنىدىن تۇردى. رەھىمسىز بىر ئاپتوبۇس بىزنىڭ ئالدىمىزدا توختىغانىدى.

موماي ماڭا بۇرالدى:

— بىللە ئولتۇرۇپ بۆلجۇرگەن تەملىك ماروژنى يېيىش كۆڭۈللۈكمىكەن؟

— كۆڭۈللۈك بولماي، لېكىن...

— پەرىشتىڭىز بىلەن بىللە بولۇڭ، دوستۇم. مەن ماڭاي.

— توختاپ تۇرۇڭ ! نەگە بارىسىز؟

— مەن بۇ يەردە تۇرمايمەن، — دېدى موماي كۈلۈپ تۇرۇپ، ئاندىن ماشىنىغا چىقىپ كەتتى.

# قىران ئومۇ

## 3

مەن كېمىنىڭ سۇرئىتىنى ئاستىلىتىپ، گۇل ئارالىنىڭ شامالدىن دالدا يېرىگە بۇرىدىم. قارىسام دېڭىز قولتۇقىدا ھېچقانداق كېمە يوق، بۇ ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئىدى. مېنىڭ ئويلىشىمدا، يېقىن ئەتراپتا ئادەم بولسا، سۇ پەرىسى ئۆزىنى كۆرسەتمەسلىكى مۇمكىن ئىدى.

لەڭگەرنى تاشلىغاندىن كېيىن يېرىم سائەت ساقلىدىم. سۇ پەرىسى كۆرۈنمىدى. كېمىنىڭ چوققىسىغا چىقىپ ئەتراپقا نەزەر تاشلىدىم. ئۆمرۈمدە چايكىنىڭ ئاۋازىغا تۇنجى قېتىم ئۆچ بولۇشۇم بولسا كېرەك، چۈنكى ئۇلار مۇشۇنداقلا سايراۋەرسە سۇ پەرىسى سۇ يۈزىگە چىققان چاغدىكى ئاۋازنى ئاڭلىماي قېلىشىم مۇمكىن ئىدى.

ۋاقىت مىنوت ـ سېكۇنتلاپ ئۆتمەكتە، سۇ پەرىسىنىڭ گېپىنى قىلماي تۇرايلى، مەن سۇ يۈزىگە چىققان بىرەر تال بېلىقنىمۇ كۆرمىدىم. تۇنۇگۈن كۆرگەن سۇ پەرىسىنىڭ پەقەت خىيالىي تۇيغۇم ئىكەنلىكىگە بارغانسېرى ئىشىنىشكە باشلىدىم. مەن بۇنىڭغا تولۇق ئىشىنىش تەرىپىگە ئۆتكەندە، ھېلىقى ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى:

— بىر دېڭىز، پەقەت بىرلا !

— سىز قەيەردە؟ !

— بىر دېڭىز، پەقەت بىرلا ! بۇياققا كېلىڭ، بىز بىللە سۇ

ئۇزەيلى. ئاندىن كۆڭلىڭىز تارتىپ قالسا، بولجۇرگەن تەملىك ماروژنى يېسەكمۇ بولىدۇ.

— سىز زادى قەيەردە؟ — مەن ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ ۋارقىرىدىم، — كىم بولىسىز؟ سىز نېمە قىلماقچى؟

— مەن سىز بىلەن دوست بولماقچى.

مەن ئارقامغا بۇرىلىپ دېڭىز يۈزىنى ئىنچىكە كۆزەتتىم، يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇپ كېتىۋاتاتتى. دېڭىزدا شامال بار، لېكىن باش - كۆزۈمدىن تەر قۇيۇلۇپ تۇرىدۇ. مەن ئۇنى كۆرەلمىدىم، ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىم. ئاخىر تىزلاندىم.

نېمە ئۈچۈن؟ نېمە ئۈچۈن ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا سەۋدايى بولۇپ قالىمەن؟ ماڭا نېمە بولدى؟ سەۋدايى بولۇپ قالغىنىمنى ئەقىل - ئىدراكىم ئەسكەرتىپ تۇرسىمۇ، تۇيغۇم روھىي كېسەللەرنىڭكىگە ئوخشمايتتى (ئېتىراپ قىلمىسام بولمايدۇ، پسىخولوگىيە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىمغا ئۇزاق يىللار بولغان بولسىمۇ، روھىي كېسەللەرنىڭ ئىچكى تۇيغۇسىنى ھازىرغىچە بىلمەيتتىم. لېكىن، ئىشىنىمەنكى، ئۇلارنىڭ تۇيغۇسى مېنىڭكىدەك نورمال بولمايدۇ.)

مەن كېمىنىڭ ئۈستىدىن قايتىپ چۈشتۈم، دورا قۇتىسىنى ئېلىپ، دورىنىڭ ھەممىسىنى ئالىقىنىمغا تۆكتۈم. ئاندىن تۇڭلاتقۇدىن بىر بوتۇلكا سۇ ئېلىپ دورىدىن ئىككى تالنى ئىچىۋەتتىم، يەنە بىرنەچچە تالنى ئاغزىمغا ئاتاي دەپ تۇرۇشۇمغا، ھېلىقى ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى:

— مەن بۇ يەردە.

مەن ئورنۇمدىن سەكرەپ تۇرۇپ ئەتراپىمغا قارىدىم... لېكىن، يەنىلا ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىم.

— بۇ يەردە، — دېدى ئۇ.

— بۇ يەر دېگىنىڭىز قەيەر؟ ! — مەن ۋارقىرىدىم.

— سۇنىڭ ئاستىدا.

بىرپەس جىمجىتلىقتىن كېيىن ئۇ خۇددى دېلفىندەك سۇ

يۈزىگە ئېتىلىپ چىقتى. ئۇنىڭ قارامتۇل يېشىل بەدىنى خۇددى كۆك قەرىگە ئېتىلغان نۇردەك پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ يەنە سۇغا چۆكۈپ كەتتى.

ئۇ ماڭا يېقىنلا يەردە پەيدا بولغانىدى، قارىماققا راستتەك قىلاتتى. ئۆزۈمگە يەنە سوئال قويىماي تۇرالمىدىم، بۇ خىيالىي تۇيغۇمىدۇ؟ مېنىڭ شۇ نەرسىنى بىلگۈم بار: پسىخولوگىيە تارىخىدا بىمار ئۆلۈۋېلىش ئالدىدا سۇ پەرىسىگە ئۇچرىغان ئەھۋال بولغان بولغىيمىدى؟

مەن ئۇنىڭ يەنە پەيدا بولۇشىنى كۈتۈپ كەچ قىلىۋەتتىم. ئۇ قايتا كۆرۈنمىدى. قايتىشقا مەجبۇر بولدۇم. سۈبھى بىلەن تەڭ ئارالغا قايتىپ كەلدىم.

# بالا ئۇمۇ

## 3

قىرغاققا چىققاندىن كېيىن باشقا ھېچقانداق ئىش قىلمىدىم، قۇم ئارالنىڭ ساھىلىدا ئۇياق - بۇياققا ئون ئۈچ قېتىم ماڭدىم. بۇ ئارىلىقتا ئاپام سافاغا قايتىپ بېرىپ ساندۇۋاچ يېپىشكە ئىككى قېتىم چاقىردى، مەن قايتىپ بارمىدىم. كاللامنى نۇرغۇنلىغان يېشىلمەيدىغان تۇگۇنلەر چىرمىۋالغانىدى. يۈز بەرگەن ئىشقا قاراپ باقمامسىز، شۇ ئازراق ئانار يېگەن بولدۇم، مېنىڭ دۇنيايىم بىردىنلا پۈتۈنلەي قالايمىقانلىشىپ كەتتى.

قوللىرى قىپقىزىل ئاشۇ موماي نېمىشقا نېمىشقا ئىشىنىمەن؟ نېمىشقا؟ قەلبىمدە پەرىشتە بارلىقىغا، مەن چاقىرسام يېنىمغا كېلىدىغانلىقىغا قانداقمۇ ئىشىنىپ يۈرىمەن؟ كاللام نېمىدېگەن ئىشلىمەيدۇ مېنىڭ! ئۇ «ھەربىر ئادەمنىڭ پەرىشتىسى بولىدۇ» دېگەندىلا، ئەگەر ھەربىر ئادەمنىڭ پەرىشتىسى بولسا، ئۇلارنىڭ گەپ قىلغىنىنى نېمىشقا ھەر كۈنى ئاڭلىيالمايمىز، دېگەننى ئويلىشىم كېرەك ئىدى. ئەگەر شۇنداق بولسا، دۇنيادا ھەممە ئادەم پەقەت ئۆزىنىڭ پەرىشتىسى بىلەنلا پاراڭلاشقان بولاتتى، كوچىلاردا خۇددى ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەۋاتقاندەك كېتىۋاتقان ئادەملەرنى، ئۆزىنىڭ پەرىشتە بىلەن پاراڭلاشقانلىقىنى ئەل - ئاغىنىلىرىگە سۆزلەپ بېرىشكە ئالدىراپ كېتىۋاتقان ئادەملەرنى كۆرگەن بولاتتۇق.

قوللىرى قىپقىزىل ئۇ موماي قارىماققا ئالدامچىغا ئوخشىمايدۇ، ئۇ ماڭا چاقچاق قىلغان بولسا كېرەك. لېكىن، بۇ

قانداق چاقچاق بولۇپ كەتتى؟ ھەقىقىي دوست تېپىشنىڭ غېمىدە يۈرگەن، بولۇپمۇ پەرىشتە بىلەن دوست بولۇشنىڭ غېمىدە يۈرگەن بىر بالا ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ قاملاشمىغان بىر چاقچاققۇ !

قوللىرى قىپقىزىل ئۇ موماي ئۆزىنىڭ چاقچىقىنىڭ ماڭا قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى بىلەمدىغاندۇ؟

قوللىرى قىپقىزىل ئۇ موماي مېنى بىرمۇنچە سوئاللار قاينىمىغا تاشلاپ قويۇپ ئاپتوبۇسقا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەن باشتا ئورنۇمدىن تۇرالمىدىم، كېيىن ساھىلغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، خۇددى توپ كىرگۈزگەن پۇتبول چولپىنىدەك ئايلىنىپ يۈگۈرۈشكە باشلىدىم، ئاخىرىدا خۇدۇمنى يوقىتىپ، كىيىم - كېچىكىم بىلەنلا دېڭىزغا سەكرىدىم، موماي بۇنى بىلەمدىغاندۇ؟ قىرغاققا قايتىپ چىققاندىن كېيىن مەن كىيىملىرىم چىلىق - چىلىق ھۆل، پىرىستاندا ئولتۇرۇپ پەرىشتەمنى چاقىردىم، لېكىن ئۇ ئالدىمغا چىقمىدى، موماي بۇنى بىلەمدىغاندۇ؟ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، كىيىملىرىمنى ھۆل قىلىۋەتكەچكە بىرمۇنچە تىل ئاڭلىدىم، ئاخىرىدا پىرىستاندىن سۇغا چۈشۈپ كەتتىم، دەپ يالغان ئېيتىشقا مەجبۇر بولدۇم، موماي بۇنى بىلەمدىغاندۇ؟ ئاندىن مەن كىيىملىرىمنى ئالماشتۇرۇپ، قاقاس تاغقا يۈگۈرۈپ چىقىپ، پەرىشتەمنى يەنە چاقىردىم، موماي بۇنى بىلەمدىغاندۇ؟ مەن بىر سائەتتىن ئارتۇق يىغلىنىپ - يالۋۇرۇپ ئىلتىجا قىلدىم، مېنىڭ پەرىشتەمنىڭ يەنىلا ئۆزىنى كۆرسەتكۈسى كەلمىدى، موماي بۇنى بىلەمدىغاندۇ؟ كېيىن مەن پەرىشتەمنى ھەممە يەردىن — ئۆگزىدىن، گۈلزارلىقتىكى ئەتىرگۈللەر ئارىسىدىن، پەلەمپەي ئاستىدىكى كىچىك قاراڭغۇ ئۆيدىن، مومامنىڭ قارىغاي ياغىچىدىن ياسالغان ساندۇقىنىڭ ئىچىدىن، شۇنىڭغا ئوخشايدىغان نەچچە يۈز يەردىن چاقىرىپ باقتىم، مېنىڭ پەرىشتەمنىڭ يەنىلا ئۆزىنى كۆرسەتكۈسى كەلمىدى، موماي بۇنى بىلەمدىغاندۇ؟ تۈنۈگۈنكى كۈنگىچە مەن يەنىلا ھەر

كۈنى ئەتىگەندە، چۈشتە، چۈشتىن كېيىن، كەچتە، يېرىم كېچىلەردە پەرىشتەمنى چاقىرىپ باقتىم، لېكىن مېنىڭ پەرىشتەم ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈياقتا تۇرسۇن، ماڭا ئازراق بېشارەت بېرىپمۇ قويمىدى، موماي بۇنى بىلەمدىغاندۇ؟ ھەتتا بۇگۈن، مۇشۇ ساھىلدىمۇ مەن پەرىشتەمنى ئويلاپلا يۈردۈم، موماي بۇنى بىلەمدىغاندۇ؟

ئەڭ موھىمى، پەرىشتەمنىڭ مېنى قىلچە سۆيمەيدىغانلىقىنى قوللىرى قىپقىزىل ئاشۇ موماي بىلەمدىغاندۇ؟

# قىران ئومۇ

## 4

بۈگۈن كېچە مەن يەنە بەدىنىمنىڭ تۇيۇقسىز تارتىشىشىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. مۇنداق تارتىشىش بىر ئاينىڭ ئالدىدا تۇنجى قېتىم بولغانىدى، شۇڭا بۇنىڭ سۇ پەرىسى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. بۇ سەۋدايىلىقتا قاراپ ماڭغانلىقىمنىمۇ ئىسپاتلاپ بېرەلمەيتتى.

بەدىنىم تارتىشىپ قالىدىغان چاغدا، باشتا تېنىم شۈركۈنىدۇ، ئارقىدىن پۈتۈن بەدىنىمگە تىترەك ئولىشىدۇ... يۈزۈم سېزىمىنى يوقاتقاندەك بولىدۇ. مەن سېزىمىمنى يوقىتىپ قويمايمەن، تارتىشىشنىڭ ئازابىنى ھەر سېكۇنت سېزىپ تۇرىمەن. تارتىشىش بىرەر مىنۇتتا قويۇپ بېرىدۇ.

مۇنداق تارتىشىدىغان ئىش جېنىمغا خېلى پاتقاچقا، يېقىندا بىر دوختۇر ئاغىنەمنى ئىزدەپ بېرىپ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم. ئۇ تىنچلاندۇرۇش دورىسى ئىچىپ بېقىشىمنى ئېيتتى، لېكىن نېرۋا كېسەللەر دوختۇرىغا كۆرۈنۈپ بېقىشىم كېرەك ئىكەن، چوڭ مېڭەمدە ئېغىر مەسىلە بار بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىكەن.

بەدىنىم تارتىشقاندىن باشقا، بەزىدە بېشىم ئاغرىيدىغان، بېشىم سەل قايىدىغان ئىشمۇ بار ئىدى. مەن دوختۇرخانىغا بارمىدىم، ئاغىنەمنىڭ ئالدىنقى تەكلىپى بويىچە ھەر كۈنى كەچتە ئۇخلاشتىن ئىلگىرى تىنچلاندۇرۇش دورىسى ئىچىپ باقتىم. لېكىن، ئۇنىڭ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى. بەدىنىمنىڭ

تارتىشىشى خۇددى توغرىلاپ قويغان قوڭغۇراقلىق سائەتتەك، ھەر ئۈچ - تۆت كۈندە بىر قېتىم كېچىدە مېنى ئويغىتاتتى.

لېكىن، بۇ چوڭ ئىش ئەمەس. ئۇ مېنى نېمە قىلالايتتى؟ بۇ ئالامەتلەر يامان سۈپەتلىك ئۆسمە ياكى جانغا تاقىلىدىغان باشقا بىرەر كېسەلنىڭ ئىپادىسى بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولغان بىر ئادەم ئۇلارغا پىسەنت قىلىپ كەتمەيتتى.

# بالا ئومۇ

## 4

قۇم ئارالدىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا، ئىمكان بار پەرىشتەم بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىشلارنى ئويلاشقا تىرىشتىم. مەن رول تۇتۇپ كېتىۋاتقان بوۋام بىلەن پاراڭلاشتىم، ئۇنىڭدىن بۇ ئەتراپتا قانچە خىل بېلىق بار، دېگەندەك سوئاللارنى سورىدىم؛ موتورنىڭ قايىقنى ئىچىپ، سىلىندىرنىڭ سېكۇنتىغا قانچە قېتىم پىرقىرايدىغانلىقىنى ھېسابلاپ باقماقچى بولدۇم؛ كېمىنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئۇخلاۋاتقان ئاپامنى تۇرتۇپ ئويغىتىپ: «ئاپا، ئەمدى ئۇخلايدىغان ۋاقتىڭىز بولدى» دېدىم.

ئاندىن مەن كېمە بېشىدىكى كونا ئورنۇمغا بېرىپ ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ ئولتۇردۇم. كېمە كېتىۋاتقاندا ئارالنىڭ شەكلىدە يۈز بېرىدىغان ئۆزگىرىشلەرگە قارىدىم؛ ئالدى تەرەپتىكى قارىغايلىرى بۈككىدە كىچىك تاغقا قارىدىم؛ دېلفىن يوق دېڭىزغا قارىدىم...

لېكىن، بۇمۇ خىيالىمنى چالغىتالمىدى. مېڭەمدە ئىككى ئاۋازنىڭ سۆھبىتى توختىمايتتى، ئۇلارنىڭ زوۋۇانىنى بېسىشقا ئامالسىز ئىدىم.

— مەن پەرىشتەمنى ئۇنتۇپ كەتسەم بولغۇدەك.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ ئۇنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ كېتەلەيسەن؟

— شۇنداق دېمەي ئامالىم يوق، چۈنكى ئۇ سۆيمەيدىكەن.

— ئۇ پەيدا بولۇشى مۇمكىن.

— مەن ئۇنى نۇرغۇن قېتىم چاقىرىپ باقتىم، لېكىن ئۇ

كۆرۈنۈشنى خالىمىدى.
— ئۇ ئۆزىنى كۆرسىتىپ قىلىشى مۇمكىن.
— كۆرسەتمەيدۇ! ئۇنى سانسىز قېتىم چاقىرسامۇ، ئېرىشىدىغىنىم يەنىلا ئۈمىدسىزلىك بولىدۇ.
— ئۇ بۇ قېتىم پەيدا بولۇپ قىلىشى مۇمكىن.
— بەلكىم پەرىشتە دېگەن نەرسە ئەسلا مەۋجۇت ئەمەستۇ.
— نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن؟
— ھەممە يەرگە دىققەت قىلىپ باقتىم، بىرەر پەرىشتىنىمۇ كۆرۈپ باقمىدىم. پەرىشتە دېگىنى ئۇلار ئويدۇرۇپ چىقارغان نەرسە ئوخشايدۇ.
— پەرىشتەڭ سېنىڭ قەلبىڭدە بولۇشى كېرەك.
— ھەي، ئەخمەق بولمىغىنا. ئەگەر شۇنداق بولسا مەن بىلمەي قالاتتىممۇ؟
— ئۇ راستلا سېنىڭ قەلبىڭدە، لېكىن ئۇنى نېمىشقا سېزەلمەيدىغانلىقىڭنى بىلەلمىدىم. ئۇ پەيدا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. راست دەۋاتىمەن، سەن ئۇنى يەنە بىر قېتىم چاقىرىپ باق. ئۇ كەلمىگەن تەقدىردىمۇ، يەنە بىر قېتىم چاقىرىپ باققىنىڭغا نېمەڭ كېتەتتى. سەن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇ سېنىڭ ئاۋازىڭنى ئاڭلايدۇ. سەن ئۇنىڭغا: «مېنىڭ سېنى كۆرگۈم بار ئىدى، لېكىن سەن كۆرۈنمىدىڭ، مەن بۇنىڭدىن تولىمۇ ئازابلىنىۋاتىمەن. قارا، پەرىشتەم، ئەھۋال مانا مۇشۇنداق. مەن ھەتتا سېنى مېنى سۆيمەيدىكەن، دەپ ئويلاپ قېلىۋاتىمەن. شۇڭا، سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنىڭ خاتا ئويلاپ قالغانلىقىمنى ئۆزۈڭ ئىسپاتلاپ بەرگەن بولساڭ» دېسەڭ بولىدۇ.
— ئەگەر پەرىشتە مېنى سۆيمىسە، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ نېمە قىلىمەن؟
— ئۇ كېلىدۇ.
— كەلمەيدۇ!

— ئۇ بۇ قېتىم كېلىپ قېلىشى مۇمكىن.
— بەلكىم پەرىشتە دېگەن نەرسە ئەسلا مەۋجۇت ئەمەستۇ.

بولدى ! بولدى ! بولدى ! مەن مۇنداق كېتىۋەرسەم بولمايدۇ ! مۇنداق قىلالمايمەن. دەرھال بىر قارارغا كەلمىسەم بولمايدۇ. ھازىرنىڭ ئۆزىدە !

— ماقۇل، — دېدىم مەن ئۆزۈمگە، — پەرىشتەمنى ئاخىرقى قېتىم بىر چاقىرىپ باقاي. بۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىمقىسى بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇ يەنە كەلمىسە، بۇ ئىشنى كاللامدىن مەڭگۈلۈك چىقىرىۋېتىمەن. راست، مەڭگۈلۈك ! پەرىشتەمنى قانچە سېغىنساممۇ، ئۇنى ھەرگىز چاقىرمايمەن. گەپنىڭ راستىنى قىلغاندا، ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىشىم، ئۇزۇل - كېسىل ئۇنتۇپ كېتىشىم كېرەك.

شۇڭا، بوۋام بىلەن ئاپام دىققەت قىلمىغان چاغدا، مەن سافانىڭ بۆلۈمچىسىنىڭ ئۇستىگە چىقىپ باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، كۆزلىرىمنى يۇمدۇم.
— پەرىشتەم، — دېدىم مەن پەس ئاۋازدا، — پەرىشتەم، بىلىمەن، سەن مېنىڭ گەپلىرىمنى ئاڭلىيالايسەن...

# قىران ئۇمۇ

## 5

شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ كۈندە مەن ھەر كۈنى گۈل ئارالغا باردىم، لېكىن سۇ پەرىسىنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرەلمىدىم. سۇ پەرىسىنى ئۈچرىتالمىغىنىم ماڭا بىر نەرسىنى يەنە بىر قېتىم تونۇتتى: تۈرمۈشتا سۇ پەرىسىنى ئىزدەش ھەتتا مەنىسىز ياشاشتىنمۇ ئوسال ئىش ئىكەن.

ئۇنداق بولۇشى، سۇ پەرىسىنى تېپىش نىيىتىگە كەلگىنىڭ قورۇغىنىڭ شۇ ئىكەن، ئەڭ رەھىمسىز دۈشمەن يۈرىكىڭگە كىرىۋالغان بولىدىكەن، سېنى توختىماي ئازابلايدىكەن. ئۇ دۈشمەنىنىڭ ئىسمى ئۈمىد، ئۇ ھەرقانداق دۈشمەندىن قورقۇنچلۇق بولىدىكەن.

سەن زۇلمەت ئىچىدە قالغاندا، «ئۈمىد» ئىسىملىك بۇ دۈشمەن چاقىرمىساڭمۇ ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولىدىكەن. ئاشۇ زۇلمەت ئىچىدە سېنىڭ قەلبىڭدە تۈيۇقسىز بىر خىيال ياكى تۇيغۇ ئويغىنىدىكەن، سەن يورۇقلۇقنىڭ سىرتتىكى قانداقتۇر بىر يەردە سېنى ساقلاپ تۇرغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىدىكەنسەن. ئاشۇ يەرگە ئۇلىشىۋالسىلا ھەممە نەرسە كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ كېتىدۇ، بەختىمۇ ماڭا مەنسۇپ بولىدۇ، دەپ قارايدىكەنسەن. شۇنىڭ بىلەن، سەن ھەرىكەتكە كېلىدىكەنسەن، ماڭىدىكەنسەن، ماڭىدىكەنسەن، لېكىن زۇلمەت ئىچىدىن چىقىپ كېتەلمەيدىكەنسەن. سەن ئىلگىرىلەيدىكەنسەن، ئىلگىرىلەيدىكەنسەن، لېكىن ھەممە نەرسە ئۆز پېتى — ساڭا

ھەمراھ بولىدىغىنى يەنىلا زۇلمەت بولىدىكەن.
تۇرمۇش لىڭگىر تاقتاقتا ئوخشايدىكەن، بىر بېشىدا ئۈمىد، يەنە بىر بېشىدا ئۈمىدسىزلىك ئولتۇرغان بولىدىكەن. ئۈمىد ئەگ يۇقىرى چەككە كۆتۈرۈلگەندە، ئۇ ئوخشاش سۈرئەتتە ئۈمىدسىزلىكنى يۇقىرىغا ئىتتەرگەن بولىدىكەن. لېكىن، سەن قانچە تېز يۇقىرى كۆتۈرۈلسەڭ، شۇنچە تېز پەسكە چۈشىدىكەنسەن. ئۈمىد، ئۈمىدسىزلىك، ئۈمىد، ئۈمىدسىزلىك، ئۈمىد، ئۈمىدسىزلىك — ئويۇن مۇشۇنداق ئۈزۈكسىز ئالمىشىپ تۇرىدىكەن. لېكىن، ئويۇن جەريانىدا يەرگە جاقىلداپ تېگىپ تۇرىدىغىنى سېنىڭ ساغرالڭ بولىدىكەن!
ئۇلار لىڭگىر تاقتاق ئويناشنى يەنىلا ياخشى كۆرەر، لېكىن مېنىڭ ئەمدى ئوينىغۇم يوق.

ئۆيدىن چىقىپ گۈل ئارالغا ماڭىدىغان چاغدا (بۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىمقىسى بولۇپ قالاتتى)، سافانىڭ باكىدا تۈزۈك ماي قالمىغانلىقى بىردىنلا ئېسىمگە كەلدى. ئارقا ھويلىغا ئۆتۈپ زاپاس بېنزىن باكىنى ئالدىم، خۇداغا شۈكۈر، باكتا ماڭا يەتكۈدەك بېنزىن بار ئىكەن.
كوچىغا قارايدىغان دەرۋازىنى ئېچىش ئالدىدا كەينىمگە بۇرۇلۇپ ئۆيىمىزگە ئاخىرقى قېتىم قارىدىم. سۆگەت يوپۇرماقلىرىنىڭ شۇۋىرلاشلىرىنى ئاخىرقى قېتىم ئاڭلىۋېلىشىم، گۈلزارلىقتىكى خۇش پۇراقلارنى ئاخىرقى قېتىم قېنىپ پۇرىۋېلىشىم كېرەك ئىدى.
دەل شۇ چاغدا قۇلىقىمغا بىر ناتونۇش ئاۋاز ئاڭلاندى:
— پاھ، ئۇ نېمىدېگەن چىرايلىق!
مەن بېشىمنى بۇراپ، تېرىسى زەيتۇن رەڭ بىر ئاۋاق بالىنى كۆردۈم. ئۇ كۆزىدە كۆزئەينەك، گۈلزارلىقنىڭ چۆرىسىدىكى تۆمۈر رېشاتكىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ گۈلزارلىققا قاراپ تۇراتتى.

— ئۇ بەك چىرايلىق ئىكەن! — دېدى بالا يەنە، — شۇنداقمۇ، ئەپەندى؟

مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغان قىياپەتكە كىرىۋالدىم.

— ئۇنى چوقۇم پەرىشتە تەرگەن، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا ئۆزىگە ئۆزى، ئاندىن ماڭا بۇرالدى، — ماڭا ... — دېدى ئۇ، — ھى ... ماڭا بىرنەرسىنى بېرەرسىزمۇ، ئەپەندى؟

— ساڭا نېمە كېرەك، — دېدىم سەل تېرىكىپ.

ئۇ تۇيۇقسىزلا دەرۋازىنى ئېچىپ يېنىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى، كىچىك قولىنى سوزۇپ گۈلزارلىقنىڭ ئوتتۇرىسىنى كۆرسەتتى:

— مەن ئاۋۇنى ئالاي دېگەن.

گۈلزارلىقتا بىرلا تۈپ ئاق ئەتىرگۈل بار ئىدى، ئۇ شۇنى كۆرسىتىۋاتاتتى.

— سەن ئەتىرگۈلنى ئالماقچىمۇ؟

— ھەئە. ئۇنى چوقۇم پەرىشتە تەرگەن.

— ئۇنداق ئەمەس، ئۇنى مەن تەرگەن.

— ئۇنداق بولسا سىز پەرىشتە.

— ياق، مەن پەرىشتە ئەمەس.

— ئەگەر راست بولسا، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ئەگەر ئۇنى راستلا سىز تەرگەن بولسىڭىز، ئۇنداقتا سىز راستلا پەرىشتە. مەن بىلىمەن، مەن بىلىمەن، ئۇنداق بولۇشى، مەن ئۇنى كۆرگەن.

— سەن نېمىنى كۆردۈڭ؟

— بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا مەن ئۇنى چۈشۈمدە كۆرگەن. چۈشۈمدە مەن دوستلىرىم بىلەن شارىك ئويناۋاتقۇدەكمەن، بىر چاغدا يۈزۈمگە كۈمۈش زەنجىر تېگىپتۇ، كىمنىڭ قىلغان ئىشىدۇ، دەپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، زەنجىر بار، ئادەم كۆرۈنمىگۇدەك، زەنجىرنىڭ يەنە بىر ئۇچى بۇلۇتلار ئىچىدە تۇرغۇدەك...

— ھە، ياخشى چۈش كۆرۈپسەن. مەن ماڭاي.

— توختاپ تۆرۈك، چۈشۈمنى سۆزلەپ بولاي دەپ قالدىم. قەيەرگە كەلگەنىدىم؟ ھە، توغرا، مەن زەنجىرنى تۈتۈشۈمغا، زەنجىر مېنى تارتىپ ئاسمانغا ئېلىپ مېڭىپتۇ، مەن ئاسمانغا چىقىپ كېتىۋېتىپ: «زەنجىر ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ، مەن چۈشۈپ كېتىمەن» دەپ ۋارقىراپتىمەن. لېكىن، زەنجىر مېنى كۆتۈرۈپ بۇلۇتلار ئۈستىگە ئاچىقىپ، جۇلالىنىپ تۇرىدىغان، نۇر بىلەن تولغان بىر ماكانغا ئاپىرىپتۇ. ئۇ يەردە يالىلداپ تۇرغان يېشىل تاشتىن ياسالغان بىر تەخت بار ئىكەن. مەن تەختتە ئەمدىلا ئولتۇرۇشۇمغا، ئاق كۆڭلەكلىك بىر پەرىشتە پەيدا بوپتۇ. لېكىن، ئۇ بىز بىلىدىغان پەرىشتىلەرگە ئوخشىمايدىكەن، قانىتى يوق ئىكەن. مەن ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرەلمىدىم، چۈنكى نۇرغا بۆلىنىپ تۇرىدىكەن. ئۇ بىر كۈمۈش پەتنۇسنى ئالدىمغا ئەكەپتۇ...

— ماڭا قارا، مەن ماڭمىسام بولمايدۇ، — دېدىم مەن، — بولمىسا، چۈشۈڭنى ماڭا باشقا بىر كۈنى سۆزلەپ بېرەرسەن.

— توختاپ تۇرۇڭ، — دېدى ئۇ، — ئۆتۈنۈپ قالاي، مانا ھازىرلا سۆزلەپ بولىمەن. ئۇ پەتنۇسنىڭ ئۈستىدە قارا كۆن مۇقاۋىلىق بىر كونا كىتاب بار ئىكەن، كىتابنىڭ ئىچىدە خۇددى سىزنىڭ گۈلزارلىقىڭىزدىكىدەك بىر تال ئاق ئەتىرگۈل قىستۇرۇقلۇق ئىكەن. «بۇ كىتابنى ئېلىڭ، سىز ئۇنىڭ كېيىنكى ساقلىغۇچىسى» دەپتۇ پەرىشتە. مەن پەرىشتىنىڭ گېپىنى تازا چۈشىنىپ كەتمىگەن بولساممۇ، يەنىلا كىتابقا قول ئۇزارتىپتىمەن، لېكىن قولۇم كىتابتىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ، مەن خېلى ئېيتىشىپمۇ كىتابنى قولۇمغا ئالالماپتىمەن. ئاخىرىدا پەرىشتە پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ بىردىنلا پەيدا بولۇپ قالغان گۈلزارلىققا كىرىپ كېتىپتۇ، ئۇ گۈلزارلىق سىزنىڭ گۈلزارلىقىڭىزغا شۇنداق ئوخشايدۇ. پەرىشتە ئۇ ئەتىرگۈلنى كىتابنىڭ ئارىسىدىن ئېلىپ گۈلزارلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىكىپتۇ، ئۇ سىزنىڭ ئەتىرگۈلىڭىزگە شۇنداق ئوخشايدۇ. دەل

شۇ چاغدا مەن ئويغىنىپ كەتتىم.

شۇ چۈشنى كۆرۈپ ئىككى كۈندىن كېيىن مەن سىزنىڭ ئۆيىڭىزنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بۇ ئەتىرگۈلنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنى كۆرۈپلا مېھرىم چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، دەرۋازىنى قاقتىم، لېكىن سىز ئۆيدە يوق ئىكەنسىز. بۈگۈن سىز ئۆيدە بار ئىكەنسىز، مەن، بەلكىم... سىز... سىز ماقۇل بولارسىزمۇ، ئەپەندى؟ سىز ئەتىرگۈلىڭىزنى ماڭا بېرەرسىزمۇ؟

مەن ئەتىرگۈلنى ئۇنىڭغا بەرسەم بولارمۇ؟ هى... بەرسەم بولىدۇ. ئەتىرگۈلنى ئۇنىڭغا بەرسەم ئەلۋەتتە بولىدۇ. نېمىشقا بولمايدىكەن؟ ئەتىرگۈلنى بۇ بالىغا بەرسەم، ئۇنى خۇشال قىلالايمەن، بۇ هازىرلا قولۇمدىن كېلىدىغان ئىشقۇ. لېكىن، مەن مۇشۇنداق قىلسام بولامدۇ؟ مەن شۇنداق قىلىشىم كېرەكمۇ؟ مەن مۇنداق رەھىمسىز ئىشنى قىلىشقا لايىقمۇ؟

مەن بۇ بالىنىڭ يوغان كۆزلىرىدىن ئۆزۈمگە تونۇش نۇرنى كۆردۈم. مەن ئاشۇ رەھىمسىز دۈشمەن — ئۈمىدنى كۆردۈم. بالا ئۆزىنىڭ مېھرى چۈشۈپ قالغان ئەتىرگۈلگە ئېرىشىش ئارزۇسىدا. ئۇنىڭ يۈرىكى «دۈك – دۈك» سوقۇۋاتىدۇ، مەن ئەتىرگۈلنى ئۇنىڭغا ئۇزارتقان پەيتتە ئۇنىڭ يۈرىكى قانات چىقىرىپ ئۇچىدۇ. ئاندىن ئۇ يېنىمدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىپ، ئەتىرگۈلنى هېچكىم كۆرمەيدىغان بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن. ئۇ شۇنىڭدىن تارتىپ ئەتىرگۈلنىڭ يېنىدىن بىر قەدەممۇ نېرى كەتمەس...

ئۇ ئاشۇ چۈشنى هەر ۋاقىت ئېسىدىن چىقارمايدۇ. بۇلۇتلار ئۈستىدىكى نۇرغا چۈمۈلگەن ماكان، پەرىشتە، كىتاب... ئۇزاققا قالماي، ئۇ ئۆزى ئۇچۇن بىر مەخپىي دۇنيا — هېچقانداق ئادەم ئۇقمايدىغان دۇنيانى قۇرۇپ چىقىدۇ. ئۇ هەر قېتىم رېئال دۇنيادىن ئۈمىدسىزلەنگەندە ياكى ئازار يېگەندە ئۆزىنىڭ ئاشۇ خىيالىي دۇنياسىغا سۇڭغۇنۇۋالىدۇ.

لېكىن، يىللار ئۆز يولى بىلەن ئۆتۈپ، ئۇمۇ چوڭ بولىدۇ،

ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆزىنىڭ دۇنياسىنىڭ خۇددى چۆچەكلەردىكىدەك خىيالىي دۇنيا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇ قېرىپ بىر يەرگە بارغان، چۆچەكلەرگە، ئۆزى ياراتقان دۇنياغىمۇ ئىشەنمەيدىغان ھالەتكە بارغان بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئاخىرىدا گۇل ئارالدىكى كىچىك قولتۇقتا بېرىش نىيىتىگە كېلىشى مۇمكىن.
چوڭلارنىڭ يەڭگىلتەكلىكى بۇ بالىنى ئەنە شۇنداق قىسمەتلەرگە دۇچار قىلىشى مۇمكىن. ئەگەر بالىنىڭ مېھرى چۈشۈپ قالغان ئەتىرگۈلنى ئويلانمايلا ئۇنىڭغا بەرسەم، ئۇنىڭ خىيالىي دۇنيا قۇرۇشىغا ياردەملەشكەن بولىمەن. مەن بۇ بالىنى مۇنداق تۈيۈق يولغا باشلىسام قانداق بولىدۇ؟
— كەچۈرگىن، — دېدىم مەن بالىغا، تۈكۈرۈكۈمنى يۇتۇۋېتىپ گېپىمنى داۋاملاشتۇردۇم، — بۇ ئەتىرگۈلنى ساڭا بېرەلمەيمەن.
مەن ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتتۈم، لېكىن ئۇ گەپ قىلمايتتى، يەرگە قاراپلا تۇراتتى.
— ئىسمىڭ نېمە؟ — سورىدىم مەن.
— ئېدموند، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا.
— ماڭا قارا، ئېدموند، بىز ياخشى كۆرگەن نەرسىلەر ھامان بىر كۈنى بىزنى تاشلاپ كېتىپ بىزنى ئازابتا قويىدۇ. ئۇ ئەتىرگۈلمۇ ھامان بىر كۈنى قۇرۇپ كېتىدۇ. مۇنداق كۆڭۈلسىز ئىش مۇشۇ يەردىلا تۈگىسۇن. بىر كۈنلەر كەلگەندە سەن مەندىن رازى بولۇپ قالىسەن، چۈنكى سەن بۇ ئەتىرگۈلنىڭ ئۆلگىنىنى كۆرمەيسەن.
— لېكىن، مېنىڭ چۈشۈمگە نېمە دەيسىز؟
— ئۇ دېگەن چۈش، راست ئىش ئەمەس. ھەممە ئادەم چۈش كۆرىدۇ، ئەمما چۈشنى ئاسانلا ئۇنتۇپ كېتىمىز. سەن نېمىشقا ئۇنداق قىلالمايسەن؟
ئۇ جىممىدە تۇرۇپ كەتتى، ئاخىرىدا سورىدى:
— ئەمىسە، ئەتىرگۈلىڭىزنى بىر قۇچاقلىۋالسام بولامدۇ؟

— ھە، بولىدۇ، — دېدىم مەن كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇنى قۇچاقلىۋالساڭ بولىدۇ، بىراق تېزرەك بولارسەن.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدە مىننەتدارلىق نۇرلىرى چاقنىدى. مەن سافاغا قاراپ ماڭغاندا، ئۇ قۇچاقلىرىنى ئېچىپ ئەتىرگۈلگە قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى.

# بالا ئومۇ

## 5

پەرىشتەم:

مېنىڭ مۇنداق چاقىرىۋېرىشىمنى بەلكىم ياقتۇرمايدىغانسەن. لېكىن، ۋەدە بېرەي، ئەگەر بۇ قېتىم كۆزۈمگە يەنە كۆرۈنمىسەڭ، سېنى ئىككىنچى چاقىرىپ ئاۋارە قىلمايمەن.

شۇڭا، بۇ مېنىڭ ساڭا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم گەپ قىلىشىم بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. دەل شۇنداق بولغاچقا، مەن ساڭا ئىلگىرى پەقەتلا تىلغا ئېلىپ باقمىغان بىر ئىشنى سۆزلەپ بەرمەكچى، سېنى نېمىشقا چاقىرغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ قويماقچى.

پەرىشتەم، قوللىرى قىپقىزىل ئاشۇ موماي سېنى مېنىڭ قەلبىمدە دېگەچكە، سېنى چاقىرىۋاتىمەن. بۇ ئىش مەن ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم. نېمە ئۈچۈن دەمسەن؟ چۈنكى، ئەگەر بىرەر ئادەم سېنىڭ قەلبىڭدە بولسا، ئۇ سېنىڭ بارلىق ئوي ـ خىياللىرىڭنى بىلىپ تۇرىدۇ، دېگەن گەپ. نېمىنى ياخشى كۆرىسەن، نېمىدىن بىزار، نېمىدىن كۆڭلۈڭ خۇش بولىدۇ، نېمىدىن كۆڭلۈڭ يېرىم بولىدۇ... ئۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئالايلى، ھەتتا مەن ئاغزىمدىن چىقارماي تۇرۇپلا، ئۇ مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ھايۋاننىڭ دېلفىن ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىدۇ.

بۇ ئىش مەن ئۈچۈن بەك مۇھىم. باشقا باللار مېنىڭ مۇنداق كويدا يۈرگىنىمنى بىلمەيدۇ، ھەتتا ئاتا ـ ئانامۇ بىلمەيدۇ.

راست گەپ قىلىۋاتىمەن، مېنىڭ نېمە ئويلاۋاتقىنىمنى ئاتا ـ

ئانام بىلمەيدۇ، كۆڭلۈمدىكىنى ئۇلارغا دېگىنىم بىلەنمۇ بىكار. بۇنىڭغا بىر مىسال كەلتۈرۈپ بېرەي. ئالايلۇق، ئۇلار ماڭا ئاياغ ئېلىپ بەرمەكچى بولىدۇ... ماگىزىندا نۇرغۇن ئاياغ بار، ئۇلار ئىككى ئاياغنى تاللاپ ماڭا كىيىپ بېقىشنى ئېيتىدۇ. ئەگەر ئىككىلا ئاياغ پۇتۇمغا دەل كەلسە، ئۇلار:

— ساڭا قايسىسى ئەڭ يارىدى، ئومۇ؟ — دەپ سورايدۇ.

مەن دەرھال يېشىل ئاياغقا قارايمەن، چۈنكى مەن يېشىل رەڭنى ئەڭ ياخشى كۆرىمەن. ئەگەر يېشىل ئاياغنى كىيىپ ماڭسام، ئۆزۈمنى چوقۇم دېڭىز يۈزىدە كېتىۋاتقاندەك سېزىمەن، چۈنكى دېڭىز سۈيى يېشىل رەڭدە. ئاسمانمۇ يېشىل رەڭدە، شۇڭا يېشىل ئاياغ كىيىپ ماڭسام، ئۆزۈمنى ئاسماندا كېتىۋاتقاندەكمۇ سېزىمەن.

مەن خۇشاللىق بىلەن يېشىل ئاياغنى كۆرسىتىمەن:

— يېشىلى!

— يېشىلى؟ — سورايدۇ ئۇلار قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، خۇددى مەن خاتا گەپ قىلىپ قويغاندەك، — يېشىل ئاياغ كىر كۆتۈرمەيدۇ. يەنىلا قارىسىنى ئالغىنىمىز ياخشى.

— ئەمىسە يېشىل ئاياغنى نېمىشقا تاللىغان؟ — سورايمەن مەن.

— قارا ئاياغ كىر كۆتۈرۈشلۈك بولىدۇ، — دەيدۇ ئۇلار.

— ئەمىسە مېنىڭدىن قايسىسىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى نېمىشقا سوراپ يۈرىسىلەر؟ — سورايمەن مەن.

خۇددى مەن تولىمۇ قىيىن بىر سوئال قويغاندەك، ئۇلار ماڭا قاراپ تۇرۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، كۆڭلۈمدىكى نەق گەپنى قىلىشقا مەجبۇر بولىمەن:

— ئەگەر يېشىل ئاياغ ئالسام، ئۇنى كىيىپ يول ماڭغاندا ئۆزۈمنى دېڭىز يۈزىدە كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن.

خۇددى مەن بىر ئەخمىقانە گەپ قىلىپ قويغاندەك، ئۇلار ماڭا قاراپ كېتىدۇ. ئاندىن مال ساتقۇچىغا قاراپ:

— بۇ قارا رەڭلىك ئاياغنى ئالايلى، — دەيدۇ.

كېيىن مەن ئاسماندا ماڭىدىغان ئىشنى ئۇلارغا دېمەيدىغان بولدۇم. شۇنىڭدىن باشلاپ مەن قارا ئاياغ كىيىدىغان بالا بولۇپ قالدىم.

ئۇلار ئاياغ ماگىزىنىدىكى ئىشنى تېزلا ئۇنتۇپ كەتتى، مېنىڭ يېشىل ئايىغى يوق بالا ئىكەنلىكىمنى ئەزەلدىن خىيالىغا كەلتۈرمىدى. لېكىن، مەن ھەر قېتىم قارا ئاياغنى كىيگەندە، ئوخشاش بىر مەسىلىنى ئويلاپ قالىمەن: مېنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادەملەرمۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى بىلمەيدىكەن... ئۇلار ئاياغ مەسىلىسىدىلا مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى بىلمەمدۇ؟ ياق، مەن ئۇلار بىلەن — باشقا چوڭلار بىلەن، باشقا بالىلار بىلەن پاراڭلاشقاندىمۇ ئەھۋال ئوخشاش.

ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياخشى ئادەملەر. بۇنى ئۇلاردىن كۆرگىلى بولمايدۇ. ئۇلار مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى ئۇقمايدۇ، ئۇنداق بولۇشى، ئۇلار مېنىڭ قەلبىمدە ئەمەس.

ماڭا قارا، پەرىشتەم، دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، ئاشۇ كۈنى قوللىرى قىپقىزىل موماي سېنى مېنىڭ قەلبىمدە ئىكەنلىكىڭنى ئېيتقاندا، مەن شۇنداق خۇشال بولۇپ كەتتىم. يەنە شۇ سەۋەبتىن، مەن كېچە - كۈندۈز سېنى چاقىردىم.

ئىلگىرى بۇ ئىشلارنى ساڭا ئېيتمىغانىدىم، چۈنكى سېنى قەلبىمدە بولغاندىن كېيىن بولارنى بىلىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. لېكىن، ھازىر... ھازىر ئۆزۈمگە شۇنداق سوئال قويۇشقا مەجبۇرمەن: ئەگەر مەن سۆزلەپ بەرگەن ئىشلارنى بىلسەڭ، نېمىشقا ماڭا كۆرۈنۈشنى خالىمايسەن؟ نېمىشقا ئالدىمغا چىقىپ مەن بىلەن دوست بولمايسەن؟

سېنىڭ قەلبىمدە ئىكەنلىكىڭنى ئاڭلىغاندا، خۇددى ۋاراتاغا توپ كىرگۈزگەن پۇتبولچىدەك مەيداننى ئايلىنىپ يۈگۈرۈپ كەتكەنىدىم. چۈنكى، مەن ئۇزاقتىن بېرى ئىزدەپ يۈرگەن دوستۇمنى ئاخىر تاپتىم، دەپ ئويلىغانىدىم.

مېنىڭ قارىشىمچە، دوست دېگەن مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى چۈشىنىدىغان ئادەم ئىدى. دوستلۇق ئىككى بالىنى بىر بالىغا ئايلاندۇرالايتتى.

شۇڭا دەيمەن، مېنىڭ بىرمۇ دوستۇم يوق. مەن بىلەن ئوينايدىغان نۇرغۇن بالىلار بار، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىمەن، چاقچاقلىشىمەن، لېكىن ئۇلار بىلەن دوست بولالمايمەن. چۈنكى، مېنىڭ بىلىشىمچە، سەن ھەر دائىم قۇچاقلاشنى خالايدىغان ئادەملا ساڭا دوست ھېسابلىنىدۇ، يەنە كېلىپ ئىككى بالا قۇچاقلاشقاندا بىر بالىغا ئايلىنىدۇ.

مېنىڭ ساڭا دېمەكچى بولغانلىرىم مۇشۇلار، پەرىشتەم. گەپ قىلىش نۆۋىتى ئەمدى ساڭا كەلدى. ئەگەر مېنى دوست ھېسابلىساڭ، ئەته كۈنچىقىشتىن ئىلگىرى ماڭا گەپ قىلغىن.

ئەگەر گەپ قىلمىساڭ، ئەلۋىدا، پەرىشتەم...

# قىران ئومۇ

## 6

مەن سافانى گۈل ئارالىنىڭ قولتۇقىغا توختاتتىم، ئاندىن پالۇبىدا ئاسمانغا قاراپ ياتتىم. ئوچۇق ئاسماندا پارچە - پارچە ئاق بۇلۇتلار پەيدا بولۇپ قالاتتى...

پايانسىز ئاسمان ماڭا ئەركىنلىك تۇيغۇسى ئاتا قىلدى. كۆز ئالدىمدىكى چەكسىز بوشلۇق سىنىڭ بويسۇندۇرۇشۇڭنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ئىدى. لېكىن، سەن ئۇنى بويسۇندۇرالمايسەن، چۈنكى سىنىڭ قانىتىڭ يوق. سەن قاناتسىز تۇغۇلغان قۇشقا ئوخشايسەن. ئىچىمدە بىر نەرسە سىنى ئۇچۇشقا دەۋەت قىلىپ تۇردۇ، ساڭا ئايان، پەقەت ئۇچقاندىلا بەختكە ئېرىشكىلى بولىدۇ. لېكىن، سەن ئۇچالمايسەن... تەڭرى خۇددى سىنى ئازابلىماقچى بولغاندەك، پايانسىز ئاسماننى ياراتقان، لېكىن ساڭا قانات ئاتا قىلمىغان.

ئەتىرگۈلنى ياقتۇرۇپ قالغان بالا خىيالىمدىن ئۆتتى. مەن ئۇ بالىنىڭ ئاسمانغا قاراپ سالماسلىقىنى تىلىدىم، ئاسماننىڭ بىپايانلىقىنى كۆرسە خاتا تۇيغۇغا كېلىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ بالا چۈشىدە كۆرگەن بۇلۇتلار ئۈستىدىكى نۇرلۇق ماناننىڭ ئەسلا مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ۋاقتىدا تونۇپ يەتسە بولاتتى.

مەن چايكا، قاقاس تاغ ۋە يەتتە ئارالغا كۆز يۈگۈرتتۈم، ئاندىن بىر قۇتا تىنچلاندۇرۇش دورىسىنى ئالىقىنىمغا تۆكتۈم. چايدانغا قاراپ ماڭغىنىمدا، ئۆلۈمگە يۈزلەنگەن مەھبۇس سورىغان سوئال

كاللامدا پەيدا بولدى:

— سېنىڭ ئاخىرقى تىلىكىڭ نېمە؟

بۇ دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن مەن باشقا بارلىق ئادەملەرگە ئوخشاشلا ئۆلۈمگە بۇيرۇلۇپ بولغان، پەقەت جازا ئىجرا قىلىنىدىغان كۈنىنىلا بىلمەيمەن، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئۆلىدىغان ۋاقتىم ئاخىر يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلگىنىمدە، ئۆزۈمگە ئىختىيارسىز سوئال قويدۇم:

— ئاخىرقى تىلىكىڭ نېمە، ئۇمۇ؟

مەن كاللا قاتۇرۇپ ئويلاندىم، لېكىن كاللامغا ھېچنېمە كەلمىدى.

ھىم، مەن ئەڭ بولمىغاندا، ھېچقانداق تىلىكىم يوقلۇقىنى بىلىۋالدىم. ئالايلۇق، مەن ھەقىقىي دوست — مېنى ھەقىقىي چۈشىنىدىغان، مېنى چىن يۈرىكىدىن سۆيىدىغان دوست تېپىشنى خالىمايمەن.

مەن بەخت، ئەركىنلىك ئۆز مەنىسىنى تاپقان دۇنيادا ياشاشنى خالىمايمەن. مەن مۇھەببەت دەرياسىغا شۇڭغۇشنى خالىمايمەن، شەخسىيەتچىلىكىمدىن ۋاز كېچىشنىمۇ خالىمايمەن. مەن ئۆزۈمنى سۆيۈشنى خالىمايمەن، ئۆزۈمنى سۆيگەندەك ھەممىنى سۆيۈشنىمۇ خالىمايمەن.

ئەڭ مۇھىمى، مەن مەنىلىك ياشاشنى خالىمايمەن.

يۇقىرىقىلار مەن خالىمايدىغان نەرسىلەر، ھەممىسى شۇ. بۇ ئۆمرۈمدە ئاشۇ نەرسىلەرگە ئېرىشىش كويىدىلا يۈرگەچكە، مۇشۇنداق ھالغان چۈشۈپ قالغان بولغىيدىم؟

بۇ چاغدا تۇيۇقسىزلا قانات قاققان ئاۋاز قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. مەن بېشىمنى بۇراپ قىياغا قارىدىم، بىر ئاق قۇ قىيا تاش ئۈستىدە تۇراتتى. ئاق قۇ؟ بۇ يەردە ئاق قۇنىڭ بولغىنى قىزىق، ئۇمۇ ھايات يولىدا ئېزىقىپ كېلىپ قالغان نېمىدۇر.

مېنىڭ ئاشۇ كۆپنى كۆرگەن ئاق قۇنى سافاغا تەكلىپ

قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۇچۇپ يۈرگەندىكى تەسىراتىنى سوراپ باققۇم كېلىپ كەتتى. توغرا، نېمىشقا شۇنداق قىلمايمەن؟ تاپتىم، ئاق قۇنى يېنىمغا ئەكېلىش مېنىڭ ئاخىرقى تىلىكىم ئىكەن.

مەن قوللىرىمنى سوزۇپ ۋارقىرىدىم:

— هەي، ئاق قۇ ! بۇياققا كەلگىن، مېنىڭ يېنىمغا كەلگىن !

ئۇ ماڭا قاراپلا تۇردى، لېكىن كېلىدىغان سۇرى يوق. مەن يەنە بىرنەچچە قېتىم ۋارقىرىدىم، بىراق ئۇ ئورنىدىن قىمىرلاپمۇ قويمىدى.

— هىم، توغرا قىلدىڭ، — دېدىم مەن، — ئورنۇڭدا مەن بولغان بولساممۇ كەلمىگەن بولاتتىم. مېنى ئۆزۈڭگە ئوخشاتمىغانسەن تايىنلىق؟ سەن مېنىڭ قانىتىم يوقلۇقىنى بايقاپ قالدىڭ.

# بالا ئومۇ

## 6

ئەتىسى كۈن چىققاندا، ھەممە ئادەمگە بۈگۈنكى كۈننىڭ تۈنۈگۈنكى كۈندىن قىلچە پەرقى يوقتەك بىلىنىدۇ. ھەممە ئادەمگە شۇنداق، پەقەت مەنىلا بۇنىڭ سىرتىدا. قوشنىمىز ئىسمىر تاغا ئىشقا مېڭىشىنىڭ تەييارلىقىغا چۈشىدۇ، ھەر كۈنى سەھەردىكىگە ئوخشاش؛ بېلىقچىلار تورلىرىنى يىغىدۇ، ھەر كۈنى سەھەردىكىگە ئوخشاش؛ يېمەك - ئىچمەك سودىگىرى بىلار تاغا كونا موتوسىكلىتىنىڭ ئارقىسىدا بىر سېۋەت بولكا، بىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ، ھەر كۈنى سەھەردىكىگە ئوخشاش؛ لالما كۈچۈك كوچىدا نېرى - بېرى مېڭىپ يۈرىدۇ، ھەر كۈنى سەھەردىكىگە ئوخشاش... لېكىن، بۈگۈنكى سەھەر ھەرقانداق كۈندىكى سەھەرگە ئوخشىمايدۇ. بۈگۈن سەھەر قارا ئاياغ كىيگەن بالا پەرىشتىسىنىڭ كېلىشىنى بۇرۇنقىدەك ساقلىمايدۇ، پەرىشتىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىشكە ئۇرۇنمايدۇ.

لېكىن، مېنىڭ كۆڭلۈم يېرىم ئەمەس، ئازراقمۇ يېرىم ئەمەس! مېنىڭ كۆزۈمنىڭ سۈيىنى ئېقىتىپ ئولتۇرغۇممۇ يوق، يىغلاش پەقەت بوۋاقلارغىلا يارىشىدۇ. مەن ئەمدى پەرىشتىنى كاللامدىن چىقىرىۋېتىمەن. بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنۈم باشقا دوست ئىزدەش بىلەن ئۆتىدۇ. ئەگەر بۇ يەردىن تاپالمىسام، باشقا يەرلەرگە بېرىپ ئىزدەيمەن. مەن ھەرقانداق يەرگە — باشقا كەنتلەرگە، باشقا دۆلەتلەرگە بارساممۇ بولىدۇ... بەلكىم ئۇ دوستنى يىراقتا تۇرۇپ چاقىرساممۇ بولار. ئۇ مەيلى كىم

بولسۇن، قەيەردە تۇرسۇن، ئۇنى چاقىرغىنىم چاقىرغان. ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشەنسىلا بولدى.

ئۇ ئادەم زاتى بولۇشى، باشقا نەرسە بولۇشىمۇ مۇمكىن... ئۇ ھەرقانداق نەرسە بولۇشى مۇمكىن، ئالايلۇق، يۇلتۇز بېلىق، بۇلۇت، دەرەخ، كۈچۈك، دېلفىن... نېمە دېدىم؟ ھازىر نېمە دېدىم؟ دېلفىنىنىڭ ئىسمىنى چىقاردىممۇ؟ دېلفىن! توغرا، دېلفىن!

# قىران ئۇمۇ

## 7

مەن ئاق قۇ بىلەن قارىشىپ تۇرغاندا، تۆۋەندىكى گەپلەر مېڭەمدە جاراڭلىدى:

— مەن سېنىڭ يېنىڭغا بارمايمەن، ئۇنداق بولۇشى، سەن بۇ قىياغا كېلىشىڭ كېرەك. يەنە شۇنىمۇ دەپ قوياي، سەن خاتالىشىۋاتىسەن، مەن سېنى ھەرگىزمۇ ماڭا ئوخشىمايدۇ، دەپ قارىمايمەن. ئەكسىچە، سېنىڭ ماڭا ئوخشايدىغان نۇرغۇن تەرەپلىرىڭ بار، يەنە كېلىپ سەندە قاناتمۇ بار، ئاسماندەك كەڭ قانات بار.

مەن ھەر قېتىم سۇ پەرىسىنى كۆرگەندە قەلبىمدىكى ئاۋازنى ئاڭلايتتىم. ئەگەر بۇ گەپلەر قەلبىمدىكى ئاشۇ ئاۋازغا ئوخشاش ئېنىق ئاڭلانغان بولسا، ئۆزۈمنى شۇ تاپتا ئاق قۇ بىلەن پاراڭلىشىۋاتىمەن، دەپ ئىشەنگەن بولاتتىم. لېكىن، بۇ گەپلەر مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكىدىن ھالقىپ كېتەلمىدىغۇ.

پەقەت بىرلا يېرى... مەن قانداقسىغا مەندىمۇ قانات بار، دەپ قارىيالايمەن؟

# بالا ئۇمۇ

## 7

قەدىرلىك دېلفىن:

ئىككىمىز تېخى كۆرۈشۈپ باقمىغان بولساقمۇ، لېكىن ماڭا ئايان، سەن بالىلارنى ياخشى كۆرىسەن. ماڭا يەنە شۇمۇ ئايان، ئەگەر مۆرىتى كەلسە، بالىلارنى قوغداش ئۈچۈن، سەن ھەتتا ئاكۇلا بىلەن ئېلىشىشتىنمۇ يانمايسەن. ئەگەر ئاكۇلا كېلىپ مېنى چىشلىمەكچى بولسا، سەن دەرھال يېنىمدا پەيدا بولىسەن...

شۇڭا، ساڭا بىر ئىشنى ئېيتقۇم كەلدى... مېنى بىر نەرسە قوغلاۋاتىدۇ، ئۇ ئاكۇلادىنمۇ قورقۇنچلۇق. «ئۇ قانداق نەرسە ئىكەن، شۇنچە ئاكۇلادىنمۇ قورقۇنچلۇق بولغان؟» دەپ سورىشىڭ مۇمكىن، ھىي، بۇنى قانداق چۈشەندۈرسەم بولار؟

مەن دەۋاتقان بۇ نەرسە مېنى جېنىمدىن ئۆتكۈدەك چىشلىيەلەيدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاغزى يوق. ئۇ ئاكۇلادىن نەچچە ھەسسە خەتەرلىك، چۈنكى سەن ئۇنى كۆرەلمەيسەن. مەن چوڭلار ياكى باشقا بالىلار بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندا، مۇنداقچە ئېيتسام، قەلبىمدىكىدىن سىرت ئادەملەر بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندا، ئۇ مېنى تالاشقا باشلايدۇ.

بىلىمەن، مەن بەك ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن. گەپلىرىمنى ئاڭلاپ بەلكىم ئۇ خەتەرگە يولۇقماپتۇغۇ، دەپ ئويلىشىڭ مۇمكىن. لېكىن، سەن ماڭا ئىشەنسەڭچۇ. ماڭا ئىشەنگىن، ئۇ نەرسە بىر يەرگە غۇژمەكلىشىپ تۇرغان ئۇن ئاكۇلادىنمۇ قورقۇنچلۇق.

ماڭا ئىشىنىسەن، شۇنداقمۇ؟ ئەگەر ئىشەنگەن بولساڭ، بۇ خەتنى

تاپشۇرۇۋالغان هامانلا كىلىپ مىنى قۇتۇلدۇرۇۋالغىن، كىلىپ مەن بىلەن دوست بولغىن.

ئومۇ (دېلفىننى سۆيىدىغان بالا)

مەن بۇ خەتنى ئوراپ بىر بوتۇلكىنىڭ ئىچىگە سالدىم، پۇرۇپكىنى تاپالماي، بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى زاماسكا ۋە بوۋامنىڭ يېلىمى بىلەن ئەتتىم. كېيىنكى قېتىم ئارالغا بارغاندا بوتۇلكىنى دېڭىزغا تاشلىۋەتمەكچى بولدۇم.

# قىران ئۇمۇ

## 8

ئاق قۇ ماڭا كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى، لېكىن مېنىڭ ئاخىرقى تىلىكىمنى ئىجابەت قىلىشتىن باش تارتىپ ئۇرۇۋېلىۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئۇنىڭغا قول پۇلاڭلىتىپ خوشلاشتىم.

مەن بېشىمنى بۇراپ، باش ئۈستۈمدىكى كۆنگە باقتىم. كۆن نۇرىنىڭ يۈزۈمنى چېقىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. مەن كۆزلىرىمنى يۇمۇپ دورا يېيىشكە باشلىدىم.

مەن كۆنىنىڭ كۈچلۈك تەپتىنىلا سېزىپ تۇراتتىم.

كۆن نۇرى كۆزنى چاقاتتى.

چىدىغۇسىز چاقاتتى...

# بالا ئۇمۇ

## 8

خېتىمنى دېڭىزغا تاشلىغاندىن بېرى بىرنەچچە سائەت ۋاقىت ئۆتتى، ئارقىدىن بىرنەچچە كېچە - كۈندۈزمۇ ئۆتۈپ كەتتى، لېكىن مەن چاقىرغان دېلفىن كېلىپ مەن بىلەن دوست بولار ئەمەس. ئازابلىق بىر خىيال كاللامغا كىرىۋېلىپ، مېڭەمنى قۇرتتەك يېمەكتە ئىدى. مېنىڭ پەرىشتەم (ئېيتىپ قوياي، مەن ئۇنى بۇرۇنلا ئۇنتۇپ كەتتىم)گە ئوخشاش، مېنىڭ دېلفىن دوستۇممۇ ماڭا كۆرۈنۈشنى خالىمايۋاتامدىغاندۇ؟ لېكىن، مەن ھەر قېتىم ئارالغا بارغاندا، بوگۇنمۇ شۇنداق بولدى، ھەرقاچان ئارال تۇمشۇقىغا بېرىپ، تاش ئۈستىدە سائەت - سائەتلەپ ئولتۇرۇپ، دېلفىنىمنىڭ چىقىشىنى كۈتىمەن. ئاپام مەندىن ئەنسىرەشكە باشلىدى.

— ئاپا، مەندىن ئەنسىرىمەڭ، ماڭا ئىسسىق ئۆتۈپ قالمايدۇ، چۈنكى مەن دائىم شىلەپەمنى سۇغا چىلاپ كىيىۋالىمەن.

— ھە بوپتۇ، قوزام، لېكىن سەن ئۇ يەردە نېمىشقا سائەت - سائەتلەپ ئولتۇرىسەن؟ بىز ئارالغا سۇغا چۆمۈلگىلى كەلگەنغۇ.

— مەن رەڭدار يۇملاق تاش ئىزدەۋاتىمەن.

بىلىمەن، يالغان ئېيتماسلىقىم كېرەك ئىدى. لېكىن، باشقا نېمە دەيمەن؟ ئاپامغا دېلفىننى ساقلاۋاتقانلىقىمنى، ئۇنىڭ بىلەن دوست بولماقچى ئىكەنلىكىمنى ئېيتالمايمەنغۇ. ئەگەر مۇنداق ئىشلارنى چوڭلارغا ئېيتسا، ئىشلار تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ.

ئالايلوق، ئەگەر ئاپام: «دېلفىن گەپ قىلالمايدىغان تۇرسا، سەن بىلەن قانداق دوست بولالايدۇ؟» دەپ سورىسا، مەن نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن؟

كەچ كىرىشكە ئاز قالغاندا كۆزلىرىممۇ تورلىشىپ كەتتى، ئىنچ سۇ يۈزىنى يېرىپ چىقىدىغان دېلفىن كۆزۈمگە چېلىقاي دېمىدى. يىراقتىكى ئوتقاشتەك كۈن قاقاس تاغقا ئاستا ـ ئاستا باش قويدى، ئۇ خېلى بۇرۇنلا ئۆيگە قايتىشىم كېرەكلىكىدىن بېشارەت بېرىۋاتاتتى.

# قىران ئۇمۇ

## 9

كۈن نۇرى كۆزلىرىمنى تېخىمۇ چېقىشقا باشلىدى،
قاپاقلىرىمنى تېشىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى. ئۇنىڭ نۇرى
تۇيۇقسىزلا ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى، بايا يېگەن دورا كۈچىنى
كۆرسەتكەن ئوخشىمامدۇ، دەپ ئويلىماي تۇرالمىدىم، بولمىسا،
بۇنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلەتتىم. زادى نېمە ئىش
بولغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ كۆزلىرىمنى ئاچتىم، گۈل
ئارالنىڭ بىر تەرىپىدە، نەچچە يۈز مېتىر نېرىدا ئاق يەلكەنلىك
بىر كېمە تۇراتتى. ئۇ كېمىدىن قايتقان بىر نۇر يۈزۈمگە چۈشۈپ
تۇراتتى. ئۇ يەردە بىر سىنئەينەك بولسا كېرەك.

ياق، مېنىڭ دوستۇم ئاخىرقى پەيتتە مۇنداق ئۇسۇلنى
قوللىنىپ مېنى باتۇرلارچە قۇتۇلدۇرمايدۇ. مېنىڭ نېمە
قىلماقچى ئىكەنلىكىمنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، مەن
بۇ ئەتراپتا مۇنداق چىرايلىق يەلكەنلىك كېمىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ
باقمىغان.

ئۇ نۇر تېخىچە كۆزۈمگە چۈشۈپ تۇراتتى، بۇنىڭدىن
مەلۇمكى، ئۇ يەلكەنلىك كېمىدىكى قانداقتۇر مېتالدىن مۇنداقلا
قايتقان نۇر ئەمەس.

دېڭىزدا شامال يوق، لېكىن يەلكەنلىك كېمە سافاغا قاراپ
تېز سۈرئەتتە كەلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ موتورى چوقۇم كېمە گۈل
ئارالنىڭ تۇمشۇقىدىن ئايلىنىشتىن ئىلگىرى
توختىتىۋېتىلگەن. شۇنداق بولسىمۇ، مەن يەنىلا بايا موتورنىڭ

ئاۋازىنى ئاڭلىمىغانلىقىمدىن ئەجەبلىنىپ تۇراتتىم، چۈنكى ئەتراپ شۇنداق تىمتاس، چايكىلارنىڭ سايراشلىرىمۇ بېسىققانىدى. مەن دورىنى چاپىنىمنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ، يەلكەنلىك كېمىنى تېخىمۇ ئىنچىكە كۆزىتىشكە باشلىدىم. قارىسام كېمىدە ئادەم يوق ئىدى. يۈزۈمگە نۇر چۈشۈرگەن ئادەم كايۇتاغا كىرىپ كەتكەن بولسا كېرەك.

يەلكەنلىك كېمە سافاغا يېقىنلىشىپ قالغاندا، مەن كېمىنىڭ تۇمشۇقىغا يېزىلغان «پەرىشتە» دېگەن خەتنى كۆردۈم.

— ھەي ! — ۋارقىرىدىم مەن، — «پەرىشتە»نىڭ كاپىتانى، مېنىڭ كېمەمنى سوقۇۋېتىدىغان بولدىڭىز !

ئەمەلىيەتتە، مەن كېمەمدىن ئەنسىرەۋاتمايتتىم، مەقسىتىم كايۇتا ئىچىدىكى ئادەمنى چاقىرىپ چىقىش ئىدى. كىم بىلىدۇ، كايۇتا ئىچىدىن مېنىڭ سۇ پەرىشتەم چىقىپ كېلەمدۇ تېخى !

لېكىن، كايۇتادىن بىرەرى چىقمىدى. يەلكەنلىك كېمە سافاغا بارغانسېرى يېقىنلىماقتا، ئۇ ئوبدانلا يېقىنلاپ قالدى، لېكىن بېشىنى بۇرايدىغاندەك ئەمەس. پايانسىز دېڭىز سۈيى بىزنى قاتمۇقات ئوراپ تۇراتتى. مەن بارغانسېرى يېقىنلاپ قالغان يەلكەنلىك كېمىدىن كۆزۈمنى ئۈزمەيتتىم، توختىماي ۋارقىرايتتىم...

لېكىن، كانىيىم يىرتىلغۇچە ۋارقىرىغىنىمنىڭ پايدىسى بولمىدى، يەلكەنلىك كېمە سافانىڭ بېشىغا سوقۇلدى !

# بالا ئومۇ

## 9

ئۇ كۈنى قۇم ئارالدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەن ئاپامغا يېپىشتىم.

— ئاپا، سىز بىر ئادەمنى تەكلىپ قىلسىڭىز، ئۇ نېمىشقا كەلمەيدۇ؟

— ھەي، ئۇماق قوزام، ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ ئۇنىڭ چەت ئەلدىن بىر تۇغقىنى كېلىپ قالغان تۇرسا، ئەلۋەتتە كېلەلمەيدۇ - دە!

— مەن شەرىفنى دەۋاتقىنىم يوق.

— ئەمىسە كىمنى دەۋاتىسەن؟

— ھى... ھېچكىمنى دېمىدىم.

مەن ئاپامنىڭ يېنىدىن كېتىپ، رول تۇتۇۋاتقان بوۋامنىڭ يېنىغا باردىم.

— سىز بىر ئادەمنى تەكلىپ قىلسىڭىز، ئۇ نېمىشقا كەلمەيدۇ، بوۋا؟

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، بالام. كېيىنكى قېتىم ئۇ سېنى تەكلىپ قىلغاندا، سەنمۇ بارمىساڭ بولىدۇ.

— كىمنى ئاستىراق ھەيدىسىڭىز بولامدۇ، بوۋا؟

بوۋام كىمنىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلاتتى، مەن رېشاتكىنى تۇتۇپ مىڭىپ، كىمنىڭ بېشىدىكى كونا ئورنۇمغا باردىم.

— ماڭا ئېيتىپ بەرگىنە، دېگىنە، — دېدىم مەن دېڭىزغا، — بىر بالا دېلفىننى تەكلىپ قىلسا، ئۇ نېمىشقا كەلمەيدۇ؟

# قىران ئومۇ

## 10

— ھەي، «پەرىشتە»نىڭ كاپىتانى! بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟
يەلكەنلىك كېمە سافانىڭ بېشىنى تېشىۋەتكەنىدى، كونا ياغاچ ئۈستىدە بىرنەچچە يول ئاق سىرنىڭ ئىزى قالغانىدى.
كايۇتادىن چاچلىرى ئۈچتەك ئاقارغان بىر ئەر چىقىپ كەلدى، قارىماققا ئانتونى كۇيئىن①غىلا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ يۈزى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىدىغان، زەڭگەر كۆزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى. ئۇ ئۈچىسىغا ئاق رەڭلىك كالتە ئىشتان، ئاق رەڭلىك كالتە يەڭ كۆڭلەك كىيگەن، كۆڭلەكنىڭ تۈگمىلىرىنىڭ بىرىمىلا ئېتىلگەنىدى. بوينىدا كۈمۈش زەنجىر، زەنجىرنىڭ ئۇچىغا يۈرەك شەكىللىك سىنئەينەك ئېسىلغانىدى.
— سىز ئاشۇ سىنئەينەك بىلەن يۈزۈمگە شولا چۈشۈردىڭىزمۇ؟ — سورىدىم مەن يۈرەك شەكىللىك سىنئەينەكنى كۆرسىتىپ.
— شۇنداق، — دېدى ئۇ پەرۋاسىزلا.
— نېمىشقا ئۇنداق قىلىسىز؟
— دوستلار بىر - بىرى ئۈچۈن سىنئەينەك.
— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

---

① ئانتونى كۇيئىن (1915 — 2001) — مېكسىكىلىق پۇشتىدىن بولغان ئامېرىكا كىنو چولپىنى، ئوسكار مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى، «قانغا بويالغان قومۇلۇق»، «بۇلۇت ئىچىدە سەيلە» قاتارلىق فىلىملەردە رول ئالغان.

ئۇ سىنئەينەكنى ئاستا كۆنگە توغرىلاپ، شولىسىنى يەنە مېنىڭ يۈزۈمگە چۈشۈردى.

— سىزگە بىر تېپىشماق ئېيتاي، — دېدى ئۇ، — سىز بۇ سىنئەينەكتىن نېمىنى كۆردىڭىز؟

— توختاڭ، مەن سىزگە بىر تېپىشماق ئېيتاي، سىز مېنىڭ كىمەمنى قەستەن سوقتىڭىزمۇ؟

ئۇ كۈلدى.

— سىزگە ئېيتسام، مەن «پەرىشتە»نىڭ كاپىتانى ئەمەس، — ئۇ مەن بىلەن قول ئېلىشتى، — مەن پەرىشتە بولىمەن. سىز بىلەن كۆرۈشكىنىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن.

— ھىم، مەن ئۆزۈمنى خۇشالمەن دېيەلمەيمەن، پەرىشتە ئەپەندى. گېپىمگە جاۋاب بېرىڭ، سىز مېنىڭ كېمەمنى قەستەن سوقتىڭىزمۇ؟

— بۇ دۇنيادا ھەممە نەرسە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە يوقىلىدۇ، شۇڭا بۇنىڭغا ئۇنچە بىئارام بولۇپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

سافا بوۋامدىن قالغان تەۋەررۈك بولىسىمۇ، ئۇنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكىنىگە قىلچە ئىچىم ئېچىشمىدى. ئۇنداق بولۇشى، ئۇزاققا قالمايلا ئۇنى ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرىمەن. بۇ ئىش نېرۋامغا قاتتىق تەگدىمۇ دېيەلمەيمەن. لېكىن، شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ ئادەمنىڭ كېمەمنى بۇزۇۋېتىشكە ھەققى يوق ئىدى، تېخى قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ قىلغان قاملاشمىغان گەپلىرىچۇ.

— نېمە دېدىڭىز؟ — دېدىم مەن خاپا بولغان قىياپەتتە.

خاپىلىقىمنى چىرايىمغا ئوبدانلا چىقارغانىدىم، لېكىن ئۇ قىلچە سەزمىدى.

— بۇ دۇنيادا ھەممە نەرسە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە يوقىلىدۇ، شۇڭا بۇنىڭغا ئۇنچە بىئارام بولۇپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، —

دېدى ئۇ يەنە.

ئۇ يەرلىك ئاھالىلەرگە ئەمەس، چەت ئەللىككە بەكرەك ئوخشايتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى شوڭداق ئۆتكۈر، كۆلۈمسىرىشى ئادەمنى غەمكىنلىككە باشلايتتى. ئۇ خۇددى ھاۋا ئىچىدە ئۈزۈۋاتقاندەك سىلىق يۆتكىلەتتى. ئۇ باشقىچىرەك ئىدى، تۇرقى قارىماققا تولىمۇ ناتونۇش، يا شەرقلىققە، يا غەربلىككە ئوخشىمايتتى. مەن ئۇنىڭ يېشىنى مۆلچەرلىيەلمىدىم، بەستىگە قارىسا، ئەمدىلا قىرانىغا يەتكەندەك قىلاتتى، چىرايىغا قارىسا، ئاتمىشتىن ھالقىغاندەك كۆرۈنەتتى، كۆزلىرىگە قارىسا، بېشىدىن كۆپ ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

ئويلىنىپ قالدىم، كۆپنى كۆرگەن بۇ كۆزلەر ماڭا نېمىشقا شۇنچە تونۇش كۆرۈنىدۇ؟

ئۇ ئوڭ قولىنى مەيدىسىگە سىلىق قويۇپ ئېغىز ئاچتى:

— مەن سىزنىڭ رۇخسىتىڭىز بىلەن كەلگەن، «پەرىشتە»نىڭ دوستى.

— نېمە دەيسىز؟

— سىز رۇخسەت قىلامسىز، ئۇمىد بالىسى؟

مەن گاڭگىراش ئىچىدە ئۇنىڭغا قارىدىم.

— كەچۈرۈڭ، — دېدى ئۇ، — مېنىڭ ئىپادەم قائىدە ـ يوسۇندىن ھالقىپ كەتتى...

— قانداق قائىدە ـ يوسۇن ئىكەن ئۇ؟ نېمىگە رۇخسەت قىلىمەن؟ مەن سىزنىڭ گەپلىرىڭىزنى پەقەت چۈشىنەلمىدىم.

— ئېيتىڭا، زادى رۇخسەت قىلامسىز؟

ئۇنىڭ قىلىقى تولىمۇ كۈلكىلىك ئىدى، قىزىقارلىق دېيىشكىمۇ بولىدۇ، شۇنداقراق. لېكىن، ئۇنىڭ ئالدىراقا گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇشقا ۋاقتىم يوق ئىدى.

— سىز مېنىڭ كىمەمنى بۇزۇۋەتتىڭىز، لېكىن مەن سىزنىڭ گۇناھىڭىزدىن ئۆتتۇم، پەرىشتە ئەپەندى. بىزنىڭ

ئۇچرىشىشىمىز ئەڭ بولمىغاندا سىزگە خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ، بۇنىڭدىن خۇشالمەن. خەير - خوش.

— رۇخسەت قىلامسىز؟

— نېمىگە رۇخسەت قىلىمەن؟

# بالا ئومۇ

## 10

شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ كۈندە مەن ئەتىگەندىن كەچكىچە دېڭىزدىن كۆز ئۈزمىدىم، كۆزلىرىم دوستۇمنى ئىزدەيتتى. بۈگۈن قۇم ئارالغا بارمىدىم، ئورۇننى ئۆزگەرتىپ، چۆمۈچ ئارالغا باردىم.

كەچ كىرىپمۇ قېلىۋاتاتتى، بۈگۈنكىمۇ ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىغا كۆزۈم يېتىپ قالغانىدى. كېيىن دېڭىز يۈزىدە بىرنەرسىنىڭ ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىغا تۇيۇقسىز كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. دەل شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە قەلبىمدە بىر سادا ياڭرىدى:

— مەن كەلدىم!

# قىران ئومۇ

## 11

— سىز رۇخسەت قىلامسىز؟

قارىغاندا، جاۋاب بەرمىسەم، ئۇ بۇ گەپنى شاتۇتىدەك تەكرارلاۋېرىدىغاندەك قىلاتتى. بۇ يەردىكى سارالڭ تۇيۇقسىز ئىككى بولۇپ قالدىمۇ ياكى ئۇ مەن بىلەن ئويۇن ئويناۋاتامدۇ، بىلەلمىدىم. لېكىن، مەن بۇ ئىشنى ئايىغىغا ئېلىپ چىقىشۋەتمەكچى بولدۇم.

— ھە، — دېدىم مەن، — سىز نېمىگە رۇخسەت ئالماقچى؟

— سىزنىڭ جېنىڭىزنى ئېلىپ كېتىشكە.

— نېمە دەيسىز؟

— مەن پەقەت ئۆزۈمنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلماقچى.

— ھە، شۇنداقمۇ؟ سىز ياللىنىۋېلىنغان قاتىلمۇ؟

— مەن سىزگە ئېيتقان، مەن پەرىشتە.

— قانداق پەرىشتە؟

— ئەجەل پەرىشتىسى.

— راستمۇ؟

— ئۇنداقتا، رۇخسەت قىلدىڭىزمۇ؟

— ئەلۋەتتە، سىز بۇنى مەندىن سوراپ ئولتۇرمىسىڭىزمۇ بولاتتى، — دېدىم ئاچچىق كۈلۈپ، — قېنى، قول سېلىڭ، ئەجەل پەرىشتىسى ئەپەندى، مېنىڭ جېنىمنى ئېلىپ كېتىڭ.

ئۇنىڭ چىرايىدا خاتىرجەمسىزلىك پەيدا بولدى:

— بۇ گېپىڭىز راستمۇ؟

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.

— ھە، ئۇنداق بولسا، — دېدى ئۇ، — قېنى، ئىشنى باشلاڭ، دورىنى يەۋېتىڭ.

— نېمە دورا؟

يانچۇقۇمدا دورا بارلىقىنى ئۇنىڭ بىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن، خۇددى مەن ئۇنىڭدىن ھېچنېمىنى يوشۇرالمايدىغاندەك، ئۇ كۆزلىرىمگە ئىشەنچ بىلەن تىكىلدى. مەن بىردىنلا تەمتىرەپ قالدىم.

— نېمە دورا؟ — مەن يەنە سورىدىم.

— ئىشنى باشلاڭ، دورىنى ئىچىۋېتىڭ، مەن سىزنى مۇرادىڭىزغا يەتكۈزىمەن.

«ئەنسىرىمەڭ، ئەجەل پەرىشتىسى ئەپەندى، مەن دورىنى يەيمەن» دېگۈم كېلىپ كەتتى، لېكىن ھېچنېمە دېمىدىم. ھازىرمۇ ھەيرانلىق ئىچىدە ئىدىم، بۇ غەلىتە ئادەم يانچۇقۇمدا دورا بارلىقىنى، مېنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىمنى قانداق بىلىدىغاندۇ؟

# بالا ئومۇ

## 11

— كەلدىڭمۇ ! راستىلا كەلدىڭمۇ، دېلفىنىم ! سەن مېنى ئاخىر تاپتىڭ...
— ساڭا نېمە بولدى، ئومۇ؟ — سافادىكى ئاپام ۋارقىرىدى.
— ھېچنېمە بولمىدى، ئاپا، مەن ناخشا ئېيتىۋاتىمەن !
— ۋوي، قارا، ئومۇ، دېلفىن ! كۆردۇڭمۇ؟
— ياق، ئاپا، مەن كۆرمىدىم.
— قارا، ئەنە ئاۋۇ تەرەپتە، ئۇنىڭ پالاقچىسىنى كۆرمىدىڭمۇ؟
— بۇ دېلفىنىنىڭ ماكانى ئەمەس، ئاپا، چوقۇم خاتا كۆرۈپ قالدىڭىز.
تەلىيىمگە مېنىڭ دېلفىنىم سۇ يۈزىگە قايتا چىقمىدى. ئاپام سۇ يۈزىگە بىرپەس سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن بولدى قىلىپ، كىتابىنى كۆرۈشكە باشلىدى. مەن خاتىرجەم بولۇپ يېنىك تىندىم. مەن تەكلىپ قىلغاچقا، مېنىڭ دېلفىنىم كەلدى، مەن ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى ھېچكىمگە تىنمايمەن. ئۇ مېنى دەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەنىكەن، مەن ئۆزۈم يالغۇز قالغاندا چوقۇم مېنى يەنە ئىزدەپ كېلىدۇ، بۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل.
مېنىڭ كۈتكىنىمدەك، بىز قايتقاندا ئۇ خېلى يەرگىچە بىزگە ئەگىشىپ كەلدى، لېكىن ئۆزىنى باشقىلارغا كۆرسەتمىدى.
تۇرمۇشنىڭ ئۆزى تىلسىمات ئىكەن...

# قىران ئومۇ

## 12

خېلى ئۇزاق جىمجىتلىقتىن كېيىن سورىدىم:
— ئەگەر دورىنى يېمىسەمچۇ؟
— ئۇ چاغدا ئىشىمنى ۋاقىتلىق كېچىكتۈرىمەن، — دېدى ئۆزىنى ئەجەل پەرىشتىسى دەپ ئاتىۋالغان بۇ ئادەم.
— ۋاقىتلىق؟ بۇ گەپچە، دورىنى يېمىسەممۇ ئوخشاشلا ئۇزاق ياشىيالمايدىكەنمەن - دە.
ئۇ خۇددى ساقايماس كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى بىمارغا ئېيتالمايۋاتقان دوختۇردەك، بېشىنى يەرگە سالدى.
— ئەمىسە، مېنىڭ قاچان ئۆلىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز، ئەجەل پەرىشتىسى ئەپەندى؟
ئۇ جاۋاب بەرمىدى، لېكىن چىرايىدىن ئىچ ئاغرىتىش چىقىپ تۇراتتى. ئۇ مۇلايىملىقى بىلەن ئەجەل پەرىشتىسىگە ئوخشىمايتتى، ئىنسانلاردىن ئالاھىدە پەرقىمۇ بار ئىدى.
— سىز كىم بولىسىز؟
— بۇنى سىزگە ئېيتىپ بەرگەن.
— بىلىمەن. شۇنداق بولغاندا، سىز ئەجەل پەرىشتىسى بولدىڭىزغۇ؟
— ئەگەر كۆڭلىڭىزگە ياقمىسا باشقىچە ئاتىسىڭىزمۇ بولىدۇ. سىزنىڭ ئىسمىڭىز نېمە؟
— مېنى ئومۇ دەپ چاقىرسىڭىز بولىدۇ.
— ئۇنداقتا، مېنىمۇ «ئومۇ» دەپ چاقىرىۋېرىڭ، — دېدى ئۇ.

— ئومۇ؟ نېمىشقا ئۇنداق چاقىرىمەن؟ ئۆزىڭىزنىڭ ئىسمىنى ياقتۇرمامسىز؟

— خۇددى مەن دېگەندەك، دوستلار بىر - بىرى ئۈچۈن سىنئەينەك. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر ئومۇ، پەقەت بىرلا.

— نېمە دېدىڭىز؟

— پەقەت بىرلا ئومۇ بار.

— ھىم، ئۆزاقتا بارمايلا ئۇ نۆلگە ئايلىنىدۇ، — دېدىم مەن.

— ھەي، سىز نېمىشقا مېنىڭ كېمەمگە كەلمەيسىز؟ — دېدى ئۇ، — ئازراق بىرنەرسە ئىچمەيمىزمۇ. ئانار شەربىتى ئىچەيلى، قانداق؟ بىر ئانار، پەقەت بىرلا. بۇ يەردىن ئازراق ھەسەل چىقىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن، ئەگەر خالىسىڭىز، ھەسەلنى ئىسسىق سۈتكە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچسەكمۇ بولىدۇ.

نېمە ئۈچۈنكىن، يا ئۇنىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتىنى بىلگۈم كەلگەندۇ، يا بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى قەيەردە توختايدۇ، بىلگۈم كەلگەندۇ، ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدىم. لېكىن، مەن ئۇنىڭ راستلا ئەجەل پەرىشتىسى بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم...

— ئىسسىق سۈتكە ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىش، بولۇپ قالامدۇ نېمە، — دېدىم مەن.

ئۇ قولىنى سوزۇپ، مېنى سافادىن يېرىم مېتىرچە ئېگىز يەلكەنلىك كېمىسىگە تارتىپ چىقاردى. ئۇنىڭ قولى ئاق قۇ پېيىدەك يۇمشاق، سىلىق، ئۆزىمۇ خۇددى ئانىنىڭ باغرىدەك شۇنداق يېقىملىق ئىدى.

يەلكەنلىك كېمىنىڭ ئارقا تەرىپىدە پاكار ھەم كىچىك بىر يۇملاق شىرە، پولدىن كۆتۈرۈپ چىقىرىلغان يوغان ئىككى ئاق ئورۇندۇق بار ئىدى. ئەمەلىيەتتە، كېمىدىكى ھەممە نەرسە ئاق رەڭلىك ئىدى. مەن كېمە ئىچىنى كۆزىتىۋاتقاندا، ھور ئۆرلەپ تۇرغان ئىككى ئىستاكان سۈت شىرەگە كەلتۈرۈلدى.

— قارىسام، مېھمان كۈتۈشكە ئامراقتەك قىلىسىز.

— ئادەتتە ئىسسىق سۈتكە ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىشكە

ئادەم تەكلىپ قىلىپ كەتمەيمەن.

— ئەمىسە، بۇ شەرەپكە مەن قانداق ئېرىشىپ قالدىم؟ — سورىدىم مەن.

— بۇنىڭ سەۋەبىنى ئويلاپ تاپالىشىڭىز كېرەك.

— ھىم، تاپالمايمەن.

— دوستۇم، سىز ئۆتكەن ئىشلارنى ئېسىڭىزگە ئېلىش ئۈچۈن مۇشۇ يەرگە كەلگەنغۇ؟

# بالا ئۇمۇ

## 12

بوۋام ھەپتىدە ئىككى قېتىم بېلىق تۇتقىلى چىقىدۇ، ھەر قېتىمدا قاق سەھەردىلا يولغا چىقىپ كېتىدۇ. مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارغۇم كېلىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قاق سەھەردە مېنى ئويغاتقۇسى كەلمەيدۇ. ئۇلار بالا قېنىپ ئۇخلىمىسا بويى ئۆسمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. مېنىڭ كاللامدىن ئۆتمەيدۇ، ئەتىگەندە بوۋىسى بىلەن بېلىق تۇتقىلى چىققانغا بالىنىڭ بويى ئۆسمەي قالارمۇ؟ ئۆسمەي قالسا قالار، بارغىنىم بارغان.

باشقىلارنىڭ مېنى ئويغىتىپ قويمايدىغانلىقىغا ئاخىر كۆزۈم يەتتى. بۇنىمۇ يامان ئىش دېگىلى بولمايدۇ، بولمىسا، سەھەر تۇرۇشنىڭ ئامالىنى ئۆزۈم قىلمىسام بولمايدىغانلىقىنى ھەرگىزمۇ خىيالىمغا كەلتۈرمىگەن بولاتتىم. شۇنداق قىلىپ، بۇنىڭ ئامالىنى ئۆزۈم قىلدىم.

سەھەر تۇرۇش مەسىلىسىنى بىر تال يىپ بىلەنلا ھەل قىلغىلى بولاتتى. مەن بىر يىپ تاپتىم، مومام كۆرەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئىنچىكە، لېكىن چىڭ، ئۈزۈلۈپ كەتمەيدۇ. يىپنىڭ بىر ئۇچىنى بېغىشىمغا، يەنە بىر ئۇچىنى بوۋامنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىك تۇتقۇچىغا باغلىدىم. مۇنداق بولغاندا، بوۋام ئىشىكنى ئاچقان ھامان مەن ئويغىنىپ كېتەتتىم. بوۋام مېنىڭ بۇ كەشپىياتىمنى ئاپام بىلەن مومامغا ئېيتماسلىققا ۋەدە بەردى. بىز بېلىق تۇتۇپ قايتىپ كەلگەندە ئاپىلار ئارتۇق گەپ قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇلار مېنى ئۆزى ئويغىنىپ كېتىپتۇ، دەپ

قارايدۇ.

شۇنداق قىلىپ، مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن دائىم دېگەن ۋاقىتتا ئويغىنالايدىغان بولدۇم، كېيىن بىرىپ يىپ ئىشلىتىشىمنىڭمۇ ھاجىتى قالمىدى. بوۋام بېلىق تۇتۇشقا بارسۇن ـ بارمىسۇن، مەن ھەر كۈنى سەھەر سائەت ئالتە ئەتراپىدا تەبىئىيلا ئويغىنىپ كېتەتتىم.

بۈگۈن ئەتىگەن بوۋام بېلىق تۇتقىلى چىقمىدى. مەن يەنىلا ئورنۇمدىن سەھەر تۇرۇپ ئۆيىمىزگە يېقىن يەردىكى تاشتا قوپۇرۇلغان پىرىستانغا باردىم. مېنىڭ دېلفىنىم ئاشۇ يەرگە مېنى ئىزدەپ كېلىپ قالار، دېگەن ئۇمىدتە ئىدىم.

پىرىستاندا تۇرغىنىمغا بەش مىنۇت بولدى، سۇ يۈزىدە ئازراقمۇ شەپە يوق. دېڭىز خۇددى يېشىل كىرىلىكتەك كۆز ئالدىمدا يېيىلىپ ياتاتتى. پىرىستانىنىڭ ئايىغىدا ئەمدىلا باداشقان قۇرۇپ ئولتۇراي دەپ تۇرۇشۇمغا، قۇلىقىمغا بىردىنلا يېنىك دولقۇن ئاۋازى ئاڭلاندى.

ۋاھ ! ئۇ ئاۋۇ يەردە ئىكەن ! مېنىڭ دېلفىنىم ئەللىك مېتىرچە نېرىدا يېنىك دولقۇن تەۋرىتىپ پەيدا بولغانىدى. مېنىڭ دېلفىنىم !

ئۇ دۇمبىسىنى كۆرسىتىپ قويۇپلا يەنە سۇغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى. ئەمدى چىقمايدۇ، دەپ ئويلاپ تۇرۇشۇمغا، ئۇ يەنە سۇ ئۈستىگە چىقتى.

مەن ئەتراپقا قارىدىم، يېقىن ئەتراپتا ئادەم يوق. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭغا قاراپ ۋارقىرىدىم:

— بۇياققا كەلگىن، مېنىڭ دېلفىنىم ! بۇياققا كەلگىن !

ئۇ مېنىڭ ئاۋازىمنى چوقۇم ئاڭلىدى، ئۇنداق بولۇشى، ئۇ بىردىنلا سېكرىچىلەردەك ئويۇن كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئۇ سۇ يۈزىدىن چاقماقتەك ئېتىلىپ چىقىپ، تولۇق بىر پىرقىرىۋەتكەندىن كېيىن سۇغا تىككىدە شۇڭغۇپ كىرىپ

كېتەتتى. ئۇ شۇ ھەربىكەتنى ئىككى قېتىم، ئۈچ قېتىم، تۆت قېتىم تەكرارلىدى...

— ئايھاي ! — مەن ۋارقىرىدىم، — ئايھاي ! ئايھاي !

چاتاق يوق، چاتاق يوق ! ئۇ چوقۇم مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىدى، بايىقى ئويۇنلارنى مەن ئۈچۈن ئويناپ بەردى ! ئۇ مەن بىلەن دوست بولغىلى كەلگەن !

ھەي ئىسىت، ئۇ گەپ قىلالىغان بولسىچۇ...

# قىران ئومۇ

## 13

بىز جىمجىتلىقتا سۈت ئىچىپ ئولتۇردۇق. ئۇ چوقۇم مېنىڭ بىرەر نەرسە دېيىشىمنى كۈتۈۋاتاتتى. لېكىن، مەن سۈتنىڭ لەززىتىنى سۈرۈۋاتاتتىم، سۈتنىڭ تەمى ئالاھىدە، ئادەمنى مەستخۇش قىلاتتى. مەن بىر نەرسىگە ئىشىنىپ قالدىم، بۇ ئادەم چوقۇم باشقا بىر دۇنيادىن كەلگەن.

— بۇ ھەسەلنى نەدىن تېپىپ كەلدىڭىز؟ — سورىدىم مەن.

— ھەسەل دېگەن ھەممە يەردە بار.

— نېمە دېدىڭىز؟

— قېنى ئېيتىڭا، دوستۇم، سىز نېمىشقا مېنىڭ كېلىشىمنى زارىقىپ كۈتتىڭىز؟

— سىزنىڭ كېلىشىڭىزنى كۈتۈپتىمەنمۇ؟

— دېمەكچى بولغىنىم، ئەزرائىلنى كۈتتىڭىزغۇ.

— مەن سىزنى تونۇمايمەن، لېكىن بۇ ئەجەل پەرىشتىسى ئۆيۈنى ماڭا ئازراقمۇ قىزىقارلىق تۇيۇلمىدى.

— مېنىڭ ئەجەل پەرىشتىسى ئىكەنلىكىمگە نېمىشقا ئىشەنگۈڭىز كەلمەيدۇ؟ پەرىشتە دېگەننىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەمسىز يا؟

— ھىي، بۇ قالتىس سۈت ئىكەن، رەھمەت سىزگە، — دېدىم مەن، — ئەمدى قايتايمىكىن.

مەن ئورنۇمدىن تۇرسام بېشىم قېيىپ كەتتى. بۇ ئادەتتىكى باش قېيىش ئەمەس، مەندە يېقىندا كۆرۈلگەن قىسقا ۋاقىتلىق

باش قېيىش ئەمەس، بىرنەچچە تال تىنچلاندۇرۇش دورىسى يېگەندىن كېيىن كۆرۈلىدىغان ئەھۋالغىمۇ ئوخشىمايتتى. مەن ئۇنىڭغا لاپپىدە قارىدىم، خۇددى قەيسەر برۇتۇس①قا قارىغاندەك. بۇ سۇتكە ھەسەلدىن باشقا يەنە نېمە قوشقان، دېگەن مەنىدىكى قاراش ئىدى.

— قورقماڭ، — دېدى ئۇ، — تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، بىردەم جىممىدە تۇرۇڭ.

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ نېمىشقا جىممىدە تۇرغۇدەكمەن! نېمىدىن قورققۇدەكمەن؟! سىز ماڭا نېمە قىلدىڭىز؟!

---

① قەيسەر (تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 100 — 44) — قەدىمكى رىمدىكى سىياسىيون، مۇستەبىت ھۆكۈمران، برۇتۇس (تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 85 — 42) ئۇنىڭ ھارامدىن بولغان بالىسى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 44 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قەيسەر سېناتتا يىغىن ئېچىۋاتقاندا قەستكە ئۇچرىغان. رىم تارىخشۇناسى سۇئېتونىئۇسنىڭ دېيىشىچە، قەيسەر قەست قىلغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا برۇتۇسنىڭمۇ بارلىقىنى سېزىپ قالغان، ئۆلۈش ئالدىدا ئۇنىڭغا: «سەنمۇ ئاشۇلارنىڭ ئارىسىدا بارمىدىڭ، بالام» دېگەن. شېكسپىرنىڭ دىرامىسى «جۇلىئۇس قەيسەر»دە، قەيسەر ئۆلۈش ئالدىدا: «برۇتۇس، سەنمۇ ئاشۇلارنىڭ ئارىسىدا بارمىدىڭ؟ ئەمىسە يىقىلغىن، قەيسەر» دېگەن.

# بالا ئومۇ

## 13

مېنىڭ ئارزۇيۇم ئاخىر ئەمەلگە ئاشتى! مېنىڭ دىلفىنىم ئاخىر بۇ يەرگە كەلدى! ئۇ بەدىنىنىڭ يېرىمىنى سۇ يۈزىدە تىككىدە تۇتۇپ، ماڭا قاراپ دېلفىنلارغا خاس كۇلۇمسىرىدى!

مەن ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن پىرىستانىنىڭ قىرىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ پۇتۇمنى سۇغا چىلىدىم. ئاندىن ئىككى قولۇمنى مەيدەمگە قويۇپ ۋارقىرىدىم:

— مېنىڭ ئىسمىم ئومۇ.

دەل شۇ چاغدا تولىمۇ غەلىتە ئىش يۈز بەردى، مېنىڭ قەلبىمدىن تۇيۇقسىز بىر ئاۋاز ياڭرىدى:

— ئاخىر سەن بىلەن كۆرۈشتۇم، خۇشاللىقىم ئىچىمگە پاتمايۋاتىدۇ، ئومۇ.

بۇ مۇمكىنمۇ؟ مېنىڭ دېلفىنىم شۇنداق گەپلەرنى قىلالامدۇ؟! بۇ يا مېنىڭ ئۇنىڭ ئورنىدا بەرگەن جاۋابىممۇ؟

— سەن... سەن راستىلا ئاشۇ گەپنى قىلدىڭمۇ؟ — مەن هاياجان بىلەن دېلفىنىمدىن سورىدىم، — «ئاخىر سەن بىلەن كۆرۈشتۇم، خۇشاللىقىم ئىچىمگە پاتمايۋاتىدۇ، ئومۇ» دېگەن گەپنى سەن قىلدىڭمۇ ياكى بۇ مېنىڭ خىيالىممۇ؟

— شۇنداق، بۇ گەپنى راستىلا مەن قىلدىم.

— ها... هازىرچۇ؟ «شۇنداق، بۇ گەپنى راستىلا مەن قىلدىم»، سەن هازىر مۇشۇ گەپنى قىلدىڭمۇ؟

— شۇنداق، ئومۇ، مەن شۇنداق دېدىم.

يۈرىكىم تىپچەكلەپ كېتىۋاتاتتى. بۇ چۈشۈم ئەمەستۇ؟ مەن راستىلا دېلفىن بىلەن پاراڭلىشىۋاتىمەنمۇ؟

— لېكىن، دېلفىن گەپ قىلالامدۇ؟ — سورىدىم مەن.

— ئەلۋەتتە، ھەممە نەرسە گەپ قىلالايدۇ.

ھەممە نەرسە گەپ قىلالايدۇ، ھىم... لېكىن، ئەگەر بۇ جاۋاب مېنىڭ خىيالىم بولۇپ قالسىچۇ؟ بۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇشنىڭ بىرلا چارىسى بار.

— دېلفىنىم، — دېدىم مەن، — ئەگەر بايىقى گەپلەرنى راستىلا سەن قىلغان بولساڭ، ئەمدى مەن بىلمەيدىغان ئىشلارنى سۆزلەپ باققىنا.

— ماقۇل، — دېدى دېلفىنىم ياكى مېنىڭ قەلبىم، — بىر ئىشنى بەلكىم سەن بىلمەيسەن: مېنىڭ قورسىقىمنىڭ ئاستىدا بىر تاتۇق بار. قارا، — ئۇ سۇدا ئۇڭدىسىغا بولۇپ ياتتى، — كۆرەلىدىڭمۇ؟

— كۆردۇم ! كۆردۇم ! — دېدىم مەن پۇتلىرىمنى سۇدا پالاقشىتىپ، — ئايھاي ! ۋاھ ! سەن گەپ قىلالايدىكەنسەن ! سەن مەن بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپسەن !

دېلفىن بېشىنى خۇشال لىڭشىتتى.

— لېكىن، بۇ... ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك ئىشقۇ !

— بۇ گېپىڭغۇ راست ! ئادەمزات بىلەن پاراڭلىشىشنى ئەزەلدىن ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. بۇنى تۈنۈگۈنلا بىلدىم.

— تۈنۈگۈنلا بىلدىم؟ — سورىدىم مەن، — بۇ قانداق گەپ؟ تۈنۈگۈن قانداق ئىش يۈز بەرگەندى؟

— ھە، ئۇ مۇھىم ئىش ئەمەس. بىز پاراڭلىشالايدىغان بولدۇق، مۇشۇنىڭ ئۆزى كارامەت ئىش بولدى !

— راست، كارامەت ئىش بولدى. لېكىن، تۈنۈگۈن نېمە ئىش بولغانلىقىنى ماڭا ئېيتىپ بەرگۈڭ يوقمۇ؟

— ئۇ مۇھىم ئىش ئەمەس، — دېدى ئۇ يەنە، كۆزلىرىنى باشقا ياققا يۆتكىدى، — مۇھىمى، بىز پاراڭلىشالايدىغان بولدۇق،

بۇ كارامەت ئىش بولدى، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— راست دەيسەن، بۇ كارامەت ئىش بولدى، بۇنىڭغا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ، ئادەمنىڭ ھېچ ئەقلى يەتمەيدىغان ئىش بولدىغۇ بۇ! يەنە بىر گەپ، ماڭا ئېيتىپ بەرگىن، دېلفىنىم، ماڭا ئېيتىپ بەرگىن، سېنىڭ ئىسمىڭ نېمە؟

— ئومۇ.

— ئومۇ؟ — دېدىم مەن، — لېكىن «ئومۇ» دېگەن مېنىڭ ئىسمىمغۇ، مەن ئۆزۈڭنىڭ ئىسمىنى سوراۋاتىمەن.

— بايا دېگىنىمدەك، مېنىڭ ئىسمىم ئومۇ.

— بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ سېنىڭمۇ ئىسمىڭ ئومۇ بولغىنى قانداق گەپ؟

ئۇ ماڭا قارىدى، خۇددى مەن ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنمەيۋاتقاندەك. ئاندىن ئۇ سۇغا شۇڭغۇپ، مەندىن يىراققا ئۈزۈشكە باشلىدى.

— توختا، دېلفىنىم! توختا! نەگە بارىسەن؟

ئۇ توختىمىدى.

— ساڭا يالۋۇرۇپ كېتەي، دېلفىن، ئۆتۈنۈپ قالاي، توختىساڭچۇ!

ئۇ ئۈزۈپ كېتىۋەردى.

— ئومۇ، ئومۇ، ئومۇ، كەتمىگىن! — مەن جان - جەھلىم بىلەن ۋارقىرىدىم.

ئۇنى ئۆز ئىسمىم بىلەن چاقىرغانلىقىمنى ئاڭلاپ، ئۇ مەن تەرەپكە قاراپ ئۈزۈشكە باشلىدى، دېلفىنلارغا خاس كۈلۈمسىرىشىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆردۈم.

— بولدى، بولدى، — دېدىم مەن، — سېنىمۇ ئومۇ دەپ چاقىراي.

ئۇ خۇشاللىق بىلەن باش لىڭشىتتى.

— ئومۇ، — دېدىم مەن، — ساڭا بۇ ئىسىمنى كىم قويۇپ قويغان؟

— سەن.
— مەن؟ بۇ نېمە دېگىنىڭ ئەمدى؟
ئۇ خۇددى ماڭا قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەيۋاتقاندەك، بىرپەس جىم تۇرۇپ قالدى.
— ئۇمۇ، — دېدى ئۇ بىر چاغدا، — مېنى نېمىشقا چاقىرغانلىقىڭ؟
— بۇنى بىلىسەن... سەن بىلەن دوست بولۇش ئۈچۈن چاقىرغان بولمايمەنمۇ. مەن سېنى كۆڭلۈمدىكىنى چۈشىنىدۇ، دەپ بىلىمەن. شۇڭا، سەن مېنى چۈشىنىسەن. سېنى چاقىرىشىمدىكى سەۋەب، ئاكۇلادىنمۇ قورقۇنچلۇق ئاشۇ نەرسە مېنى چىشلەپ ئارام بەرمەيۋاتىدۇ، ئەگەر سەن بىلەن دوست بولسام، ئۇ ماڭا يېقىن كېلەلمەيتتى.
— لېكىن، مەن بۇ دېڭىزدىن كەتكەندىن كېيىن قانداق ئىشلار يۈز بېرىشى مۇمكىن؟
مەن قوشۇمامنى تۈردۈم:
— سەن بۇ يەردىن كەتمەكچىمۇ؟
— ھەممە نەرسە يوقىلىدۇ، — دېدى ئۇ.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ، شۇ زامان قۇم قەلئەنى ئېسىمگە ئالدىم.
— بىلىمەن، — دېدىم مەن، — بىلىمەن، مەن قۇم قەلئە ياسايمەن، لېكىن ئۇ دائىم يوقاپ كېتىدۇ. شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، سەن قېلىپ قالساڭ بولمامدۇ!
— ھەممە نەرسە يوقىلىدۇ، — دېدى ئۇ يەنە، ئاندىن سۇڭغۇپ كۆزدىن غايىب بولدى.

# قىران ئومۇ

## 14

ئاۋات بىر شەھەر، كۆز پەسلى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ھەممە يەردە باھار مەنزىرىسى، كۈن نۇرى چاقناپ تۇرىدۇ، كوچىلاردا ئادەملەر مىغ - مىغ. چۈشتىن كېيىن سائەت ئۇچلەر بولۇپ قالغان مەزگىل، پىيادىلەر يولىدىكى قەھۋە شىرەسىدە ئىشقا ماڭغانلار، ئوقۇغۇچىلار، دوست - بۇرادەرلەر غۇچچىدە ئولتۇرۇپ كەتكەنىدى... بىرلىرى كۆنگە قاقلىنىپ كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئولتۇراتتى، بىرلىرى قارا كۆزئەينەك تاقىۋالغانىدى، يەنە بىرلىرى بولغۇسى ئاشىقىنىڭ پارىڭىنى توختىماي قىلاتتى، ئاشىق - مەشۇقلار بولسا ئېغىزىدا گەپ يوق، بىر - بىرىگە تويماي قارىشىپ ئولتۇراتتى، كۆتكۈچىلەر ھەربىر شىرەگە بېرىپ چاي، قەھۋە، شارابلارنى جىقلاپ تۇراتتى...

تېلېكامېرانىڭ كۆزى بىردىنلا يىراققا توغرىلاندى، ئەمدى ئۇنىڭدا دەرەخلەرنىڭ ئۇچلىرى نامايان بولدى. قۇشلارنىڭ چاڭىلداپ سايراشلىرى بارغانسېرى ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى. يوپۇرماقلار خۇددى قۇشلارغا تەڭكەش قىلىۋاتقاندەك، يېنىك شامالدا يېقىملىق شىلدىرلايتتى.

تېلېكامېرانىڭ كۆزى پەسكە يۆتكىلىپ، شىرە ئەتراپىدىكى ئادەملەردىن يىراقلاشتى، چوڭ يولغا توغرىلاندى. بىر - بىرىدىن ئالدىراش ئادەملەر قوللىرىدا ھەر خىل سومكا، كوچىدا موكىدەك ئۆتۈشمەكتە، قەدەملىرى جىددىي، كۆزلىرىدە تەشنالىق، چىرايىدا ھاياجان...

تېلېكامېرانىڭ كۆزى ئۇ يەردە ئۇزاق توختىمىدى، سول تەرەپتىكى ئىككى كوچا بىلەن ئوڭ تەرەپتىكى ئۈچ كوچىغا بۇرالدى، ئارقىدىن بىر يولدىن يەنە بىر يولغا يۆتكىلىپ، ئاندىن دوختۇرخانىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ ئىشىكىگە توغرىلاندى. ئۇ ئاستا ـ ئاستا يەر ئاستى ئۆيىگە توغرىلىنىپ، ھەم يېپىلغان بىر پولات ئىشىكنىڭ ئالدىدا شاپپىدە توختىدى. تېلېكامېرا چۆچۈپ كەتتى، ئۇ يەردە قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ يەردىن چېكىنىپ چىقىپ، ئاشۇ سومكا كۆتۈرگەن قوللارنى، گەپ قىلىۋاتقان ئېغىزلارنى، بىر ـ بىرىگە تويماي قارىشىپ تۇرغان ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ كۆزلىرىنى داۋاملىق تارتقۇسى كەلدى، لېكىن ئۇنداق قىلالمىدى، كەينىگە قايتالمىدى، خۇددى بىر قول ئۇنى قىمىرلىيالماس قىلىپ تۇتۇۋالغاندەك ئىدى.

تېلېكامېراغا باشقا ئامال بولمىدى، پولات ئىشىكنىڭ ماڭلىيىدىكى ۋۇۋىسكىنى سۈرەتكە ئېلىشقا مەجبۇر بولدى:

جەسەتخانا.

# بالا ئومۇ

## 14

شۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت كۈن ئەتىسىگەندە مەن ئوخشاش بىر ۋاقىتتا ئوخشاش يەرگە بېرىپ دىلفىن ئومۇنىڭ كېلىشىنى كۈتتۇم. لېكىن، ئۇ ماڭا ئۆزىنى كۆرسەتمىدى. دەسلەپتە ئۇنى چاقىچاق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدىم. ئۇ ئۆزى مېنى ئىزدەپ كەلگەن، شۇنداققۇ؟ مەن ئۇنىڭ سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ: «مەن ساڭا چاقچاق قىلىپ قويدۇم! مەن ساڭا چاقچاق قىلىپ قويدۇم!» دېيىشىنى كۈتتۇم، لېكىن ئۇنداق ئىش يۈز بەرمىدى.

بۈگۈن، بەشىنچى كۈنى ئەتىگەن، مېنىڭ پىرىستانغا بارغۇم كەلمىدى، لېكىن يەنە ئوخشاش ۋاقىتتا ئويغىنىپ كېتىپ، كارىۋاتتا ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈلۈپ ياتتىم.

نېمە ئۈچۈن؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن مېنى تاشلاپ كېتىدۇ؟ مېنى تاشلاپ كېتىدىغان نىيىتى بولسا، ئەينى چاغدا مېنى نېمىشقا ئىزدەپ كېلىدۇ؟ مەن دېلفىننى دوستۇم دەپ يۈرۈپتىمەن، لېكىن ئۇمۇ پەرىشتەمگە ئوخشاش مېنى ياخشى كۆرمەيدىكەن. ئەمدى مېنىڭ كۆڭلۇممۇ ئۇنىڭدىن سوۋۇپ كېتىدۇ. ياق، مەن ئۇنى ياخشى كۆرمەيمەن، ئازراقمۇ ياخشى كۆرمەيمەن!

بۇ چاغدا بىر ئاۋاز تۇيۇقسىز خىيالىمنى بۆلدى:

— سەن مېنى ياخشى كۆرمىسەڭمۇ، مەن ئاشۇ نۇرلۇق دۇنيا ئۈچۈن سېنى يەنىلا ياخشى كۆرىمەن.

— دېلفىن ئومۇ، گەپ قىلغان سەنمۇ؟

— بۇ ياققا چىقىپ ئۆزۈڭ كۆرۈپ باق.

مەن كارىۋاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ پەرىستانغا قاراپ يۈگۈردۈم.

ئۇ ئاۋۇ يەردە ئىكەن ! ئاۋۇ يەردە ! ئۇ مەندىن ئەللىك مېتىرچە نېرىدا دولقۇن يېرىپ ئۈزۈپ يۈرەتتى !

مەن ئۇنىڭغا قاراپ قول پۇلاڭلاتتىم، ئۇ ماڭا قۇيرۇقىنى شىپپاڭشىتىپ قويۇپ، پەرىستانىنىڭ ئالدىغا ئۈزۈپ كەلدى.

— قېنى ئېيتقىنا، دېلفىن ئومۇ، ئېيتقىنا، نېمىشقا، مېنى نېمىشقا تاشلاپ كېتىسەن؟

— كەچۈرگىن، ئومۇ، مېنىڭ كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلغۇم يوق.

— ئەمىسە نېمىشقا كېتىسەن؟

— ھەممە نەرسە يوقىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن كېتىمەن.

— گېپىڭنى چۈشەنمىدىم.

— بۇ دۇنيادا ھەممە نەرسە يوقىلىدۇ، مېنىڭ مۇنداق ئاقىۋەتنى كۆرگۈم يوق. سەنمۇ شۇنداققۇ؟

— شۇنداق، لېكىن چۈشەنمىدىم، بۇنىڭ سېنىڭ كېتىشىڭ بىلەن نېمە ئالاقىسى؟

— مەن ساڭا موھتاج، ئومۇ، سېنىڭ ھەممىنى تۇتۇپ قېلىشىڭغا موھتاج.

— بۇ قانداق گەپ؟

— دېمەكچى بولغىنىم، ئىككىمىز تەڭ كۈچ چىقارساق، ھەممىنى تۇتۇپ قالالايمىز. ئىككىمىز بىر نىيەتتە ھەمكارلاشساقلا، ئۆزىمىز ئايرىلىشنى خالىمايدىغان نەرسىلەر مەڭگۈ يېنىمىزدىن كەتمەيدۇ.

— بۇ گېپىڭ راستمۇ؟ بۇ گېپىڭچە، مەن ياسىغان قۇم قەلئەمۇ مەڭگۈ ساق تۇرىدىكەن ـ دە؟

— يالغۇز قەلئەلا ئەمەس، ھەممە نەرسە شۇنداق بولىدۇ.

— بۇنىڭ ئۈچۈن مەن قانداق قىلسام بولىدۇ؟

— ھەممە نەرسە مەڭگۈلۈك يوقالمايدىغان دۇنياغا بېرىشىڭ كېرەك، — دېدى دېلفىن ئومۇ، — مېنىڭ دەۋاتقىنىم نۇرلۇق

دۇنيا، ئەۋلىيالار تۇرىدىغان دۇنيا! ئەگەر ئاشۇ دۇنياغا بېرىۋالساق، ھەممە نەرسىنى تۇتۇپ قالالايتتۇق.

— نۇرلۇق دۇنيا؟ ئەۋلىيالار؟

دېلفىن ئۇمۇ بېشىنى لىڭشىتتى:

— بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى بىر ئاق قۇ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇ ماڭا نۇرلۇق دۇنيا ۋە ئەۋلىيالارنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەردى. نۇرلۇق دۇنيادا نېمە ئۈچۈن ھەممە نەرسىنىڭ يوقالمايدىغانلىقىنى ئاشۇ ھېكايىدىن چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

— ئۇ قانداق ھېكايە ئىكەن؟ مەن ھېكايە ئاڭلاشقا ئامراق! مېنىڭمۇ ئۇ ھېكايىنى ئاڭلىغۇم بار!

— ھە، ھېكايە مۇنداق... بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، تاش تېخى تاشقا ئايلانمىغان ۋاقىتتا، مۇنداقچە ئېيتساق، قۇرۇقلۇق بىلەن دېڭىز ـ ئوكيانلارمۇ تېخى پەيدا بولمىغان ۋاقىتتا، بىر نۇرلۇق دۇنيا بولغانىكەن، ئۇ دۇنيادا سانسىزلىغان ئەۋلىيالار ياشايدىكەن، ئۇ يەردىكى ھەممە نەرسە مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئىگە ئىكەن. بىر كۈنى نۇرلۇق دۇنيادىكى نۇرغۇن ئەۋلىيالار بىزنىڭ دۇنيانى ئېكسكۇرسىيە قىلماقچى بوپتۇ. ئالدى بىلەن كەلگەنلىرى ساھىبجامال، ئەركىنلىك، بايلىق، ھوقۇق، ئەقىل قاتارلىقلار ئىكەن، بەخت ئەڭ ئاخىرىدا كەپتۇ. بىزنىڭ دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن ھەربىر ئەۋلىيا بەختنىڭ بىر قولىنى تۇتۇپ (چۈنكى، بەختنىڭ قوللىرى سانسىز ئىكەن)، يەر شارىنىڭ يۈزىدە كۆڭۈللۈك ساياھەت باشلاپتۇ.

لېكىن، ئۇلار ئۇزاق ئۆتمەيلا ئەزرائىل بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئەۋلىيالار يەر شارىغا كېلىشتىن ئىلگىرى، ئەزرائىلنىڭ بىزنىڭ دۇنيايىمىزدا تۇرۇۋاتقىنىغا ئۇزاق بولغانىكەن. ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئەۋلىيالار بىزنىڭ دۇنيايىمىزدا ھەممە نەرسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىپ قاپتۇ. ئۇلار ئەزرائىلدىن بەكلا قورقۇپتۇ، نۇرلۇق دۇنياغا بىر ـ بىرلەپ قېچىپ كېتىپتۇ. ئەمەلىيەتتە، ئەزرائىل ئۇلارنىڭ جېنىنى ھەرگىزمۇ

ئالالمايدىكەن، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەۋلىيا - دە. لېكىن، ئۇلار قېچىپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئەقىلدىن مەسلىھەت سورىغانىكەن، ئەقىل ئۇلارغا ھەرھالدا ئېھتىياتچان بولۇپ، ئەزرائىلدىن يىراقراق يۈرۈش مەسلىھەتىنى بەرگەنىكەن.

بەخت بىزنىڭ دۇنيايىمىزدىن بىرىنچى بولۇپ كەتكەنىكەن، چۈنكى ئۇ ئەقىلنىڭ مەسلىھەتىنى ئەڭ باشتا ئاڭلاپتىكەن. شۇڭا، بۇ دۇنيادا بىز بىلىدىغان ھەربىر بەخت ئەمەلىيەتتە ھامان تارقىلىپ كېتىدىغان خۇش پۇراقتىن باشقا نەرسە ئەمەس، چۈنكى ئۇ بەخت بىزنىڭ دۇنيايىمىزدا ئايلىنىپ يۈرگەندە قالغان پۇراق. ئاخىرىدا ساھىبجامال، ئەركىنلىك، بايلىق قاتارلىق قالغان ئەۋلىيالارمۇ بىزنىڭ دۇنيايىمىزدىن كېتىپتۇ، بۇ يەردە قالغىنى پەقەت ئۇلارنىڭ خۇش پۇرىقى ئىكەن. ئاق قۇنىڭ دېيىشىچە، دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، ساھىبجامال، ئەقىل، بايلىق، ھوقۇق، ئەركىنلىك ۋە بەخت قاتارلىق باشقا ئەۋلىيالار بىزنىڭ دۇنيايىمىزدا قالدۇرۇپ كەتكەن ھەربىر خۇش پۇراق ئاخىر بېرىپ تارقىلىپ كېتىدىكەن.

دېلفىن ئومۇ سەل تۇرۇۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— لېكىن، نۇرلۇق دۇنيادا ھەممە نەرسە مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئىگە. ئۇنداق بولۇشى، بىز ئۇ يەردە ئەۋلىيالارنىڭ خۇش پۇرىقىنىلا ئەمەس، ئەۋلىيالارنىڭ ئۆزىنىمۇ تاپالايمىز. شۇڭا دەيمەن، نۇرلۇق دۇنياغا بېرىپ ئاشۇ ئەۋلىيالار بىلەن ئۇچرىشالىساقلا، ھەممە نەرسىنى تۇتۇپ قالالايمىز!

— بۇ قالتىس ھېكايە ئىكەن، دېلفىن ئومۇ، — دېدىم مەن، — ھەممە نەرسىنى تۇتۇپ قېلىش، بۇ قالتىس ئىش ئىكەن، لېكىن بىز قانداق قىلساق ئۇ نۇرلۇق دۇنياغا بارالايمىز؟

— ئەگەر بىز نۇرلىنالىساق، ئۆزىمىزنى تەبىئىيلا ئاشۇ نۇرلۇق دۇنيادا كۆرىمىز.

— نۇرلىنالىساق؟

— شۇنداق. مەن مۇشۇ سەۋەبتىن بۇ يەرگە كەلگەن، ئومۇ، —

ئۇ نەزىرىنى پارلاپ تۇرغان كۆنگە يۆتكىدى، — مەن بۇ يەرگە سەن بىلەن دوست بولۇش ئۈچۈن كەلگەن، ئىككىمىز ياخشى دوستلاردىن بولالىساقلا، بۇ دوستلۇق بىزنى نۇرلۇق دۇنياغا يەتكۈزىدۇ.

— ساڭىمۇ مەلۇم، مېنىڭ سەن بىلەن بەكمۇ دوست بولغۇم بار، دېلىفىن ئومۇ. گېپىڭگە قارىغاندا، ئۇ نۇرلۇق دۇنيا قالتىس يەر ئىكەن. لېكىن، بىزنى قانداق نەرسە نۇرلاندۇرالايدۇ؟

— مەن ساڭا ھەممىنى سۆزلەپ بېرىمەن، لېكىن بۇنىمۇ كېچىدىلا ساڭا چۈشەندۇرۇپ بېرەلەيمەن. بۈگۈن يېرىم كېچە بىلەن قېيىقنىڭ پالىقىنى يۇز قېتىم ئۇرۇپ، تولۇن ئاي نۇرىدا جۇلالىنىپ تۇرغان سۇ يولىغا كىرگىن، بىز ئاشۇ يەردە كۆرۈشەيلى، بولامدۇ؟

— بولىدۇ، — دېدىم مەن، — ھازىرنىڭ ئۆزىدە جېنىم ئالدىراپ كېتىۋاتىدۇ!

— ماقۇل ئەمىسە، نۇرغا ئامانەت، ئومۇ.

— نۇرغا ئامانەت؟

— ھېلىقى ئاق قۇ مەن بىلەن شۇنداق دەپ كۆرۈشكەن، ئۇ «خەير ـ خوش» ياكى «ياخشىمۇسەن» دېگەن مەنىدە.

— ھە، مۇنداق دېگىن، ئەمىسە سېنىمۇ نۇرغا ئامانەت، دېلفىن ئومۇ.

# قىران ئومۇ

## 15

تېلېكامېرا ئاخىر قارشىلىقتىن قالدى، ئىشىكتىن كىرىشكە مەجبۇر بولدى. نەچچە يۈز پولات تارتما، تۆتقۇچى سۆڭەكتىن ئۆتكۈدەك مۇزدەك. تېلېكامېرانىڭ كۆزى باشتا ئوڭغا تېز سۈرئەتتە ئەلەڭلەپ بېرىپ بىردىنلا توختاپ قالدى، ئاندىن سولغا ئىككى تارتما يۆتكەلدى، ئارقىدىن ئۈچ تارتما پەسكە يۆتكەلدى. «130405» نومۇرلۇق تارتما ئاستا ـ ئاستا ئېچىلىشقا باشلىدى... ئېچىلدى... ئېچىلدى...

ۋاي خۇدايىم!

بۇ مەنغۇ! مەن تارتمىنىڭ ئىچىدە ياتىمەنغۇ!

مەن ۋارقىرىماقچى بولدۇم، بىراق كالپۇكلىرىم توڭلاپ قالغانىدى؛ مەن ئورنۇمدىن تۇرماقچى بولدۇم، بىراق بەللىرىم قېتىپ قالغانىدى؛ مەن قاچماقچى بولدۇم، بىراق پۇتلىرىم مۇز تۇتۇپ كەتكەنىدى. مېنىڭ قوڭۇر رەڭ كۆز قارىچۇقلىرىم سارغۇچ دارچىن رەڭگە كىرىپ قالغان، مىدىرلاشتىن قالغانىدى. مەن تارتما ئىچىدە بىر پارچە مۇزغا ئايلىنىپتىمەن، لەھەتكە تاشلىنىش ئالدىدا تۇرۇپتىمەن.

چۈشىڭىزدە باشقىلار سىزنى قوغلايدۇ، سىز تۇتۇلۇپ قېلىش ياكى ئۆلۈم خەۋپىگە دۇچ كەلگەندە ۋارقىرىماقچى بولىسىز، لېكىن ۋارقىرىيالمايسىزغۇ؟ سىز ۋارقىرىغان ھالەتتىمۇ ئاۋازىڭىز چىقمايدۇ، شۇنداقمۇ؟ ھەي، جەسەتخانىدا ئۆزۈمنىڭ جەسىتىنى كۆرگەندە مەن دەل شۇنداق بولدۇم.

# بالا ئومۇ

## 15

تۈن نىسپىي بولۇپ قالغاندا مەن پۈتۈمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۆيدىن چىقتىم. تەلىيىمگە، ھېچكىم سەزمەي قالدى. مەن ئارقا ھويلىدىن ياغاچ پالاقنى ئېلىپ پىرىستانغا قاراپ ماڭدىم.

دېلفىن ئومۇ ئەتىگەن دېگەن گەپنى كۆپ ئويلاندىم، لېكىن زادىلا تېگىگە يېتەلمىدىم. بولۇپمۇ «نۇرلىنىمىز» دېگەن گېپى. بۇ قانداق گەپتۇ؟

مەن دېلفىن ئومۇنىڭ دېگىنى بويىچە پالاقنى يۈز قېتىم ئۇردۇم، ئاي نۇرىدا جۇلالىنىپ تۇرغان سۇ يولى بىلەن تولۇن ئايغا قاراپ ئىلگىرىلىدىم، ئاخىرىدا ئۇچۇق دېڭىزدىكى قاقاس قولتۇق يېنىدا توختىدىم. مەن بۇ يەرگە قاپقاراڭغۇ كېچىدە كەلدىم، لېكىن ئازراقمۇ قورقمىدىم.

دېڭىز ناھايىتى تىنچ، ئاسماننىڭ باشقا يەرلىرىگە قارىغاندا ئاينىڭ ئەتراپىدا يۇلتۇزلار تېخىمۇ ئاز. مەن نېمىشقا مۇنداق بولىدىغانلىقى ئۈستىدە كاللا قاتۇرۇۋاتقاندا، ئۆزۈم زارىقىپ كۈتكەن سۇنىڭ شالتاقشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئۇ قەيەردە؟

— ساڭا نۇر ھەمراھ بولسۇن، ئومۇ !

— ساڭىمۇ نۇر ھەمراھ بولسۇن، دېلفىن ئومۇ ! — دېدىم مەن دوستۇمنىڭ ئىسمىغا تازا ئادەتلىنەلمەيۋاتقان بولساممۇ، — «نۇرلىنىش» دېگەن قانداق گەپ؟ ئەمدىغۇ دەپ بېرەرسەن؟ ئەتىگەندىن بېرى ئويلاپ ھېچ تېگىگە يېتەلمىدىم !

— ماقۇل، ئۇنداق بولسا ئېيتىپ بەرسەم بېرەي، ھېلىقى ئاق قۇنىڭ سۆزلەپ بەرگىنىچە دەپ بېرەي.

— بولىدۇ، بولىدۇ، قېنى سۆزلە، ئۇ نېمە دېگەنىدى؟

— ئۇنىڭ دېيىشىچە، نۇرلىنىش دېمەكلىك — قەلبىمىزدىكى نۇر بىلەن ئۇچرىشىش، دېمەكلىك ئىكەن. ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، كائىناتتىكى جىمى مەۋجۇداتنىڭ قەلبىدە ئوخشاش نۇر بولىدىكەن، سېنىڭ قەلبىڭدە، مېنىڭ قەلبىمدىمۇ نۇر بولىدىكەن، دېڭىز، دەرەخ، بۇلۇت، چايكا... پۈتۈن مەۋجۇداتنىڭ قەلبىدە نۇر بولىدىكەن! شۇڭا «نۇرلىنىش»نىڭ پەقەت بىرلا مەنىسى بار — ئاشۇ نۇر بىلەن ئۇچرىشىش. ئاشۇ نۇر بىلەن ئۇچراشقاندا، سەن ئۆزلۈكۈڭدىن نۇرلۇق دۇنياغا كېلىپ قالغان بولىسەن. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، سەن قەلب نۇرى بىلەن قەيەردە ئۇچراشقان بولساڭ، شۇ يەردە نۇرلۇق دۇنياغا كىرىسەن.

— لېكىن، دېلفىن ئومۇ، مەن مۇنداق ئىشنى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن، ئۇ ئاق قۇ بۇلارنى قانداق بىلىدىغاندۇ؟

— ئۇنداق بولۇشى، ئۇ دېگەن ئادەتتىكى ئاق قۇ ئەمەس ـ دە. ئۇ نۇرلىنىپ بولغان، شۇڭا نۇرلۇق دۇنيادا ياشايدۇ.

— ۋاھ، شۇنداقمۇ؟

دېلفىن ئومۇ بېشىنى لىڭشىتتى.

— قېنى ئېيتقىنا، سەن ئۇ ئاق قۇ بىلەن قەيەردە ئۇچرىشىپ قالدىڭ؟ سىلەر قانداق كۆرۈشتۇڭلار؟ ئۇ قەيەردە تۇرىدىكەن؟

— ئۇ ناھايىتى يىراق يەردە تۇرىدىكەن، لېكىن ئۇ بۇ يەردىكى دېڭىزغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى ماڭا سۆزلەپ بەردى. يېقىندا ئۇنىڭ قەلبىدىكى سادا ئۇنىڭغا يەتتە ئارالغا يېقىن يەرگە بېرىشنى ئۇقتۇرۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ئاراللارنىڭ ئۈستىگە ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇ سادانىڭ ئۆزىنى نېمىشقا بۇ يەرگە باشلاپ كەلگەنلىكىنى بىلمەكچى بوپتۇ. دەل شۇ چاغدا ماڭا كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ. مېنىڭ كۆڭگە قاراپ تۇرغان قىياپىتىم، توختىماي

ئۇھ تارتىشلىرىم ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتقانىكەن. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ يېنىمغا چۈشۈپتۇ. بىز مانا شۇنداق كۆرۈشكەن. ئۇ ماڭا ئاشۇ ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى، ئۇنداق ئىشلارنى مەنمۇ ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن.

— ئۇ يەنە نېمىلەرنى دېدى؟ تېزرەك سۆزلەپ بەرسەڭچۇ، بېشىدىن سۆزلەپ بەر.

— ئۇ باشتا «ساڭا نۇر ھەمراھ بولسۇن» دېدى، ئاندىن: «تولىمۇ غەمكىن كۆرۈنىسەن، بېشىڭغا بىرەر ئېغىرچىلىق چۈشتىمۇ؟» دەپ سورىدى. «يېقىندا قېرىنداشلىرىمدىن ئايرىلىپ قالدىم، — دېدىم مەن، — بۇ ماڭا ئاشۇ رەھىمسىز پاكىتنى يەنە بىر قېتىم تونۇتتى — سەن قېرىنداشلىرىڭنى ياكى باشقا بىرەر نەرسىنى قانچىلىك ياخشى كۆرۈپ كەت، ئۇلار ئاخىرىغا بارغاندا بەربىر غايىب بولىدىكەن. مەن قېرىنداشلىرىمدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن ھەر ئاماللار بىلەن ئۆزۈمگە تەسەللى تېپىشقا تىرىشتىم. بەزىدە ئۆزۈمگە تۇرمۇشنى داۋاملاشتۇرۇشۇڭ كېرەك، دەپ غەيرەت بېرىمەن... بەزىدە ئۆزۈمنى ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەك كۆرسىتىشكە تىرىشىمەن. باشقا ۋاقىتلاردا ئۆزۈمنى شۇنداق ئەسكەرتىپ تۇرىمەن: دېلفىننىڭ تۇرمۇشى بەخت ۋە خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتسە كېرەك، شۇڭا مەنمۇ بىر مەزگىل ۋاقىتىمنى بەخت ۋە خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈشۈم كېرەك... لېكىن، بەزىدە بىلىپ - بىلمەيلا چوڭقۇر غەم - قايغۇنىڭ ئاستىدا قالىمەن، ئۆزۈمنى زۇلمەت قوينىغا پېتىپ كەتكەندەك سېزىمەن. مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا مەن نۇرلانغان بولسام، قۇياش نۇرىغا ئوخشاش زۇلمەتنى توسالغۇسىز بۆسۈپ ئۆتسەم، دەپ ئويلاپ كېتىمەن. مەن ئەركىنلىككە، قۇشلارغا ئوخشاش ئەركىنلىككە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىمەن.»

ئاق قۇ مېنىڭ گەپلىرىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «كەچمىشلىرىڭنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم تولىمۇ يېرىم بولۇۋاتىدۇ، — دېدى، — لېكىن ساڭا دەيدىغىنىم، ئەگەر راستىلا خالىساڭ،

سەنمۇ نۇرلىنالايسەن... ئەگەر نۇرلىنالىساڭ، بۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق نەرسەڭدىن ئايرىلمايدىغان بولىسەن.» ئارقىدىن ئۇ ماڭا نۇرلۇق دۇنيا بىلەن ئەۋلىيالارنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، نۇرلۇق دۇنيادا «ئەركىنلىك» دېگەن بىر ئەۋلىيا بار ئىكەن، ئەگەر مەن نۇرلىنىپ، نۇرلۇق دۇنياغا كىرەلىسەم، ئەركىنلىك بىلەن ئۇچرىشالايدىكەنمەن، شۇنىڭدىن كېيىن قۇشتەك ئەركىن ياشىيالايدىكەنمەن.

— كۆڭلۈم بەك يېرىم بولۇۋاتىدۇ، دېلفىن ئومۇ، — دېدىم مەن دېلفىن ئومۇ گېپىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، — سېنىڭ قېرىندىشىڭدىن ئايرىلىپ قالغىنىڭدىن خەۋىرىم يوق ئىكەن.

دېلفىن ئومۇ بېشىنى ساڭگىلاتتى:

— ئۇلارنى نۇرلۇق دۇنيادىن تېپىۋالارمەن، دېگەن ئۈمىدىم بار.

— ئۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

— ھېلىقى ئاق قۇنىڭ دېيىشىچە، بۇ مۇمكىن ئىكەن. چۈنكى، پۈتۈن جان - جانىۋارلارنىڭ قەلبىدە ئوخشاش نۇر بولىدىكەن، ھەممە جانلىق نۇرلۇق دۇنيادا جەم بولىدىكەن. شۇڭا دەيمەن، بىز ئۇ يەردىن ھەممە نەرسىنى تاپالايمىز.

— لېكىن، ئاشۇ نۇرلۇق دۇنياغا قانداق قىلغاندا بارغىلى بولىدۇ؟ — سورىدىم مەن، — راست، سەن بايا بىز پەقەت نۇرلىنالىساقلا، نۇرلۇق دۇنياغا تەبىئىي ھالدا بېرىپ قالىمىز، دېدىڭ، بىراق بىز قانداق قىلساق نۇرلىنالايمىز؟

— ھېلىقى ئاق قۇنىڭ دېيىشىچە، نۇرلىنىش ئەمەلىيەتتە ئۇنچە تەس ئەمەس ئىكەن. لېكىن، مېنىڭ بىر رەزىل دۈشمىنىم بار ئىكەن، ئۇ مېنى نۇرلانغىلى قويمايدىكەن.

— رەزىل دۈشمەن؟

— مەنمۇ ئاق قۇغا شۇ سوئالنى قويغانىدىم. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ماڭا تولىمۇ مۇرەككەپ بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ

دېيىشىچە، مېنىڭ قەلبىمدە بىر ئالۋاستى ياشايدىكەن، ئۇ مېنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنىم ئىكەن. پۈتۈن جان - جانىۋارلاردا ئوخشاش بىر نۇر بولغاچقا، يەنە كېلىپ ئۇ نۇرنى پارچىلىغىلى بولمىغاچقا، پۈتۈن جان - جانىۋارلار ئەمەلىيەتتە بىرنەرسە ئىكەن. لېكىن، ئاشۇ ئالۋاستى قەلبىمدە ھۆكۈمران بولۇپ تۇرغاچقا، مەن ئۆزۈمنى ئايرىم بىر دۇنيا، باشقا ھەرقانداق نەرسە بىلەن ئالاقەم يوق، دەپ قارايدىكەنمەن.

— سېنىڭ دۈشمىنىڭ ئالۋاستىمىكەن؟ ئۇ سېنىڭ قەلبىڭدە ياشامدىكەن؟ چۈشەنمىدىم، ئۇ قانداق ئالۋاستى ئىكەن؟

— ئۆزىنى دۇنيادا بىر چاغلايدىغان ئالۋاستى ئىكەن. ئۇ ئالۋاستى دۇنيادا «مەن»لا دەپ ئۆتىدىكەن، شۇڭا ھېلىقى ئاق قۇ ئۇنى «مەنمەنچى ئالۋاستى» دەپ ئاتايدىكەن. ئۇ ئالۋاستى ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدىكەن، ھەممە نەرسە مېنىڭ ئىلكىمدە بولۇشى كېرەك، دەپ قارايدىكەن.

— مۇنداق دە! — دېدىم مەن، — مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، «مەنمەنچى ئالۋاستى»مۇ پادىشاھ بولۇش ئويۇنىنى ئوينايدىكەن - دە!

— پادىشاھ بولۇش ئويۇنى؟

— شۇنداق. بۇ ئويۇننىڭ ئىككىلا قائىدىسى بار. بىرسى، سەن ئۆزۈڭنى دۇنيادا بىر چاغلىشىڭ كېرەك؛ يەنە بىرسى، سەن ھەممە نەرسە مېنىڭ ئىلكىمدە، دەپ ئويلىشىڭ كېرەك. «مەنمەنچى ئالۋاستى»نىڭ ئويلايدىغىنى مۇشۇ ئويۇندىكى بىلەن ئوخشاش ئىكەن. مەن بۇ ئويۇننى ساۋاقداشلىرىمدىن ئۆگىنىۋالغان.

— مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئاق قۇنىڭ دېيىشىچە، ھەرقانداق ئادەمنىڭ قەلبىدە «مەنمەنچى ئالۋاستى» بولىدىكەن.

— شۇنداقمۇ؟ ئۇنداقتا مېنىڭ قەلبىمدىمۇ بار بولىدىمۇ؟

— ھەممە ئادەمنىڭ قەلبىدە بولىدۇ. لېكىن، بەزى «مەنمەنچى ئالۋاستى»لار بەكرەك يامان كېلىدۇ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— ھىي ... توختا، ئاق قۇ ماڭا چۈشەندۈرگەندەك، مەنمۇ ساڭا بۇ ئىشنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيمەنمۇ، ئۆرۈنۈپ باقاي، — دېلفىن ئومۇ بېشىنى دېڭىز تەرەپكە بۇرىدى، — ھە، دېڭىز تەرەپتىكى نۇرغا دىققەت قىلىپ قارا.

مەن سۇ يۈزىدە ئەكس ئېتىپ تۇرغان ئاي نۇرىغا نەزىرىمنى ئاغدۇرغاندا، دېلفىن ئومۇ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىز سۇ ئۈستىدىكى نۇرنى كۆزىمىز بىلەن كۆرەلەيمىز، شۇنداقمۇ؟ لېكىن، ئۇ نۇر ئەمەلىيەتتە ئايدىن كەلگەن. بىزنىڭ كۆزىمىز ئاي ئىچىدە نۇر بارلىقىنىمۇ كۆرەلەيدۇ، دېگەن گەپ. لېكىن، ئاي نۇرى ئەمەلىيەتتە قۇياشتىن كەلگەن. بۇ نۇرلار ئوخشىمىغان ئۆچ يەردىن كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسى ئوخشاش بىر نۇر. ئەگەر سۇ يۈزىدىكى نۇر ئۆزىنىڭ قۇياشنىڭ ئەكس نۇرى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلسا، ئۇ نورمال ھالەت بولىدۇ. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ قۇياشتىن كەلگەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ: «مەندىن چاقناۋاتقىنى ئۆزۈمنىڭ نۇرى» دېسە، ئۇنداقتا «مەنمەنچى ئالۋاستى» ئويۇن ئويناۋاتقان بولىدۇ.

مەن نەزىرىمنى دېڭىز يۈزىدىن ئايغا، ئاندىن ئايدىن يەنە دېڭىز يۈزىگە ئاغدۇردۇم... مېنىڭ قۇياشقىمۇ قاراپ باققۇم بار ئىدى، لېكىن ھازىر كېچە، قۇياش نۇرى ئالدىمدا چاقناپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن قۇياشنىڭ ئۆزىنى كۆرەلمەيمەنغۇ. قارىماققا، بۇ نۇر ئاي نۇرىغا ئوخشايدۇ! «ئومۇ، سەن كۆزۈڭ بىلەن كۆرگەن نەرسىلەرگە ئىشىنىمۇەرمە» دېدىم مەن ئۆزۈمگە. ئەگەر بىز مەكتەپتە بۇ توغرۇلۇق ساۋاتلارنى ئۆگەنمىگەن بولساق، مېڭىمىزنىڭ قېتىقى چىقىپ كەتكۈچە ئويلىغان تەقدىردىمۇ، سۇ يۈزىدە ئەكس ئېتىپ تۇرغان نۇرنىڭ ئەمەلىيەتتە قۇياش نۇرى ئىكەنلىكىنى ھەرگىز ئويلاپ يېتەلمىگەن بولاتتۇق.

بىز بىرپەس جىمىمىدە تۇرۇپ كەتتۇق. كالالام پۈتۈنلەي قالايمىقانلىشىپ كەتكەندى. قەلبىمدە نېمىدېگەن كۆپ نەرسە

بار! باشتا پەرىشتە بار، دېيىلگەن، مانا ئەمدى ئۇنىڭغا ئالۋاستى قوشۇلدى! بىزنىڭ قەلبىمىزدىكى «مەنمەنچى ئالۋاستى» نېمە ئىشلارنى قىلغان ـ هە! ئۇنىڭ بىزنى نۇرلىنىشتىن، نۇرلۇق دۇنياغا كىرىشتىن توسقىنى نېمىسى؟

مەن مۇشۇ ئىشلارغا كاللا قاتۇرۇۋاتقاندا، دېلفىن ئومۇ قېيىقنى ئايلىنىشقا باشلىدى، كېيىن بىردىنلا توختاپ، مېنىڭ ئىسمىمنى توختىماي تەكرارلاشقا باشلىدى: «ئومۇ، ئومۇ، ئومۇ، ئومۇ، ئومۇ، ئومۇ... » ئۇ ماڭا بىرنېمە دېمەكچى بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئۇ مېنىڭ ئىسمىمنى تەكرارلاۋەردى، مەن ئېغىز ئاچقاندىلا توختىدى:

— توختا، دەل مۇشۇ سەۋەبتىن... دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، بىزنىڭ ئىسمىمىز ئوخشاش بولۇپ قالغانمۇ؟ بىزنىڭ قەلبىمىزدە ئوخشاش نۇر بولغاچقا شۇنداق بولغانمۇ؟

ئۇ خۇشاللىق بىلەن باش لىڭشىتتى، يۈزىدە دېلفىنلارغا خاس تەبەسسۇم پەيدا بولدى:

— بىز تېخى تونۇپ يەتمىگەن بولساقمۇ، بىز بىر ھېسابلىنىمىز.

— بىزنىڭ بىر بولۇشىمىز مۇمكىن ئەمەس، دېلفىن ئومۇ، سەن دېگەن دېلفىن، مەن بولسام بىر كىچىك بالا. سەن دېگەن سەن، مەن دېگەن مەن.

— راست دەيسەن، بۇ مۇمكىن ئەمەس، — دېدى ئۇ، — «مەنمەنچى ئالۋاستى» ئۈستىدىن غالىب كېلەلمەيدىكەنمىز، بىز ھەرگىزمۇ بىر بولالمايمىز.

# قىران ئومۇ

## 16

پۈتۈن سەزگۈسىنى يوقاتقان ئۆزىگە قاراپ تۇرۇشمۇ بىر غەلىتە ئىش ئىكەن... كۆزۈڭ كۆرمەيدۇ، لېكىن ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىسەن؛ قۇلىقىڭ گاس، لېكىن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرىسەن. مەن بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەي تۇرغاندا، ئاشۇ ھېكمەتلىك سۆز ئېسىمگە كېلىپ قالدى: «ئۆلۈمدىن قورقۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ رىزقىڭ تۈگىمىگەن بولسا ياشايسەن، رىزقىڭ تۈگىگەن بولسا ئۆلىسەن.»①

بىلمىدىم، ئۇ ئادەم ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىپ باققاندىن كېيىن شۇ گەپنى قىلغانمىكىن. لېكىن، شۇ تاپتا مەن ئۆلگەن بولسامۇ، مەن نېمىشقا بۇ تار تارتمىدا ياتىمەن، دەپ ئويلاۋاتىمەن.

① بۇ يۇنانلىق پەيلاسوپ ۋە ئاتېئىست ئېپىكۇرۇس (تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 341 — 270) نىڭ ھېكمەتلىك سۆزى.

# بالا ئومۇ

## 16

دىلفىن ئومۇ قىيىقنى يەنە بىرنەچچە ئايلىنىۋەتكەندىن كېيىن نەزىرىنى ماڭا ئاغدۇردى.

— ھېلىقى ئاق قۇ كېتىشتىن ئىلگىرى ماڭا مۇنداق گەپنى قىلدى: ئۇ ئاۋازىنىڭ مېنى دېڭىزنىڭ بۇ يېرىگە كېلىشكە ئۈندىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى بىلدىم. ئۇنىڭ مەقسىتى پەقەت بىرلا ئىكەن، نۇرلىنىش ئارزۇسىدا يۈرگەن دېلفىن نۇرلىنالىشى مۇمكىن، دېگەننى ماڭا ئۇقتۇرۇپ قويماقچى ئىكەن. لېكىن، مەن نۇرلىنىمەن دەيدىكەنمەن، ئالدى بىلەن مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ياخشى كۆرىدىغان دوست تېپىشىم كېرەك ئىكەن. قەلبىمىزدە «مەنمەنچى ئالۋاستى»لا بولىدىكەن، بىز نۇرلىنالمايدىكەنمىز، نۇرلىنىش ئۈچۈن ئۇ ئالۋاستىنى بويسۇندۇرۇشىمىز كېرەك ئىكەن. ئاق قۇنىڭ دېيىشىچە، مۇكەممەل دوستلۇقلا ئۇ ئەسەبىي ئالۋاستىنى بويسۇندۇرۇشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى ئىكەن.

ھازىر، مەن ھازىر بىلدىم، مەن ئىزدەۋاتقان دوست سەن ئىكەنسەن، كىچىك ئومۇ. قېنى ئېيتىپ باقىنا، سەن مېنىڭ نۇرلىنىشىمغا ياردەم قىلامسەن؟ بىز بىر - بىرىمىزگە دوستلۇق مېھرىمىزنى بەرسەكلا، بۇ مەقسەتكە يېتەلەيمىز.

— لېكىن، مەن سېنى ياخشى كۆرمەنغۇ. مېنىڭچە، سەنمۇ مېنى ياخشى كۆرىسەن. شۇنداق ئىكەن، بىز نېمىشقا نۇرلىنالمايمىز؟

— بىز بىر - بىرىمىزنى پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن ياخشى كۆرۈشىمىز كېرەك.

— پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن دېگەن قانداق بولىدۇ؟

— بىزنىڭ بىر - بىرىمىزنى ياخشى كۆرىدىغان نۇرغۇن تەرەپلىرىمىز بار، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ چۈنكى، بىز تولىمۇ ئوخشىشىمىز، بىللە كۆڭۈللۈك ئوينىيالايمىز، بىر - بىرىمىزنى بەختلىك قىلالايمىز... لېكىن، ئاق قۇنىڭ دېيىشىچە، بۇ پەقەت «ئۆزىنى» ياخشى كۆرۈش بولىدىكەن، بۇ خىل ياخشى كۆرۈش بىلەن «مەنمەنچى ئالۋاستى»نى مەڭگۈ بويسۇندۇرغىلى بولمايدىكەن. شۇڭا، سېنى ياخشى كۆرسەم، ئۆزۈم ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت سەن ئۈچۈنلا ياخشى كۆرۈشۈم، سېنىڭ قەلبىڭنىڭ نۇرلىنىشى ئۈچۈن ياخشى كۆرۈشۈم كېرەك ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، — دېلفىن ئومۇ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى مۇھەببەت ئۆزۈكسىز چوڭقۇرلاپ بېرىشى كېرەك، قەلبىمىزدىكى «مەنمەنچى ئالۋاستى»نى بويسۇندۇرۇپ بولغۇچە ئۆزلۈكسىز قالماسلىقى كېرەك. بىز بىر - بىرىمىزنى ئايرىيالمايدىغان دەرىجىدە ياخشى كۆرۈشۈشىمىز كېرەك. بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشىدىغان ئىككى ئادەم بىر ئادەمگە ئايلىنالايدۇ. بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز شۇنداق بولۇشى كېرەك.

دېلفىن ئومۇ گېپىنى تۈگىتىشىگە، مەن سەكرەپ كەتتىم. توغرا! توغرا! شۇنداق بولۇشى كېرەك! بۇ دەل مەن ئىزدەۋاتقان دوستلۇق ئەمەسمۇ! ئىككى بالا بىللە ئايلىنىش! مۇنداقچە ئېيتقاندا، بالا دېلفىن، دېلفىنغا بالىغا ئايلىنىدۇ، لېكىن نەتىجىسى ئوخشاش، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— مەن سېنى قۇچاقلىسام بولامدۇ؟ — ۋارقىرىدىم مەن، — ئاۋازىم شۇنداق قاتتىق چىقىپ كەتكەنىدى، دېلفىن ئومۇ چۆچۈگىنىدىن سەكرەپ كەتتى. كېيىن ئۇ كېمىنىڭ يېنىغا ئۆزۈپ كېلىپ كۆكۈچ كۆل رەڭ بەدىنىنى سۇدىن چىقاردى. مەن

ئۇنىڭ سىلىق بەدىنىنىڭ ئىككى تەرىپىنى قۇچاقلىدىم، ئۇ پالاقچىسى بىلەن بىلىمدىن قامالىلىدى، ئىككىمىز مەھكەم قۇچاقلاشتۇق.
— قانداق دەيسەن، كىچىك ئومۇ؟ — دېدى دېلفىن ئومۇ پەس ئاۋازدا، — نۇرلىنىش ئۇچۇن، سەن مەن بىلەن دوست بولۇشنى خالامسەن؟
— مېنىڭ سەن بىلەن دوست بولۇشقا قانچىلىك تەشنا ئىكەنلىكىمنى بىلىسەن، دېلفىن ئومۇ. لېكىن، مەن سەن دېگەندەك دوست بولالارمەنمۇ؟
— ئەگەر ئۇنداق قىلالمايدىغان بولساڭ، شۇ تاپتا بۇ يەردە تۇرمىغان بولاتتىڭ.
— لېكىن، سېنىڭمۇ خەۋىرىڭ بار، مەن ئەسلىدە ساڭا ھاجىتىم چۈشكەچكىلا، مېنى ئاكۇلادىنمۇ قورقۇنچلۇق ئاشۇ نەرسىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالامدىكىن، دېگەن ئۈمىدتىلا سەن بىلەن دوست بولۇشنى ئويلىغان. سېنى نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىمنى بىلسىكەن، دېگەن ئۈمىدتىمەن... لېكىن، ھازىر قاراپ باقسام، سېنىڭ مەن بىلەن دوست بولۇشۇڭدا پۈتۈنلەي باشقا سەۋەب بار ئىكەن... بىلمەيمەن، مەن ئۇنداق دوست بولالايمەنمۇ - يوق. بىلمەيمەن، «مەنمەنچى ئالۋاستى»نى بويسۇندۇرالايمەنمۇ - يوق. بىلمەيمەن...
— كۆزۈم يېتىدۇ، سەن شۇنداق دوست بولالايسەن. بىلىمەن، سەن مېنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن ياخشى كۆرىسەن. مەنمۇ شۇنداق قىلىمەن، سېنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ياخشى كۆرىمەن، ئىككىمىز بىر جان، بىر تەنگە ئايلىنىمىز. مەن ساڭا قارىسام ئۆزۈمنى كۆرىمەن.
— ھىي... بىلمىدىم...
— مۇشۇنداق چوڭقۇر دوستلۇقلا بولىدىكەن، ئىككىمىز بىللە ئەڭ ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشەلەيمىز. ھەر ئىككىمىزنىڭ بىر رەزىل دۈشمىنى بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ دوستلۇقىمىز

«مەنمەنچى ئالۋاستى»نى بويسۇندۇرالايدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىدىن غالىب كېلىدۇ. ئەنە شۇ ۋاقىتتا بارغاندا، بىز ئۆزىمىزمۇ سەزمىگەن ھالدا نۇرلۇق دۇنياغا بېرىپ قالىمىز. بىز ئۇ يەردە ئەركىنلىك، بەخت ۋە بارلىق ئەۋلىيالارنى ئۇچرىتالايمىز! ئوتتۇرىمىزدا دوستلۇقلا بولىدىكەن، بىز تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز شېرىن تۇرمۇش كەچۈرەلەيمىز! قانداق دەيسەن، كىچىك ئومۇ؟ بۇنى بىر سىناپ باقساق قانداق؟

— ئەگەر بۇنى سىناپ باقسام، چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازانسام بولىدۇ. ئۇنداق بولۇشى، بۇنى سىناپ باققانىكەنمەن، بۇ خىل دوستلۇقنىڭ قۇدرىتىگە ئىشەنگەن بولىمەن، شۇڭا مۇۋەپپەقىيەت قازانمىسام بولمايدۇ. ئەگەر مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىسام، بۇ ياخشى ئىش بولماي قالىدۇ، قىلچە ياخشى ئىش بولماي قالىدۇ.

— ئەگەر شۇنداق قىلىشقا قوشۇلساڭ، مەن يەنە ساڭا ئىشەنگۈك كەلمىگۈدەك بىر خەۋەرنى ئېيتىپ بېرىمەن.

— شۇنداقمۇ؟ قانداق خەۋەر ئۇ؟

— ھە، بۇ سېنى خۇش قىلىۋېتىدىغان خەۋەر.

— قانداق خەۋەر ئۇ، تېزرەك ئېيتىپ بەرسەڭچۇ!

— نۇرلۇق دۇنيا دېگىنىمىز دەل پەرىشتىلەر دۇنياسىنىڭ ئۆزى، ئۇنداق بولۇشى، پەرىشتە نۇردىن ئاپىرىدە بولغان.① شۇڭا، نۇرلۇق دۇنياغا كىرسەك، پەرىشتىلىرىمىز بىلەن ئۇچرىشالايمىز دېگەن گەپ.

— پەرىشتىلىرىمىز بىلەن ئۇچرىشالايمىز؟!

— شۇنداق، قەلبىمىزدىكى پەرىشتە بىلەن ئۇچرىشالايمىز دېگىنە! قانداق، قالتىسمىكەن؟ بىز پەرىشتىلىرىمىز بىلەن دوست بولۇپ ئۆتەلەيمىز!

بۇ گەپچە، ئاشۇ ئىشتىن دېلفىن ئومۇنىڭ خەۋىرى بار ئىكەن-دە! مەن ئۇ ئىشنى — پەرىشتەمنىڭ مېنى ياخشى كۆرمەيدىغان

① ئىسلام دىنىدا ئاللا پەرىشتىنى نۇردىن ئاپىرىدە قىلغان، دېيىلىدۇ.

بولۇپ قالغانلىقىنى ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇپ كەتكەن. لېكىن، بەزى ئىشلارنىڭ تېگىگە يەنىلا يېتەلمىدىم. ئەگەر دېلفىن ئومۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىپ تۇرىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇ مېنىڭ قوللىرى قىپقىزىل مومايىنىڭ گەپلىرىگە ئىشىنىپ نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىمنى بىلەمدۇ؟ قەلبىمدە پەرىشتە بارلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خۇددى توپ كىرگۈزگەن پۇتبول چولپىنىدەك ئايلىنىپ يۈگۈرۈپ كەتكەنلىكىمنى، خۇشاللىقىمدا كىيىملىرىمنى سېلىپ دېڭىزغا ئۆزۈمنى ئاتقانلىقىمنى، لېكىن قىلغانلىرىمنىڭ ھەممىسى بىكار ئاۋارە بولۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس بولۇپ چىققانلىقىنى بىلەمدۇ؟ پەرىشتەمنىڭ پەيدا بولۇشىنى سانسىز قېتىم ئۆتۈنگەنلىكىمنى، لېكىن پەرىشتەمنىڭ مېنىڭ ئۆتۈنۈشلىرىمنى پىسەنتىگە ئېلىپمۇ قويمىغانلىقىنى بىلەمدۇ؟ ئەمدى خالىسۇن ـ خالىمىسۇن، پەرىشتەم بىلەن ئەمدى كارىم بولمايدىغانلىقىنى بىلەمدۇ؟ پەرىشتەمنى ئۇزۇل ـ كېسىل يادىمدىن چىقىرىۋېتىشكە قەسەم ئىچكەنلىكىمنى بىلەمدۇ؟

— گەپ قىلمايسەنغۇ، كىچىك ئومۇ؟ گەپ قىلساڭچۇ. مەن تېخى سېنى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىسا بەك خۇشال بولۇپ كېتىدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن.

— مېنىڭچە، سەن مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى بىلىسەن!

— راست گەپ قىلسۇاتىمەن، سېنى پەرىشتەڭ بىلەن دوست بولالايدىغانلىقىنى بىلسە خۇشال بولىدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن.

— قېنى ئېيتىپ باققىنا، — دېدىم مەن، — پەرىشتە بۇ دۇنياغا كېلەلەمدۇ؟

— كېلەلەيدۇ.

— ئۇنداقتا، ئەگەر مەن پەرىشتەم بىلەن كۆرۈشمەكچى بولسام، ئۇ مېنىڭ يېنىمغا كېلىدۇ، شۇنداقمۇ؟

— بەلكىم ئۇنىڭ كېلەلمەسلىكىدە ئالاھىدە بىرەر سەۋەب بولۇشى مۇمكىن...

— سەن بىلمەيدىكەنسەن! — دېدىم مەن، — مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى بىلمەيدىكەنسەن، لېكىن بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، مېنىڭ نۇرلانغۇم يوق.

— نېمىشقا نۇرلانغۇڭ يوق؟

— ئىشقىلىپ نۇرلانغۇم يوق.

— بىراق، تېخى بايىلا مېنى قۇچاقلاپ تۇرغاندا...

ھەي، نېمىدېگەن جاھىل دېلفىن بۇ! ئۇنىڭ بۇ خىيالىدىن ۋاز كەچكۈسى يوق، شۇنداققۇ؟ لېكىن، ئۇ مېنى قايىل قىلالمايدۇ، چۈنكى مەن يەنە ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالدىم، ئەمدى ئۇنداق ئارمانلار ئۈچۈن ۋاقىت ئىسراپ قىلغۇم يوق.

— ئۇنداقتا، كىچىك ئومۇ، نۇرلىنىدىغان ئىش ئۈچۈن سەن مەن بىلەن دوست بولۇشنى خالىمامسەن؟ نۇرلۇق دۇنياغا مەن بىلەن بىللە بېرىشنى خالىمامسەن؟

مەن بېشىمنى چايقاپ يەرگە قارىدىم.

— راستىلا خالىمامسەن؟

مەن كۆزۈمنى يەردىن ئالمىدىم.

— ھەي... — دېدى ئۇ، — قارىغاندا خالىمايدىكەنسەن. بوپتۇ... خوش ئەمىسە.

ئۇنىڭ ئاۋازى تولىمۇ غەمكىن ئىدى، مەن بۇنىڭدىن تېخىمۇ ئوڭايسىزلاندىم.

— ئۇنداقتا، سەن...

ئۇ ماڭا قارىدى، ئەپۇ سوراۋاتقاندەك ئىدى.

— سەن كېتىۋەرگىن! سەن ئاكۇلادىنمۇ قورقۇنچلۇق ھېلىقى نەرسىگە مېنى يالغۇز تاشلاپ بېرىپ كەتمەكچى بولۇۋاتىسەن؛ مەن بىلەن دوست بولۇشتىن يالتىيىپ كەتمەكچى بولۇۋاتىسەن. مەن ئاشۇ خىلدىكى دوست بولۇشنى خالىمىغاچقىلا، مېنى تاشلاپ كەتمەكچى بولۇۋاتىسەن. بولدى، كېتىۋەرگىن! مەڭگۈ قايتىپ كەلمىگىن. مېنىڭ سەندىن

كۆڭلۈم قالدى !

— ئەگەر مېنىڭ بۇ يەردە قېلىشىمغا ئۇزۇمنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇشتىن باشقىمۇ ئاساس بار، دېسەم، سېنى ئالدىغان بولىمەن... چۈنكى ماڭا بىرنەرسە ئايان، سەن ئەسلىدىنلا نۇرلىنىشقا يارالغان.

مەن ئۇنىڭغا قارىسام بولمايتتى، يىغلىغۇدەك ئۆچۈن كۆزلىرىمنى چىڭ يۇمۇۋالدىم. بىرنەچچە سېكۇنتتىن كېيىن، سۇنىڭ شالاقلىغان ئاۋازىدىن ئۇنىڭ مەندىن يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلدىم. ئۇنىڭ بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى يۈرىكىم سېزىپ تۇردى. ئۇنىڭ ئاخىرقى شىۋىرلىشىنى يۈرىكىم ئاڭلىدى:

— ساڭا نۇر ھەمراھ بولسۇن، ئومۇ !

# قىران ئۇمۇ

## 17

بىرنەچچە سەئەتتىن كېيىن ئۇلار جەسەتخانىغا كېلىپ مېنى كۆتۈرۈپ ماڭدى.

— توختاڭلار، سىلەر نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟ ! مەن ئۆلمىدىم !— مەن بار ئاۋازىم بىلەن ۋارقىرىدىم، لېكىن ئۇلار مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلىيالمىدى.

ئۇلار مېنى تۆمۈر تاختىغا ئوڭدامغا ياتقۇزغاندا، ئۇلارنىڭ مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلىيالمايدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەندىم. مېنى سۇغا ئېلىۋاتقان ئادەم بىر يېشىل سوپۇننى ئېلىپ مۇزدەك بەدىنىمگە سۈركەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى تازا سىلىق دېيەلمەيمەن، مېنى ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈگەندە بېشىم تاختىغا نەچچە قېتىم قاتتىق ئۇرۇلۇپ كەتتى. چاتىرىقىم ۋە قولتۇقلىرىمغا سوپۇن سۈركەيدىغان چاغدا، ئۇ تۇتۇپ قالغان پۇت - قوللىرىمنى خالىغان تەرەپكە تارتىۋەردى. بەدىنىمدىن كېلىۋاتقان تۇك گۆشنى كەسكەن چاغدىكىدەك ئاۋازنى ئاڭلىغاندا، ئاغرىقنى سەزمىگەن بولسامۇ، ئىچىمنى ئەندىشە قاپلىۋالدى.

ئارقىدىن ئۇلار مېنى ئاق رەخت بىلەن كېپەنلەپ، سەل سېسىق پۇراق كېلىپ تۇرغان تاۋۇتقا سالدى، ئاندىن مېنىڭ نامىزىم چۈشۈرۈلىدىغان مەسچىتكە ئېلىپ باردى.

نامىزىمغا ئادەم ناھايىتى كۆپ كەلگەنىدى. كۆڭلۈمدە نامىزىمغا ھەرگىزمۇ كەلمەيدۇ، دەپ ئويلىغان ئادەملەرنى

كۆرگىنىمدە، ناھايىتى خۇشال بولغانلىقىمنى يوشۇرالمايمەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر - ئىككىسى تېخى تاۋۇتۇمنىڭ يېنىغا كەلدى. تاۋۇت تاش تاختىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان، ھاۋا بەك ئىسسىق بولغاچقا، تاش تاختا ئوتتەك قىزىپ كەتكەندى.

مەن بەزى تونۇش چىرايلارنى كۆردۈم، ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن بېرى ئۇلارنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى... گەپنىڭ راستىنى قىلغاندا، ئۇلار ماڭا قارىغاندا بىر - بىرىگە بەكرەك قىزىقاتتى، ئۇقۇغۇچىلىق ھاياتى ياكى سودا - تىجارەت ھەققىدە پاراڭلىشاتتى، لېكىن مەن يەنىلا ئۇلارنىڭ نامىزىمغا كەلگىنىدىن رازى.

دادام بىلەن ئاپامنىڭ ئۇ دۇنياغا مەندىن بۇرۇن كەتكىنىگە تۇنجى قېتىم خۇشال بولدۇم. ئۇلارنىڭ تاۋۇتۇمنى قۇچاقلاپ تىلىقىپ يىغلاۋاتقان ھالىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەملا بەدىنىمگە تىترەك ئولىشىدۇ.

نامازدىن كېيىن بىز قاقاس تاغ يېنىدىكى شېھىتلىككە قاراپ ماڭدۇق — نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئەگەر كۆزۈم يۇمۇلسا مېنى ئاشۇ يەرگە قويۇڭلار، دېگەن گەپنى بىر - ئىككى قېتىم دەپ قويغان يېرىم بار ئىدى. شېھىتلىك يىراق بولغاچقا، ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى بىر ئىشلارنى باھانە قىلىپ كېتىپ قالدى، چۈنكى ئۇلار نامازغا قاتناشقاننىڭ ئۆزى كۇپايە، دەپ قاراشقاندى.

ئۇلارنىڭ كېتىپ قالغىنىدىن خاپا بولسام بولمايدۇ. مەنىسىزمۇ يەر شارى ئايلىنىۋېرىدۇ، يەنە كېلىپ داۋاملىق ئايلىنىدۇ. ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولمايدۇغۇ. بۇ دۇنيانىڭ رەنجىگۈدەك نېمىسى بار؟ نامىزىغا سانسىز ئادەملەر كەلگەن ئادەملەر ئوخشاشلا ئۆزاققا قالماي ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇغۇ؟

مەيلى قانداق بولسۇن، ئۇلار ماڭا تەييارلاپ قويغان يەرلىكنى كۆرگەندىن كېيىن باشقا ھەممە ئىشنى بىراقلا ئۇنتۇدۇم. شېھىتلىككە چىققان ئادەملەر ساناقلىقلا، ئۇلار مېنىڭ ئۈستۈمگە توپا تاشلىماقتا، ئۇلار مېنىڭ ئۆلمىگىنىمنى

بىلمەيدۇ. لېكىن، مېنىڭ تېنىم ھالىدىن كەتكەن، مۇنداق كىچىك ئىشلارغا قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدۇ.

مەن قىرائەت قىلىۋاتقان، يىغلاۋاتقان ئاۋازلارنى، «ھەي، ياش كېتىپ قالدى ـ دە» دېگەندەك گەپلەرنى يەنىلا ئاڭلاپ تۇرۇۋاتاتتىم. ئارقىدىن باش تەرىپىمدىن كېلىۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلىدىم — ئاۋۋال يېقىنلاپ، كېيىن يىراقلاپ كەتتى. ئون مىنۇتلاردىن كېيىن شالاڭ ئاۋازلارمۇ يوقاپ، ئادەمنىڭ ئىچى سىقىلغۇدەك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى ...

لەھەت ئىچىدە ياتساڭ پەيلاسوپقا ئايلىنىسەن. بۇ پاكىتنى تونۇپ يېتىشىمگە ئوتتۇز سېكۇنت ۋاقىت يېتەرلىك ئىدى. مەندە تەركىدۇنيا بولۇپ ياشاشنى خالاش، قورقۇش كېسىلى دېگەندەك نەرسىلەر يوق ئىدى، لېكىن بۇ يەر بىر قاراڭغۇ قەپەس، كاللاڭغا كەلمىگەن خىيال كېلەتتى. ئەڭ يامان بولغىنى، يەنە بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن يەنە نېمە ئىشلار يۈز بېرىدۇ، بۇنى بىلمەيتتىم. مېڭەمدە بىرنەرسە ئايلىنىپ يۈرەتتى: ھېلىقى ئىككى پەرىشتە① (بەلكىم پەقەت بىردۇ؟) — مەن بۇنى دىن دەرسىمىزدىن بىلىۋالغان — كېلەمدىغاندۇ؟ مەن بۇ يەردىن باشقا يەرگە بارارمەنمۇ؟ مېنىڭ جەسىتىم قانچىلىك ۋاقىتتا سېسىشقا باشلايدىغاندۇ؟ ئەگەر مەڭگۈ مۇشۇ يەردە تۇرىدىغان ئىش بولسا، ئۇ سېسىق پۇراقتا چىدىيالارمەنمۇ؟ ئەگەر چۇسا، تۇكلۇك قۇرت، باغ قۇلۇلىسى كېپەنلىكىمنى تېشىپ كىرسىچۇ؟ ئۇلار كىرسە بەدىنىمنىڭ قايسى قىسمىدىن باشلاپ غاجايدىغاندۇ؟

---

① ئىككى پەرىشتە — ئىسلام مۇرىتلىرى دۇنيادا تۆت چوڭ پەرىشتە بار، دەپ قارايدۇ، ئۇلار: جەبرائىل، مىكال، ئەزرائىل («قۇرئان كەرىم»دە ئۇنىڭ ئىسمى يوق، ئۇ «ئەجەل پەرىشتىسى» دەپ ئاتالغان)، ئىسرافىل. بۇ يەردە ئېيتىلغان «ئىككى پەرىشتە» ئەزرائىل بىلەن ئىسرافىل (ئۇ دۇنيادا بۇرغا چېلىشقا، ئۆلگەن ئادەمنى سوراق قىلىشقا مەسئۇل) بولۇشى كېرەك؛ ئارقىسىدا «بەلكىم پەقەت بىردۇ» دېگەندە، ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرسىنى كۆزدە تۇتقان.

خۇددى مەن ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، لەھەت ئىچىدە ياتساڭ پەيلاسوپقا ــ مورلاپ يۇرۇپ بىلىم ئالمىغان پەيلاسوپقا ئايلىنىسەن. گەپنىڭ راستىنى قىلغاندا، مەن بىلمىگەن ھەممە نەرسە تېخى مېنىڭدىن ياتلىشىپ كەتمىگەنىدى. ئالايلۇق، يەتتىگە سەككىزنى كۆپەيتسە قانچە بولىدىغانلىقىنى بىلىمەن. لېكىن، بىلىدىغىنىم پەقەت يەتتىگە سەككىزنى كۆپەيتىشلىمۇ؟

مەن يەنە قوغۇشۇنسىز بېنزىننىڭ باھاسىنى، فىرانسىيە زور ئىنقىلابىنىڭ پارتلىغان ۋاقتىنى، پۈتۈن يەر شارىنىڭ ئىسسىپ كېتىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى، ئۆزۈمنىڭ باج تىزىملاش نومۇرۇمنى، ئايغا تۇنجى قېتىم چىققان ئادەمنىڭ ئىسمىنى، پۇتبول ئەترىتىمىنىڭ لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە قانچە قېتىم چېمپىيون بولغانلىقىنى، توقال خانىش دىئاننانىڭ قانچە ياشتا توي قىلغانلىقىنى، شېكسپېرنىڭ قانداق ئەسەرلىرى بارلىقىنى، فوتوسىنتېزنىڭ جەريانىنى، ئاكسىيە بازىرىنىڭ بۇلتۇرقى ئومۇمىي پۈتۈشۈش سوممىسىنى، ئاناتولىيە[1]دىكى ئاساسلىق تۇزلەڭلىكلەرنىڭ نامىنى، «ئۆزۈك شاھى»نى ياساش ئۈچۈن نەچچە مىڭ زېرەكچاقنىڭ قولىقىنى ئىشلەتكەنلىكىنى، ئەڭ كىچىك توپ ساننىڭ نېمىلىكىنى، ئەقىل دەرىجىسىنىڭ تەبىرىنى، ئالەمنىڭ چوڭ پارتلاش نەزەرىيەسى ۋە باشقا سانسىز ئىشلارنى بىلىمەن ...

ۋاي خۇدايىم، مەن نېمىدېگەن جىق نەرسىلەرنى بىلىمەن! قىسقىغىنا ھاياتىمدا مەن ئەنە شۇنداق كۆپ بىلىملەرنى ئىگىلەپتىمەن ... تېخىمۇ غەلىبە يېرى، مەن ھايات ۋاقتىمدا ئۆگەنگەن ھەممە نەرسە شۇ تاپتا ئېڭىمنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن ئوقچۇپ چىققانىدى. مېڭەم پۈتۈنلەي قالايمىقان ھالەتكە كىردى.

---

① ئاناتولىيە ــ تۈركىيەنىڭ ئاسىيا قىسمى، غەرب تەرىپى ئېگېي دېڭىزىغا قاراپ تۇرىدۇ، كۆپ قىسمى ئېگىزلىك، ئىلگىرى ئاناتولىيە ئېگىزلىكى دەپمۇ ئاتالغان.

سانسىزلىغان بىلىملەردىن سىرت، جاۋاب كۈتۈپ تۇرغان نۇرغۇن مەسىلىلەرمۇ خۇددى بېسىش ماشىنىسىدىن يېڭىلا ئايرىلغان گېزىتلەردەك، ئارقا ـ ئارقىدىن پەيدا بولۇشقا باشلىدى. لېكىن، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر مەسىلىگە قانداق جاۋاب بېرىش كېرەكلىكىنى بەكرەك بىلگۈم بار:

شۇ تاپتا مەن ئىگىلىگەن بارلىق بىلىملەر ئىچىدە ماڭا ھەقىقي ئەسقاتىدىغىنى بارمۇ؟

# ئىككىنچى بۆلۈم

## قىران ئۇمۇ        بالا ئۇمۇ

# بالا ئومۇ

## 17

دېلفىن ئومۇنىڭ كەتكىنىگە مانا ساق يىگىرمە بىر كۈن بولدى. بۇ يىگىرمە بىر كۈننىڭ ھەربىر كۈنى شۇنداق تەستە ئۆتتى. ئەتىگىنى ئورنۇمدىن تۇرغۇم كەلمەيتتى، ناشتىدىن كېيىن قايتىپ كىرىپ ئۆزۈمنى يەنە كارىۋاتقا تاشلاپ، چۈشكىچە ئۇخلايتتىم. چۈشتىن كېيىنكى پۈتۈن ۋاقتىم بولسا، بىرەر يۈز قېتىم كۆرۈپ بولغان كارتون فىلىملەرنى كۆرۈش بىلەن ئۆتەتتى. كەچتە باغچىغا بېرىپ، ئۇ يەردە ئويناۋاتقان بالىلارنىڭ ئارىسىغا قوشۇلاتتىم. ئۇلار بىلەن پاراڭلاشمىغان ۋاقتىمدا، ئۇلارنىڭ ئەزاسى ئەمەسلىكىم ئېسىمدە بولاتتى، گەپكە ئارىلاشقان ۋاقتىمدا بولسا، ئۆزۈمنىڭ گەپلىرىنىڭ ئەڭ بولمىغاندا ئۇلارنىڭكىگە ئوخشاشلا تېتىقسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتىم. ئاخشىمى بالدۇرلا كارىۋاتقا چىقىۋالاتتىم، لېكىن چۈشكىچە ئۇخلىغان بولغاچقا، ئۇيقۇم كەلمەي تۇرۇۋالاتتى، ئەتىسى ئەتىگەندە يەنىلا تۇرغۇم كەلمەيتتى... بۇ يىگىرمە بىر كۈن مانا مۇشۇنداق ئۆتۈپ كەتتى، ھەربىر كېچە بىلەن كۈندۈز شۇنداق ئۆتتى...

يىگىرمە ئىككىنچى كۈنى مومام مېنى بىر تەخسە پىشى①نى قوشنىمىز بېتار ھاممامغا ئاچىقىپ بېرىشكە بۇيرۇدى.

بېتار ھاممام ماڭا پىشى ئەكىرگەن تەخسىنى يۇيۇپ بولغۇچە

① پىشى — تۈركلەرنىڭ بىر خىل ئۇن تامىقى.

ياتاق ئۆيدە ساقلاپ تۇرۇشنى ئېيتتى. مەن بۇنىڭدىن خۇشال بولدۇم، ئۇنداق بولۇشى، ئۇ ئۆيدە بىر جۈپ شاتۇتى سولانغان قەپەس بار ئىدى. مەن ئۇ شاتۇتىلارنى تاماشا قىلىشقا بەك ئامراق ئىدىم.

ئىككى شاتۇتىنىڭ بىرسى كۆك رەڭدە، يەنە بىرسى سېرىق رەڭدە ئىدى. سېرىق شاتۇتى قەپەس ئىچىدىكى تۇرمۇشتىن تولىمۇ رازىدەك رايىش ئىدى، كۆك شاتۇتى بولسا قەپەس ئىچىدە ئۆزىنى توختىماي نېرى - بېرى ئۇراتتى. بەزى قۇشلار ئويۇن قىلىپ شۇنداق تىنىمسىزلىق قىلىدۇ. لېكىن، كۆك شاتۇتى قەپەس ئىچىدىكى تۇرمۇشنى ياقتۇرمىغاچقا، ئۆزىنى سىرتقا ئۇراتتى، تولىمۇ غەمكىن ئىدى.

بۈگۈن ئىككى شاتۇتىنىڭ ئىپادىسى ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايتتى. كۆك شاتۇتىنىڭ قانات قېقىشلىرىغا قاراپ تۇرۇپ دېلفىن ئومۇنىڭ ئاق قۇغا قىلغان گېپىنى ئەسلەپ قالدىم. دېلفىن ئومۇ ئۆزىنى زۇلمەت ئىچىدە ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلغان، ئۆزىنىڭ نۇرلىنىپ، خۇددى قۇشلاردەك ئەركىن يۈرۈشنى ئارزۇ قىلغان...

مېنىڭچە، كۆك شاتۇتىمۇ دەل شۇنداق ئارزۇدا. قۇشلاردەك ئەركىن بولۇشنى...

يىگىرمە بىر كۈندىكى ئەھۋالىمنى ئويلاپ باقسام، مەنمۇ كۆك قۇش[1] ئىكەنمەن.

كۆك شاتۇتىنىڭ قەپەس ئىچىدە ئۆزىنى ئۇيان - بۇيان ئۇرۇشلىرىغا قاراپ تۇرۇپ، ئاق قۇنىڭ دېلفىنغا دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلەپ قالدىم: «ئەگەر سەن نۇرلىنىپ نۇرلۇق دۇنياغا كىرەلىسەڭ، ئەركىنلىكنى تاپالايسەن، شۇنىڭدىن تارتىپ قۇشلاردەك ئەركىن بولالايسەن.»

---

① كۆك قۇش (Blue bird) — ئىنگلىز تىلىدىكى «blue» دېگەن سۆز «كۆك»، «غەمكىنلىك» دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ. بۇ يەردىكى «blue»نى «غەمكىنلىك» دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ.

بۇ چاغدا بىرتا هاممام يېنىمدا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، مېنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇ تەخسىنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ، مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى.

— مەن سىزگە رەھمەت ئېيتسام بولىدۇ، بىرتا هاما، — دېدىم مەن، — بۈگۈن سىزگە پىشى ئەكىرگىنىم جاھان ئىش بوپتىكەن.

# قىران ئومۇ

## 18

مەن لەھەتتە گۇمان بىلەن گاڭگىراشنى ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلىپ ياتقىنىمدا، قەيەردىندۇر كېلىۋاتقان بىر ئاۋاز قولىقىمغا كىردى:
— سىز ھازىر ئۆزىڭىزنى قانداقراق سېزىۋاتىسىز؟
— گەپ قىلىۋاتقان كىم؟
— دوستىڭىز.
— سىز كىم؟
— بىر دوستىڭىز... ئېيتىپ بېقىڭا، ھازىر ئۆزىڭىزنى قانداقراق سېزىۋاتىسىز؟
— مەن ئۆلدۈممۇ؟
— ئۆزىڭىز ئېيتىپ بېقىڭا.
— ئۆلگەندەك قىلىمەن، چۈنكى مەن ھازىر لەھەت ئىچىدە... لېكىن، مەن راستلا ئۆلدۈممۇ؟
— ھىي، بۇ ئۆزىڭىزنىڭ تۇيغۇسىغا باغلىق.
— مەن ئۆلگەندەك قىلمايمەن، لېكىن ئۆزۈمنى تىرىكتەكمۇ ھېس قىلمايمەن.
— چۈشەندىم. يامان يېرى، سىز مەڭگۈلۈك ھاياتلىق شىفىرىنى يېشەلمىسىڭىز، ھالىڭىز ھامان شۇنداق بولىدۇ.
— مەڭگۈلۈك ھاياتلىق شىفىرى؟
— بۇ شىفىر سىزنى مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئېرىشتۈرىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ھەممە نەرسىنى مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا

ئېرىشتۈرەلەيسىز.
— شۇنداقمۇ شىفىر بارمۇ؟ ئەگەر بار بولسا ئۇنى يېشىپ باققۇم بار.
— كەچۈرۈڭ، ئاغىنە، بۇ ئىشقا سىز كېچىكتىڭىز. مەڭگۈلۈك هايات شىفىرىنى پەقەت يەر شارىدا ياشاۋاتقان چاغدىلا يەشكىلى بولىدۇ.
— ئەمىسە مېنى تىرىلدۈرۈپ قويۇڭ.
— سىز ئۆلۈشنىلا ئويلايتتىڭىزغۇ؟
— مەن بىلمەيتتىكەنمەن، ھەممە نەرسىنىڭ مەڭگۈلۈك هاياتلىققا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى بىلمەيتتىكەنمەن. ئەگەر بىلگەن بولسام، ئۇنداق خىياللاردا بولمىغان بولاتتىم. مېنى تىرىلدۈرۈپ قويۇڭ.
— ئەگەر سىز ئۆلۈپ بولغان بولسىڭىز، ئاغىنە، تىرىلدۈرۈش ئىمكانىيىتى يوق، — دېدى ئۇ، ئاۋازى بىردىنلا مۇلايىملاشتى، — ئەمدى كۆزىڭىزنى ئاچسىڭىز بولىدۇ.
كۆز ئالدىمدىكى زۇلمەت كۆل رەڭ بۇلۇتنىڭ رەڭگىگە كىردى، كۆل رەڭ بۇلۇتنىڭ ئورنىنى نېپىز تۇمان ئالغاندا، ئۆزىنى ئەجەل پەرىشتىسى دەپ ئاتىۋالغان ئادەم ئالدىمدا پەيدا بولدى.

# بالا ئومۇ

## 18

بىرتا هامامنىڭ يېنىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھېلىقى كۆك قۇش، دېلفىن ئومۇ ۋە نۇر پۈتۈن بىر كۈن خىيالىمدىن نېرى كەتمىدى. شۇ كۈنى كېچىدە مۇنداق چۈش كۆردۈم:

— بۇياققا كەلگىن، — دېدى بىر بوۋاي تولىمۇ يېقىملىق ئاۋازدا ماڭا، — ساڭا بىر نەرسىنى كۆرسەتمەكچىمەن.

ئىككىمىز بىر چىغىر يولغا كەلدۇق. ئۇ باشتىن ـ ئاياغ ئاق كىيىم كىيىۋالغان، لېكىن چىرايىنى ئېنىق كۆرەلمىدىم. ئۇ قولۇمنى چىڭ تۇتتى، ئىككىمىز ئۇ ئېلىپ بارماقچى بولغان يەرگە ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتۇق. بىز ماڭدۇق، ماڭغاندىمۇ توختىماي ماڭدۇق... خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن مەن ئۇنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ چىقتىم، ئۇنىڭغا ئىشەنمەي شۇنداق قىلغىنىم يوق، ھېرىپ ھالىمدىن كەتكەنىدىم.

— بىردەم ئارام ئېلىۋالايلى، — دېدىم مەن.

— داۋاملىق ماڭمىسام بولمايدۇ، — دېدى ئۇ.

— مەن ھېرىپ كەتتىم.

— ئەگەر بۇ يەردە توختىساق، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىمىز.

— قانداق پۇرسەت ئۇ؟

— غەيرەت قىلغىن، مەنزىلگە ئاز قالدۇق.

ئۇ تولىمۇ مۇلايىملىق بىلەن ئۆتۈنۈۋاتاتتى، شۇڭا يۈز كېلەلمىدىم:

— بولىدۇ.
ئۇ كۈلدى.
بىز داۋاملىق ئالدىغا ماڭدۇق. ئاخىرىدا ئۆرە ماڭغۇدەك ھالىم قالماي، يەرگە ئۆزۈمنى تاشلىدىم. ئۆزۈم يىتىۋالغان بولسامۇ، ھەممىسى ئۇنىڭ كاساپىتى ئىدى. مەن ئۇنىڭغا ئاغرىنىشقا باشلىدىم. ئۇ چىچىمنى سىلاپ تۇرۇپ ئىغىز ئاچتى:
— بۇ مىنىڭ سەۋەنلىكىم، كەچۈرگىن، — ئاندىن ئۇ ئالدى تەرەپنى كۆرسەتتى، — قارىغىنا، بىز ئاخىر مەنزىلگە يىتىپ كەلدۇق.
مەن بىشىمنى كۆتۈردۈم، ئالدىمدا بىر ياغاچ ئۆي تۇراتتى. ئۇ مىنى كۆتۈرۈپ ئۆينىڭ ئىچىگە كىردى. قىزىلىقىغا، تىنىنىڭ ئاجىزلىقىغا باقماي پەلەمپەيدىن ئىتتىك ئۆرلەشكە باشلىدى. ئۇ بىردەمدىلا نەپىسى نەپەسكە ئۇلاشماي ھاسىراپ كەتتى، لىكىن توختىماي ئۆرلەۋەردى. ئۇ مۇدۈرۈلۈپ - تۇرۇپ دىگۈدەك توختىماي ئۆرلەۋاتاتتى، ھىرىپ ھالىدىن كىتىۋاتقان بولسىمۇ توختاپ قالمايتتى.
— غەيرەت قىلغىن، ئاز قالدۇق، — دىدى قۇلىقىم تۈۋىدە شىۋىرلاپ.
ئۇ مىنى قانداقتۇر بىر يەرگە ئاپىرىپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ مۇھىم بىر نەرسىنى كۆرسەتمەكچىدەك قىلاتتى.
— مەن چۈشۈۋالاي، بەك ھىرىپ كەتتىڭ، — دىدىم مەن.
— مانا كىلىپ قالدۇق، — دىدى ئۇ ۋە پىشانەمگە سۆيۈپ قويدى.
بىز ياغاچ ئۆينىڭ ئەڭ ئۈستىگە چىققاندا، ئۇ مىنى يەرگە قويدى. ئالدى تەرىپىمىزدە بىر بالكون بار ئىدى.
— كەلگىن، — دىدى ئۇ، بىز ئاشۇ يەردىن كۆرسەك بولىدۇ.
بىز ھاكلىرى ئۆچۈپ كەتكەن تامنىڭ يىنىدىن ئۆتۈپ بالكونغا چىقتۇق. لىكىن... قانداق تەسۋىرلەپ بەرسەم بولار؟ بىز باشقا بىر دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك بولۇپ قالدۇق. كۆز

ئالدىمىزدا زەڭگەر دېڭىز، دېڭىزنىڭ ئەتراپى ھىلال ئاي شەكلىدىكى تاغلار، تاغلارنى زەيتۇن دەرىخى قاپلىغان، كۈن نۇرىغا چۆمۈلۈپ تۇرىدۇ. بىر دېلفىن سۇنىڭ ئىچىدە ئويناقشىپ يۈرىدۇ. ئۈچ قۇش دېلفىننىڭ بېشىدا ئۇچۇپ يۈرىدۇ.

— قارىغىنا، ئاۋۇ دېلفىنغا، — دېدىم مەن، — قارىغىنا، ئاۋۇ قۇشلارغا، ھەممىسى ئالتۇندىن قۇيۇلغانىكەن!

— ئۇلار قۇش ئەمەس، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، — پەرىشتە.

دەل شۇ چاغدا دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىن خۇددى ھەسەن-ھۈسەندەك بىر نۇر تىككىدە ئوقچۇپ چىقتى. مەن ھەيرانلىق ئىچىدە بوۋايغا قارىدىم. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىن نۇر تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

— مۇشۇ يەردە، — دېدى ئۇ، — پەقەت مۇشۇ يەردىلا ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالايسەن.

مەن «كىمنىڭ ئاۋازىنى» دەپ سوراشقا ئۈلگۈرمەيلا، ھېلىقى نۇرنى ئىچىدىن بىر ئاۋاز ياڭراپ، پۈتۈن ئەتراپنى زىلزىلىگە سېلىۋەتتى:

— ئەگەر بىر بالا نۇرلانماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆرۈشى، ئاڭلىشى، تۇتۇۋېلىشى ئۈچۈن، مەن كۆزگە، قۇلاققا، قولغا ئايلىنىمەن.

نۇرنىڭ گېپىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىگەن بولسامۇ، ۋۇجۇدۇم ئۇ ئاۋازدىن كېلىۋاتقان ئاجايىپ بىر ئىللىقلىقنى ھېس قىلدى. «نۇر نېمە دېمەكچى» دەپ سورىماقچى بولۇپ تۇرۇشۇمغا، بوۋاي قولۇمغا قارىشىمنى ئېيتتى. مەن شۇندىلا قولۇمنىڭ كۈن نۇرىدەك نۇرلىنىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدىم. ئاغزىمدىن ئىختىيارسىز مۇنداق بىر ئېغىز گەپ ئېتىلىپ چىقتى:

— ۋاھ ... مەن نۇرلانغان ئوخشايمەن!

# قىران ئومۇ

## 19

مەن بىز ئۇچراشقاندىن كېيىن قىلىشقان گەپلەرنى كاللامدىن بىر قۇر ئۆتكۈزۈپ چىقتىم، تېخى بايىلا قوتۇلغان قاباھەتلىك چۈش ـــ جەسەتخانا، ناماز چۈشۈرۈش، لەھەتلەرنىڭ تېگىگە يېتىشكە تىرىشتىم ... ئۇ شۇنداق روشەن، چۈشكە ئوخشىمايدۇ، يەنە شۇنداق ئاجايىپ ـ غارايىپ، ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. لېكىن، ماڭا ئايان، مەيلى چۈش ياكى رېئاللىق بولسۇن، مېنى قايمۇقتۇرۇپ قويۇۋاتقان بۇ ئىشلار سۇتكە ئارىلاشتۇرۇلغان قانداقتۇر مەست قىلىش دورىسى ياكى يېگەن بىرنەچچە تال ئۇيقۇ دورىسىنىڭ كارامىتى.

مەن ئۇ غەلىتە ئادەمگە ھاڭۋاقتىلاردەك قاراپ تۇراتتىم. مۇنداق ئەھۋالدا مەن نېمىمۇ دېيەلەيمەن؟ نېمىنىمۇ سورالايمەن؟ ئۇ مېنىڭ بايىقى كەچۈرمىشلىرىمنى بىلەمدىغاندۇ؟ ئەگەر بىلىدىغان بولسا، گەپ كەتمەيدۇكى، ئۇ ئەجەل پەرىشتىسى بولىدۇ. ئەگەر بىلمىسە، ئۇ كاللىسىدىن ئاداشقان ئادەم بولىدۇ.

— ئەلۋەتتە، مەن بىلىمەن، — دېدى ئۇ خىيالىمنى بۆلۈپ.

— نېمىنى بىلىسىز؟

— سىزنىڭ كەچۈرمىشلىرىڭىزنى.

ئۇ يېنىمغا كېلىپ دۈمبەمگە قېقىپ قويدى:

— مەيلى ئىشىنىڭ ـ ئىشەنمەڭ، ئەمەلىيەتتە مەن خېلى مېھرىبان. نۇرغۇن ئادەملەر نامىزىڭىزغا قاتنىشىپ قويۇپلا، تۇپراق بېشىغا چىقمىدى. بۇنىڭغا مېنىڭ كۆڭلۈم يېرىم بولدى

تېخى.

مەن پايانسىز بوشلۇقتا قارىدىم، قاتۇرۇپ قويغاندەك جىممىدە تۇرىمەن، كاللام قۇپقۇرۇق...

بىرنەچچە مىنوتتىن كېيىن ئەسلىمگە كەلدىم.

— بولىدۇ، — دېدىم مەن، — بولىدۇ، سىزنىڭ ئەجەل پەرىشتىسى ئىكەنلىكىڭىزگە ئىشىنەي. لېكىن، شۇنى چۈشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، مەن سىزدىن قورقۇپ قالمايمەن. مۇنداق ئويۇنلىرىڭىزنى ئۆلۈمدىن قورقىدىغانلارغا ئويناپ بېرىڭ، شۇنداقلارنى قورقۇتۇڭ.

— قورقۇتۇڭ دەمسىز؟ مەن سىزنى قورقۇتۇۋېتىپتىمەنمۇ؟

— قورقۇتۇۋاتمىغان بولسىڭىز، نېمىشقا مۇنداق ئويۇنلارنى ئويناپ يۈرىسىز؟ باشتا جەسەتخانا، ئۇنىڭدىن كېيىن ناماز چۈشۈرۈش، قەبرىستان...

— مەن سىزنى نېمىدەپ قورقۇتقۇدەكمەن؟

— ئەمىسە نېمىشقا كېلىپ مەن قىلىۋاتقان ئىشنى ئۈزۈپ قويىسىز؟

ئۇنىڭ چىرايىنى غەمكىنلىك قاپلىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى، قوللىرىنى يەلكەنلىك قېيىقنىڭ ئالتۇن رەڭ سالاسۇنىغا قويۇپ يىراققا نەزەر تاشلىدى. بىرپەستىن كېيىن ماڭا بۇرالدى:

— سىز ئازراقمۇ ئېسىڭىزگە ئالالمىدىڭىز، شۇنداقمۇ؟

مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم:

— مەن قايتاي.

ئۇ يېقىملىق ئاۋازدا يەنە سورىدى:

— سىز ئازراقمۇ ئېسىڭىزگە ئالالمىدىڭىز، شۇنداقمۇ؟

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ھېسداشلىقمۇ، ئەپسۇسلىنىشمۇ چىقىپ تۇراتتى. بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمىدىم، بۇ يەردىن كېتەلمەي ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ مۇھىم ئىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىمنى، مۇشۇ سەۋەبتىن روھىمدىن ئايرىلغانلىقىمنى ئەسكەرتىۋاتقاندەك قىلاتتى. مېنىڭ ئەھۋالىم بەك بىچارە

ئوخشايدۇ، ئۇ ئەجەل پەرىشتىسى بولسىمۇ، ئىختىيارسىز ھالدا ماڭا ئاجايىپ بىر ئىچ ئاغرىتىش بىلەن قاراۋاتاتتى.

— نېمىنى ئېسىمگە ئالالمىدىم؟ — سورىدىم مەن.

— ئاشۇ يازنى.

— قايسى ياز ئۇ؟ نېمىلەرنى دەيدىغانسىز؟

— بالىلىق دەۋرىڭىزدىكى يازنى، ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئاشۇ يازنى دەۋاتىمەن.

«ئۇ ياز توغرۇلۇق نېمىلەرنى بىلىسىز» دېگەن سوئال تىلىمنىڭ ئۇچىغا كېلىپ تۇرۇشىغا، كاللامغا سانسىز خىياللار يوپۇرۇلۇپ كەلدى.

— مەن ئۇ توغرۇلۇق كۆپ نەرسە بىلمەيمەن، — دېدى ئۇ، — لېكىن مۇھىمى، سىز ئۇ يازنى بىلىسىز.

— ئەگەر سىز يانچۇقۇمدا دورا بارلىقىنى ۋە مېنىڭ نېمە ئويلاۋاتقىنىمنى بىلسىڭىز، مېنىڭ ئۇ يازدىكى ئىشلارنى زادىلا ئەسلىيەلمەيۋاتقانلىقىمنىمۇ بىلىشىڭىز كېرەك ئىدى.

— سىزنىڭ ئۇ ئىشلارنىڭ مەلۇم بۆلىكىنى ئەسلىيەلەيدىغانلىقىڭىزنى ياكى پەقەتلا ئەسلىيەلمەيدىغانلىقىڭىزنى مەن بىلمەيمەن، بۇنى پەقەت سىزلا ماڭا دەپ بېرەلەيسىز. لېكىن، بەزى ئىشلار چوقۇم ئېسىڭىزدە.

— مەن سىزگە دېدىم، — دېدىم مەن، — ئۇ ياز ئېسىمدە يوق، ھەتتا كاللامدا ئۇنىڭ ئازراقمۇ تەسىرى يوق.

— تۇرمۇشتىكى ئىشلارنى كاللا ئۇنتۇپ كېتىشى مۇمكىن، لېكىن قەلب ئۇلارنى مەڭگۇ خاتىرىسىدە ساقلايدۇ.

— قەلب خاتىرىسىدە ساقلامدۇ - ساقلىمامدۇ، بۇنىڭدىن خەۋىرىم يوق، لېكىن كاللامدە ئۇنىڭ قىلچە ئىزناسى يوق.

— سىزنىڭ ئاشۇ يازدىكى كەچۈرمىشلىرىڭىزنى ھېچكىم بىلمەمدۇ؟

— بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر ئۇ ياز توغرۇلۇق دائىم پاراڭ قىلاتتى...

— قانداق پاراڭلارنى قىلاتتى؟
— ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ئادەتتىكىدىن پەرقلەنمەيدىغان بىر ياز ئىكەن، ھەر يىلى يازدىكىگە ئوخشاش، بىز 6 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە بىر كىچىك ياغاچ ئۆيدە تۇرۇپتۇق.
— ئادەتتىكىدىن پەرقلەنمەيدىغان ياز؟
— ھى... ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئۇ يازنىڭ ئىلگىرىكى يازلارغا ئوخشىمايدىغان بىرلا يېرى، يازنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا مەن تولىمۇ غەمكىن يۈرۈپتىمەن، كېيىنكى يېرىمىدا بولسا ئاجايىپ خۇشال يۈرۈپتىمەن.
— يەنىچۇ؟
— ھى، ئۇ ئىش يازنىڭ ئاخىرىدا يۈز بېرىپتۇ. بىر كۈنى ئەتىگەندە مەن چىرايىم تامدەك تاتارغان ھالدا قايتىپ كەپتىمەن، گەپمۇ قىلمىغۇدەكمەن.
— ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ سۆزلەۋېرىڭ، ئۇمۇ، بىلىدىغانلىرى. ڭىزنىڭ ھەممىسىنى ماڭا سۆزلەپ بېرىڭ.
— بىلمەيمەن، قانچىلىك نەرسە سۆزلەپ بېرەلەيمەنكىنتاڭ. لېكىن، بولىدۇ، — مەن ئولتۇردۇم، — ئۇلار ھەرقانچە قىلىپمۇ مېنىڭ ئاغزىمنى ئاچالماپتۇ، مەن گەپ قىلماي تۇرۇۋاپتىمەن. كېيىن مەن ئوچۇق دېڭىز تەرەپنى كۆرسىتىپلا، ھوشۇمدىن كېتىپ يەرگە يىقىلىپتىمەن. ئۇلار مېنى دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپىرىپتۇ. مەن ھوشۇمغا كېلىپ گەپ قىپتىمەن، لېكىن ئۇلار مېنىڭ يېقىندا يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئېسىمگە ئالالمايۋاتقانلىقىمنى بايقاپتۇ، مەن پەقەت 6 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنىنىڭ ئالدىدىكى ئىشلارنىلا ئەسلىيەلەپتىمەن، لېكىن ئۇ كۈندىن كېيىنكى ئىشلارنى ئەسلىيەلمەپتىمەن.
— كاللىڭىزدا ئازراق تەسىرىمۇ قالماپتۇمۇ؟
— ياق. دوختۇرخانىدا ھوشۇمغا كەلگەندە، ئۇنىڭدىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئېسىمدە ساقلىيالىدىم، لېكىن ئاشۇ يازدىكى 6 ـ ئاينىڭ مەلۇم كۈنىدىن تارتىپ ھوشۇمغا كەلگۈچە

بولغان ئارىلىقتا زادى نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى پەقەتلا ئەسلىيەلمىدىم. خاتىرەمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆيدىكىلەرنىڭ قىلمىغىنى قالمىدى، ئۇ ئىشلار ئېسىمدە. ئۇلارنىڭ مېنى كۆرسەتمىگەن دوختۇرى قالمىدى، لېكىن يەنىلا ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى. ھەربىر دوختۇر ئۆزىنىڭ كاللىسى بويىچە بىر نېمىلەرنى دەپ باقاتتى. بەزى دوختۇرلار مېنىڭ كېسىلىمنى ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان، دەيتتى؛ بەزى دوختۇرلار ئېغىر يارىلىنىش سەۋەبىدىن خاتىرىسىنى يوقاتقان بولۇشى مۇمكىن، مۇنداق ئەھۋاللار يۈزدە بىر پىرسەنت كۆرۈلىدۇ، دەيتتى. مېنىڭ بىلىدىغىنىم، مۇشۇ سەۋەبتىن، مەن ئۇ ئۈچ ئاينى «ئۇنتۇلغان ياز» دەپ ئاتايتتىم... لېكىن، ئەمدى نۆۋەت ساڭا كەلدى، ئاشۇ ياز توغرۇلۇق قانچىلىك نەرسە بىلسەن، ماڭا سۆزلەپ بەرگىن.

— بايا دېگىنىمدەك، بىلىدىغانلىرىم كۆپ ئەمەس.

— بولدى قىلىڭا، ئۇنداق گەپلىرىڭىزگە ئىشەنمەيمەن! بىلمىسىڭىز بۇ ئىشنى تىلغا ئېلىپ يۈرمەيتتىڭىز. ھازىرمۇ ئېيتىپ بەرگۈڭىز يوقمۇ؟

ئۇ ئۈندىمىدى.

ئۇ نېمىشقا دەپ بەرمەيدىغاندۇ؟ مەيلى قانداق بولسۇن، ئاشۇ ئۇنتۇلغان يازدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى ھازىر بىلسەم، بۇنىڭ ماڭا نېمە پايدىسى بار؟ مەن شۇ تاپتا ئەجەل پەرىشتىسى بىلەن پاراڭلىشىۋاتىمەنغۇ؟ بىر ئىستاكان ئىسسىق سۈت ئىچسەملا، كائىنات بوشلۇقىدا ساياھەت قىلالايمەنغۇ؟ شۇنداق ئىكەن، ئۆزۈمنىڭ ئۆتمۈشۈمنى بىلىش - بىلمەسلىكىمنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟

مەن جىممىدە ئولتۇرۇپ كەتتىم، ھەتتا كۆزلىرىمنىمۇ چىمچىقلاتمىدىم.

— بولدى، دوستۇم، — دېدى ئۇ، — مۇنداق سالپىيىپ كەتمەڭ، سىز داۋاملىق ياشىيالايسىز.

— خاتالاشتىڭىز، ئەجەل پەرىشتىسى ئەپەندى. سىز ئەجەل پەرىشتىسى بولۇشىڭىز مۇمكىن، لېكىن مەن دېگەن مەن، ئەركىنلىكىم ھازىرمۇ ئۆز قولۇمدا، بۇگۈن ئۆلگۈم كەلسە ئۆلىۋېرىمەن.

— راست دەيسىز، دوستۇم، ئەركىنلىكىڭىز ئۆز قولىڭىزدا. ئەگەر ئۆلگۈڭىز كەلسە، ئاشۇ دورىلارنى يېسىڭىزلا مۇرادىڭىزغا يېتىسىز. لېكىن، خۇدانىڭ ئىرادىسىنى ئۆزگەرتەلمەيمىزغۇ.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدىم مەن، — بىر تۇرۇپ خۇدانىڭ ئىرادىسىنى ئۆزگەرتەلمەيمىز، دەيسىز؛ بىر تۇرۇپ ئەركىنلىكىڭ ئۆز قولۇڭدا، دەيسىز. زادى قايسى گېپىڭىز راست؟

— خۇدا بولغۇسى ئىشلاردىن بېشارەت بېرىدۇ. ئەگەر سىز دورا يەۋالسىڭىز، ئۇ سىزنىڭ دورا يەپ ئۆلۈۋالىدىغانلىقىڭىزدىن بېشارەت بېرىدۇ. ئەگەر سىز ئۆز ئەجىلىڭىز بىلەن ئۆلۈشنى كۈتۈپ تۇرسىڭىز، ئۇ كۈتكەن كۈنىڭىزمۇ كېلىدۇ، باشقىچە بىر ئۇسۇلدا ئۆلىسەن، دەپ كېسىم چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ بىلىدىغانلىرىنى بىز بىلمەيمىز.

— سىزمۇ بىلمەمسىز؟

ئۇ جاۋاب بەرمىدى.

— گەپنىڭ قىسقىسى، مەن بىلىمەن، — دېدىم مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ. مەن يانچۇقۇمدىكى دورىنى ئېلىۋاتقاندا، ئۇ ئىلگىرى قويغان سوئالنى پەس ئاۋازدا يەنە قويدى:

— روھىڭىزنى ئېلىپ كېتىشكە① رۇخسەت قىلامسىز؟

بۇ سەل غەلىتە سوئال ئىدى، ئۇ مېنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى.

---

① روھىڭنى ئېلىپ كېتىشكە (Take your soul) — «قىران ئومۇ» 11 - بابىدا ئەجەل پەرىشتىسى «روھىڭنى ئېلىپ كېتىشكە» ئەمەس، «جېنىڭنى ئېلىپ كېتىشكە» (Take your life) دېگەن. ئەلۋەتتە، ئىسلام دىنى مۇرىتلىرى ئۈچۈن بۇ ئىككى سۆزنىڭ مەنىسىدە چوڭ پەرق يوق. چۈنكى، ئۇلار روھ تەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئادەم ئۆلىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلار دەۋاتقان ئۆلۈم پەرىشتىسى (ئەزرائىل) ئادەملەرنىڭ روھىنى ئېلىپ كەتكۈچىدۇر.

# بالا ئومۇ

## 19

چۈشۈمدە كۆرگەن بوۋاينىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم، چۈنكى ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرەلمىگەنىدىم. لېكىن، ئەتىسى تولىمۇ غەلىتە بىر ئىش يۈز بەردى. بىزنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىكى پاسكىنا پۇتبول مەيدانىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بىر توپ بالىنىڭ بىر بوۋاينى ئارىغا ئېلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. مەيداندا توپ يوق، ئۇ بوۋايمۇ تىرېنېرغا ئوخشىمايتتى، بوۋاي ئاق كۆڭلەك كىيگەن، ئۇنىڭغا يۇرەك شەكىللىك سىنئەينەكلەرنى قادىۋالغانىدى، تىرېنېر ھەرگىزمۇ مۇنداق كىيىنمەيتتى. بوۋاي ھەتتا بوينىغا زەنجىرمۇ تاقىۋالغان، زەنجىرنىڭ ئاستىغا يوغان سىنئەينەك ئېسىلغانىدى!

مەن نېمە ئىش بولغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ يېنىغا باردىم.

بوۋاي بالىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇراتتى، يېنىدا يەتتە تال تاش تىزىقلىق تۇراتتى. مەن چەتتىكى بىر بالىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدىم.

— قىزىق، — دېدى بالا، — بۇ بوۋاي ئېلىشىپ قاپتۇ، ئۇ تاشلار بىلەن پاراڭلىشىۋاتىدۇ، تېخى تاشلارغا ھېكايە سۆزلەپ بېرىۋاتىدۇ!

ئۇ بالا بوۋاينى تاشلار بىلەن پاراڭلىشىۋاتىدۇ، دېدى، لېكىن ئۇ چاغدا بوۋاي قېقىلىپ ـ يۆتىلىپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمايۋاتاتتى. بوۋاي بىر چاغدا يۆتەلدىن توختاپ چوڭقۇر بىر

نەپەس ئالدى، ئارقىدىن ھاسىراپ تۇرۇپ كەتتى.
— ھەي، سۆيۈملۈك تاشلىرىم، — دېدى ئۇ، — ھازىر مەن بۇ يەردىكى دوستلىرىمغا دۇنيا بويىچە ئەڭ مۇھىم بىر سوئالنى قويىمەن.
ئاندىن بوۋاي زەنجىردىكى يۈرەك شەكىللىك سىنئەينەكنى كۆنگە توغرىلاپ، ئۇنىڭ ئەكس نۇرىنى بىزنىڭ يۈزىمىزگە چۈشۈردى. ئارقىدىن بىزگە قاراپ چىقىپ سورىدى:
— ئاراڭلاردا دېلفىن بىلەن پاراڭلاشقانلار بارمۇ؟
مەن داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى ئەمدى؟ بۇ بوۋاي زادى كىمدۇر؟ ئۇ دېلفىن ئومۇننىڭ ئىشىنى سۈرۈشتۈرۈۋاتامدىغاندۇ ياكى بۇ مۇنداقلا توغرا كېلىپ قالغان گەپمىدۇ؟ مەن چۈشۈمدە كۆرگەن بوۋاي بىلەن ئۇنىڭ باغلىنىشى بارمىدۇ يا؟
مەن مۇشۇلارنى ئويلاۋېتىپ، بالىلارنىڭ قاقاھلاپ كۈلۈشۈۋاتقانلىقىنى، بىر - بىرىگە كۈسۈرلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم:
— دېلفىن بىلەن پاراڭلىشىش؟
— دۇنيا بويىچە ئەڭ مۇھىم سوئال دېگىنى مۇشۇمىكەن؟
— بىز دېلفىن بىلەن پاراڭلىشىپ باقمىغان، لېكىن ماڭا بىرنەرسە ئېنىقكى، بۇ بوۋاي نېرۋىسىدىن كېتىپتۇ !
بالىلار شۇنداق كۈسۈرلىشىۋاتقاندا، مەن قانداق قىلىشىم كېرەك، دېگەن مەسىلىگە كاللا قاتۇرۇۋاتاتتىم. دېلفىن ئومۇننىڭ ئىشىنى ھازىرغىچە ھېچكىمگە تىنمىغانىدىم. ئېنىقكى، دېلفىن بىلەن پاراڭلاشتىم، دېسەم، گېپىمگە ھېچكىم ئىشەنمەيتتى، تېخى مېنى ئالدامچى، ساراڭ دەپ، زاڭلىق قىلىشى تۇرغان گەپ. ئۇلار بايىلا شۇنداق قىلىدۇ ! شۇنىڭ بىلەن، مەن بالىلارنىڭ ھەممىسى كەتكەندە ئاندىن بوۋاي بىلەن پاراڭلىشىپ باقماقچى بولدۇم.
بوۋاي ئوخشاش بىر سوئالنى بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىدى،

لېكىن باللار تېخىچە ئۇنى زاڭلىق قىلىپ كۇلۇشۇۋاتاتتى. مەن پەرەز قىلغاندەك، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى دېلفىن ئومۇنى كۆرۈپ باقمىغان. بىر دەمدىن كېيىن بوۋاي تاشلارنى يىغىشتۇرۇپ خالتىسىغا سالدى، ئاندىن بىزگە يەنە بىر قېتىم غەمكىن نەزەردە قاراپ چىقتى.

— كەچۇرۇڭلار، دوستلىرىم، — دېدى ئۇ مۇلايىم ئاۋازدا، — مەن ئەمدى قايتاي.

نېمىشقىدۇر، ئۇ بىردىنلا تولىمۇ غەمكىن قىياپەتكە كىرىپ قالدى، ئۇنىڭغا شۇنداقلا تېگىپ قويسىڭىز يىغلىۋېتىدىغاندەك ئىدى. ئۇ تار كوچىدىن تولىمۇ ئېغىر قەدەملەر بىلەن ئۆتۈپ، كەنتنىڭ ئارقىسىدىكى كىچىك تاغقا قاراپ ماڭدى. بۇ چاغدا باللارنىڭ ھەممىسى تارقىلىپ كەتكەنىدى، مەن بوۋايغا يىراقتىن ئەگىشىپ ماڭدىم.

ئۇ توختاپ بىرپەس تۇرۇپ كېتىپ، ئاندىن بىر توپ زەيتۇن دەرىخىنىڭ ئاستىغا بېرىپ ئولتۇردى، خالتىسىدىن يېشىل رەختكە ئورالغان قارا كۆن مۇقاۋىلىق بىر كىتابنى چىقاردى. ئۇ كىتابنى سۆيۈپ قويۇپ ئاچتى ـ دە، ئوقۇشقا باشلىدى. مەن يىراقتىن ئۇنى كۆزىتىپ تۇردۇم. كىتابتىكى مەزمۇنلار ئۇنى مەست قىلىۋەتكەندەك، ئۇ كىتابنى ئوقۇۋاتقاندا توختىماي بېشىنى ئىرغاڭشىتاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يېنىغا بارسامۇ تۇيمىغاندەك ئەمەس ئىدى. قارىغاندا، ئۇ ھازىر بۇ دۇنيادا ئەمەس، يەر تەۋرىسىمۇ تۇيمىغۇدەك.

ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ كىتابنى يېپىپ، ئۇنى قايتا ـ قايتا سۆيدى، ئاندىن ھېلىقى رەختكە ئوراپ خالتىغا سالدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭماقچى بولۇۋاتقاندا، ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈردۈم.

— ئەپەندى! توختاپ تۇرۇڭ! مەن دېلفىن بىلەن پاراڭلاشقان!
ئۇ مېڭىشتىن توختاپ، بۇرىلىپ ماڭا قارىدى.

— راستىمۇ؟ — دېدى ئۇ، — ئەمىسە ئۇ دېلفىننىڭ ئىسمىنى

ئېيتىپ باقتىنا.
— ئومۇ، — دېدىم مەن.
ئۇ بىگىز بارمىقىنى چىقاردى.
— ئەمدى ئېيتقىنا، — دېدى ئۇ، — ئۆزۈڭنىڭ ئىسمى نېمە؟
— مېنىڭ ئىسمىممۇ ئومۇ. بىزنىڭ ئىسمىمىز ئوخشاش، ئۇنداق بولۇشى ئىككىمىز بىر!
بوۋاينىڭ كۆزلىرى بىردىنلا نۇرلاندى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئاسمانغا قاراپ پەس ئاۋازدا ئېغىز ئاچتى:
— رەھمەت ساڭا، دوستۇم، — ئاندىن مۇرەمگە شاپىلاقلاپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇياقتا كەلگىن، ئومۇ، ئىككىمىز ئاۋۇ دەرەخنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشۇۋالايلى.
بىز ھېلىقى زەيتۇن دەرىخىنىڭ يېنىغا ئالدىرىماي بېرىپ، سايىسىدا ئولتۇردۇق. بوۋاي ئۆزىگە ئۆزى سۆزلىگەندەك بىرنېمىلەرنى دېدى، مەن پەقەت بىر ئېغىز گېپىنىلا ئاڭلاپ قالدىم. ئۇ مېنىڭ مۇشۇ پەيتنى كۈتۈۋاتقىنىمغا يەتمىش يىلدىن ئاشتى، دېگەن مەزمۇندىراق گەپ ئىدى.
— سىز ماڭا گەپ قىلىۋاتامسىز؟ — سورىدىم مەن.
بوۋاي قولىنى قولۇمنىڭ ئۈستىگە قويدى.
— مەن بەختلىك ھالدا ئاخىر سېنى ئۇچراتتىم، دوستۇم. سەن ماڭا ئۇمىد ئاتا قىلدىڭ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — بۇ تولىمۇ غەلىتە ئىش، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ سەنمۇ بەلكىم مېنى ئۆزۈڭگە ئۇمىد ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ ئويلايدىغانسەن. لېكىن، ئەھۋال مانا مۇشۇنداق، دوستلار بىر - بىرى ئۈچۈن سىنئەينەك.
— مەن سىزگە ئۇمىد ئاتا قىلدىممۇ؟ سىزمۇ ماڭا ئۇمىد ئېلىپ كېلەمسىز؟
— شۇنداق، بايا دېگىنىمدەك، دوستلار بىر - بىرى ئۈچۈن سىنئەينەك.
— ھى، «دوستلار بىر - بىرى ئۈچۈن سىنئەينەك»، بۇ

قانداق گەپ؟ — سورىدىم مەن.

بوۋاي زەنجىردىكى سىنئەينەكنى كۆتۈرۈپ يۈزۈمگە يېقىن ئەكەلدى.

— ساڭا بىر تېپىشماق ئېيتاي، — دېدى ئۇ، — سەن سىنئەينەكتىن نېمىنى كۆردۈڭ؟

— ئۆزۈمنى.

— توغرا، سىنئەينەككە قارىغاندا ئۆزىمىزنى كۆرىمىز. لېكىن، سېنىڭ نەزىرىڭدىكى ئۆزۈڭ قانداق؟

— شۇ ئۆزۈمنىڭ ئەكسىنى كۆردۇم. چېچىم سەل قالايمىقان، پېشانە ۋە قاشلىرىمغا دېڭىز تۇزى يېپىشىپ قاپتۇ.

بوۋاي سىنئەينەكنى كۈن نۇرى تەرەپكە سەل بۇرىغانىدى، كۈننىڭ ئەكس نۇرى يۈزۈمگە چۈشتى. بۇ چاغدا كۈن نۇرى بەك كۈچىيىپ كەتكەنىدى، مەن نۇردىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىم.

— ئەمدىچۇ، سىنئەينەكتىن نېمىنى كۆردۈڭ؟

— نۇرنى كۆردۇم. نۇردىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىم.

— توغرا! — دېدى ئۇ كۈلۈپ، — مۇشۇنداق بولغاندا، دوستۇم، ھامان بىر كۈنى سەن دوستۇڭغا قارىغاندا پەقەت نۇرنىلا كۆرەلەيسەن. دوستلار بىر - بىرى ئۈچۈن سىنئەينەك، سەن مۇشۇنداق سىنئەينەكتە كۆرىدىغان نۇر دەل ئۆزۈڭ بولىدۇ.

بۇ چاغدا مەن بىردىنلا دېلفىن ئومۇ دېگەن گەپنى ئەسلەپ قالدىم: «سېنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ياخشى كۆرىمەن، ئىككىمىز بىر جان، بىر تەنگە ئايلىنىمىز. مەن ساڭا قارىسام ئۆزۈمنى كۆرىمەن.»

مەن ھاياجان بىلەن بوۋايغا يېقىنلاشتىم، ئۇنىڭدىن دېلفىن ئومۇنى تونۇيدىغان - تونۇمايدىغانلىقىنى سوراپ باقماقچى بولدۇم، يەنە سورايدىغان نۇرغۇن سوئاللىرىم بار ئىدى.

— ئەنسىرىمىگىن، ئومۇ، — دېدى ئۇ، — كاللاڭدىكى بارلىق سوئاللار يېشىلىدۇ. مەن ئەمدى قايتاي، لېكىن قايتىشتىن

ئىلگىرى ساڭا بىر نەرسىنى — «ئۈمىد دەستۇرى»نى بېرىمەن.
ئاندىن ئۇ خالتىدىن بايا ئوقۇغان كىتابىنى چىقىرىپ ماڭا ئۇزارتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، مەن ھازىر بۇ كىتابنىڭ كېيىنكى ساقلىغۇچىسى بوپتىمەن. بۇ كىتابنىڭ گېپىنى مەڭگۈ بىر كىمگە تىنمايدىكەنمەن، رۇخسەت قىلىنمىغۇچە كىتابنىڭ بېتىنىمۇ ئاچمايدىكەنمەن. مەندىن بۇ توغرۇلۇق ۋەدە ئالدى. ئۇنىڭدىن باشقا، مەن بۇ كىتابنى دەرھال ھېچكىم بايقىمايدىغان بىر يەرگە كۆمۈپ قويىدىكەنمەن، ئۇنى ئوقۇشقا رۇخسەت قىلىنغاندىلا ئالىدىكەنمەن.
مەن بوۋايغا سوئال دېگەننى ياغدۇرۇۋەتتىم: بۇ كىتابتا نېمىلەر سۆزلىنىدۇ؟ ئۇنى نېمىشقا ماڭا تاپشۇرۇپ بېرىسىز؟ نېمە ئۈچۈن مېنى ئۇنىڭ كېيىنكى ساقلىغۇچىسى دەيسىز؟ مەن ئۇنى نېمىشقا كۆمۈپ قويىمەن، نېمىشقا ھەرقانداق ئادەمگە گېپىنى قىلمايمەن؟ ئۇنى قاچانلىققا ئېچىپ كۆرەلەيمەن؟ ئۇنى كۆرسەم بولىدىغان ۋاقىتنى كىم دەپ بېرىدۇ؟ ئۆزىڭىز زادى كىم بولىسىز؟
ئارقىدىن مەن ھەتتا بوۋايغا كۆرگەن چۈشۈمنىمۇ سۆزلەپ بەردىم، چۈشۈمدىكى بوۋاينىڭ ئۇ ياكى ئەمەسلىكىنى سورىدىم. لېكىن، بوۋاي مېنىڭ سوئاللىرىمنىڭ بىرسىگىمۇ جاۋاب بەرمىدى، پەقەت بىلمەكچى بولغان نەرسىلىرىمنىڭ ھەممىسى ئاشۇ كىتابتا ئىكەنلىكىنىلا ئېيتىپ بەردى.
شۇنىڭ بىلەن، ئاخىرىدا ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل كېلىپ، كىتابنى ئالدىم. نېمىشقىدۇر، بوۋاي بىردىنلا خۇددى كىچىك بالىلاردەك خۇشال بولۇپ كەتتى، ئەڭ بولمىغاندا، مەن دېلفىن ئومۇنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن چاغدىكىدەك خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ كىتابنى ماڭا تاپشۇرۇپ بېرەلىگىنى ئۈچۈن شۇنداق خۇشال بولۇپ كېتىۋاتامدىغاندۇ؟ مەن ئويلىغانسېرى ھەيران بولدۇم.
— بىلمەن، مەن ساڭا ئىشەنسەم بولىدۇ، — دېدى بوۋاي.

مەن ئۇنىڭ نېمىشقا مۇنداق دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىدىم، لېكىن ماڭا تولىمۇ ئىشىنىدىغانلىقىنى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بايقىۋالدىم.

مەن ئۇنىڭدىن ئەگىشىپ بولمىغاندا بىرنەچچە سوئالىمغا جاۋاب بېرىشنى ئۆتۈنەي دەپ تۇرۇشۇمغا، ئۇ مەن بىلەن خوشلاشماقچى بولغاندەك، مېنى قۇچاقلىدى. ئاندىن ماڭا بىر دوستى بىلەن كۆرۈشكىلى بارمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ پېشانەمگە سۆيۈپ قويۇپ كەينىگە بۇرالدى. ئۇ يەنىلا كاڭشىلداپ يۆتىلىپ تۇراتتى، لېكىن ئۇنچە قىينىلىپ كېتىۋاتقاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ دەرەخلەر ئارىسىدىكى تار يول بىلەن تاغنىڭ چوققىسىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ناھايىتى تېز ماڭاتتى — زەربىدارلار ئەترىتىنىڭ ياش ئەزاسىدەك ماڭاتتى.

ئۇ ئاشۇ دوستىنى بەك سېغىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك.

## قىران ئومۇ

## 20

— روھىڭىزنى ئېلىپ كېتىشكە رۇخسەت قىلامسىز؟
بىلمىدىم، ئۇنىڭ بۇ سوئالنى توختىماي تەكرارلىشى مېنىڭ ئېسىمگە سالماقچى بولغان ئىش بىلەن مۇناسىۋەتلىكمىكىن. لېكىن، بۇ سوئال مېنىڭ خاتىرەمنى قىلچە قوزغىتالمايۋاتاتتى، تېخى ھەر قېتىم بۇ سوئالنى ئاڭلىغاندا، مېنىڭ ئۆلۈۋېلىش قىزغىنلىقىم تېخىمۇ سۇسلاپ كېتىۋاتاتتى.
ئەجەل پەرىشتىسى جېنىمنى ئېلىپ كېتىشتىن بۇرۇن قانداق بولۇپ مېنىڭ رۇخسىتىمنى ئالماقچى بولۇپ قالدى؟ ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، ماڭا ھەرقانداق مەسلىھەتلىشىش ئورنى قالدۇرماسلىقى كېرەك ئىدىغۇ؟
— سىز سوئالنى نېمىشقا سوراۋېرىسىز؟ — دېدىم مەن.
ئۇ ئۈندىمىدى.
— سىز مېنىڭ ئۆلۈشۈمنى خالىمايسىز، شۇنداقمۇ؟
— مەن نېمىشقا خالىمىغۇدەكمەن؟ بۇ دېگەن مېنىڭ خىزمىتىم تۇرسا. ئۇنىڭدىن باشقا، پەرىشتە ئۆز خىزمىتىنى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، مۇھەببەت ئۈچۈن ئېلىپ بارىدۇ. لېكىن، مەسىلىنىڭ تۈگۈنى، سىز راستىلا ئۆلۈشنى خالامسىز؟
— ئەگەر خالىمىسام، ھازىر قولۇمدا بۇ دورىنى تۇتۇپ تۇرۇپ نېمە قىلاتتىم؟ سىز مېنىڭ يېنىمغا نېمىگە كېلەتتىڭىز؟
— شۇنداق بولغان بولسا، — دېدى ئۇ، — دورىنى بۇ چاغقا

ئىچىپ بولغان بولاتتىڭىز...
— ئەمىسە قاراپ تۇرۇڭ ھە، — دېدىم مەن ۋە دورىنى پىيىشكە باشلىدىم. سۇ ئىچمىگەچكە، ھەر قېتىمدا بىرلا تال دورا يۇتالايتتىم.
مەن ئۈچىنچى تال دورىنى يۇتۇۋاتقاندا، ئۇ پەس ئاۋازدا ئېغىز ئاچتى:
— روھىڭىزنى ئېلىپ كېتىشكە رۇخسەت قىلامسىز؟
مەن «رۇخسەت قىلىمەن!» دەپ ۋارقىرىماقچى بولدۇم، لېكىن نېمە بالا كۆرۈنگەنكىن، ئاغزىمدىن ئۇنداق ئاۋاز چىقمايۋاتاتتى.
— «رۇخسەت قىلىمەن!» دېگەن سۆزنى قىلسىڭىزلا بولىدى، — دېدى ئۇ.
ئۇ يېنىمغا كېلىپ بىر قولىنى مۈرەمگە قويدى. ھەرىكەتلىرى ۋە چىرايىدىن ماڭا قاتتىق ھېسداشلىق قىلىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ھېسسىياتى شۇنداق چىن، ماڭا چوڭقۇر كۆيۈنۈۋاتقانلىقىغا ئىشەنمەي ئامالىم يوق ئىدى. خۇددى مەن دۇنيالىقتا بىرلا بالىسىدەك، ئۇنىڭ مەندىن ۋاز كەچكۈسى يوق ئىدى.
— مەن ئۇ سۆزنى نېمىشقا ئاغزىمدىن چىقىرالمايمەن؟ — مەن غودۇرىدىم.
— كەلگىن، دوستۇم، سەن نېمىشقا ئولتۇرۇپ چاي ئىچمۇالمايسەن؟
مەن ئۇنىڭ گېپىگە كىرىپ، شىرەنىڭ يېنىدىكى سېلىنچىدا ئولتۇردۇم. ئۇ مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇردى. سۇت ئىستاكانىنىڭ يېنىغا بىرنەچچە چاي ئىستاكانى قويۇلغانىدى، چاي ئىستاكانىغا يېشىل ۋە ئالتۇن رەڭ رەسىملەر چۈشۈرۈلگەنىدى. چاي ئىستاكانىدىكى سۇيۇقلۇق قارىماققا چايغا ئوخشايتتى، لېكىن مەن ئەينى چاغدا ئىچكەن سۇت قوشۇلغان ھەسەلمۇ قارىماققا سۇت قوشقان ھەسەلگە ئوخشايتتىغۇ!
— كېلىڭ، بىر يۇتۇم ئىچىڭ.

— رەھمەت، ئىچكۈم يوق.
ئۇ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.
— قورقماي ئىچىۋېرىڭ، بۇ قېتىم «ساياھەت» قىلمايسىز.
— بۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلالامسىز؟
ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى.
— ساياھەت توغرۇلۇق گەپ بولۇپ قالدى، — دېدىم مەن، — بىز ئۆلگەندە راستىلا ئاشۇنداق ئىشنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزىمىزمۇ؟ بىز ئۆزىمىزنىڭ مېيىتىنى كۆرەلەيمىزمۇ؟
— كەچۈرۈڭ دوستۇم، مەن سىزگە مۇنداق ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەلمەيمەن.
— ئەمىسە مېنى نېمىشقا ئاشۇنداق كويلارغا سالدىڭىز؟
— بىز سەل تۇرۇپ بېلىق تۇتقىلى بارىمىز، شۇ چاغدا بىلىپ قالىسىز. لېكىن، ھازىرچە ئۇ ئىشنى ئۇنتۇپ تۇرۇڭ، زۇكام بولۇپ قېلىشتىن ئىلگىرى چاينى ئىچىۋېتىڭ.
— بېلىق تۇتقىلى بارىمىز؟
— بايا دېدىمغۇ، ۋاقتى كەلگەندە بىلىپ قالىسىز. ھازىر چېيىمىزنى ئىچەيلى.
مەن ئىستاكاندىكى چاينى ئېلىپ ئاۋايلاپ ئوتلىدىم.
— ھە، تەمى ياخشى ئىكەن...
ئۇمۇ چايدىن بىر ئوتلاپ قويۇپ، ئاندىن ماڭا يېقىنلاشتى:
— سىزدىن بىر گەپنى سورىسام بولامدۇ؟ نېمىشقا ئۆلۈۋالغۇڭىز كېلىپ قالدى؟
— نېمىشقا ئۆلۈۋالغۇڭىز كېلىپ قالدى؟ نېمىشقا ئۆلۈۋالغۇڭىز كېلىپ قالدى؟ بۇنى ياخشى سورىدىڭىز، — دېدىم مەن چوڭقۇر تىنىپ قويۇپ، — بۇنى ئۆزۈممۇ دەپ بېرەلمەيمەن. بەلكىم... قىلىق چىقارغۇم كەلگەندۇ.
ئۇ مۇجمەل جاۋابىمغا ئېرەن قىلىپ كەتمىدى، سوئالىنى داۋاملاشتۇردى:
— نېمىشقا قىلىق چىقارغۇڭىز كېلىپ قالدى؟

— بۇ ياخشى ئىش، ناھايىتى ياخشى ئىش، — مەن يەنىلا مۇجمەل جاۋاب بەردىم.

— بۇ قانداقسىغا ياخشى ئىش بولىدۇ؟

— سىز زادى تېگى - تەكتىنى بىلمەكچى، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداقمۇ؟

مەن قولۇمدىكى چاي ئىستاكاننى ئۇنىڭغا ئۇزارتتىم:

— سىزنىڭچە، كىشىلەر بۇ ئىستاكاننى نېمىشقا ياساپ چىققاندۇ؟ مېنىڭ پەرەز قىلىشىمچە، كىشىلەر (ياكى پەرىشتىلەر) ئۇنىڭدا چاي ئىچىدۇ، ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، مەن بۇ ئىستاكاننى چېقىۋەتسەم بولمايدۇ. مېنىڭمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشۇمغا بىرەر سەۋەب بارمۇ، مەن بىلمەيمەن.

— تولىمۇ ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن، — دېدى ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، — سىز ئىستاكاننىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش سەۋەبىنى تونۇپ يېتىپسىز...

— سىز شۇ تاپتا مېنىڭمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشۇمغا ئاساس ئالماقچى ئەمەسسىز؟ ئۇنتۇپ قالماڭ، بۇ سىزنىڭ خىزمىتىڭىز ئەمەس.

ئۇ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. گەپنىڭ راستىنى قىلسام، مەن چاقچاق قىلمىغانىدىم، لېكىن ئەجەل پەرىشتىسىنى قاقاھلاپ كۈلدۈرۈشمۇ ياخشى ئىش ئىدى.

لېكىن، ئۇ تېزلا كۈلكىدىن توختىدى:

— سىز ياشىشىڭىزنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى قالمىدى، دەپ قارايسىز، شۇنداقمۇ؟ قانداقسىغا مۇنداق ئويغا كېلىپ قالدىڭىز؟

مەن يەنىلا مۇجمەل جاۋاب بېرىپ قۇتۇلسام بولىدىغۇدەك تۇراتتى، لېكىن ۋاقىتنى نېمىشقا مۇنداق قۇرۇق پاراڭغا زايە قىلىمەن؟ ئۆلۈمۈمنىڭمۇ مۇشۇنداق سىرلىق بولۇپ كەتكىنىنى ئويلاپ، مەنمۇ قاقاھلاپ كۈلۈشكە باشلىدىم. كىچىك بىر قوتا ئۇيقۇ دورىسى ئىچمەكچى بولغىنىم ئۈچۈنلا بىرمۇنچە غەلىتە ئىشلارغا

يولۇققانىدىم. مەن سۇ پەرىسى بىلەن ئۇچراشتىم؛ ئەجەل پەرىشتىسى يەلكەنلىك كېمىسى بىلەن مېنىڭ قېيىقىمنى سوقۇۋەتتى؛ مەن ئاخىر جەسەتخانىغا كىردىم؛ ئۆزۈمنىڭ نامىزىمغا قاتناشتىم ھەمدە يەرلىكىمگە قويۇلدۇم؛ ئەجەل پەرىشتىسى بىلەن ئۇزاقتىن - ئۇزاق پاراڭلاشتىم... ئەڭ يامان بولغىنى، مەن ھازىرغىچە ئۆلەلمەيۋاتىمەن.

بۇ ئىشنى ئويلىغانسېرى كۈلگۈم كېلىدۇ، كۈلگەنسېرى كۈلگۈم كېلىدۇ. ئەجەل پەرىشتىسى ماڭا قوشۇلۇپ كۈلەتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئۇزاق ئۆتمەيلا چاقچاق قىلىشقا باشلىدى. قەبىھ چاقچاق! ئۇنىڭ چاقچاقلىرى ئىنتايىن قەبىھ، شۇنداق بولغاچقا، بىز كۈلكىمىزنى بېسىۋالالمايۋاتاتتۇق. مەن كۈلۈۋېرىپ نەپەسمۇ ئالالمايۋاتاتتىم، ئەگەر ئۇ پەرىشتە بولمىغان بولسا، ماڭا ئوخشاشلا نەپەس ئالالماي قېلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. قانچىلىك كۈلگەنلىكىمىزنى بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ، كۈلكىمىز چايلىرىمىز سوۋۇغاندا توختىدى.

بۇ ئەخمىقانە ھەم قىلچە ئەھمىيىتى يوق كۈلكە جەريانىدا، شۇنداقلا ئۇ چاقچاق قىلىۋاتقاندا، مەن ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئارىلىقىمنىڭ تولىمۇ يېقىنلاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم. ئۇ دېگەن ئەجەل پەرىشتىسى، جىددىي خىزمىتى بار، يەنە كېلىپ ئۇنىڭدا خاتالىق كۆرۈلسە بولمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇ بۇ يەردە ئۆزى روھىنى ئېلىپ كەتمەكچى بولغان ئادەم بىلەن پاراڭ سوقۇپ ئولتۇرماسلىقى كېرەك ئىدى. لېكىن، ئۇ شۇنداق قىلدى!... شۇ تاپتا ئۇ شۇنداق ئىش قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سالاھىتىنى مېنىڭ ئورنۇمغا چۈشۈرۈپ، مەن بىلەن تەڭ ئۆزىنى قويۇۋەتتى. بىلمىدىم، خۇدا ياكى باشقا پەرىشتىلەر بۇ ئىشلارغا قانداق قارايدىكىن، لېكىن مېنىڭ قارىشىمچە، ئۇ مۇشۇنداق ئىشنى قىلغانىكەن، ئۇ ئالىيجاناب پەرىشتە ھېسابلىنىدۇ.

— مەن سىزنى قۇچاقلىسام بولامدۇ؟ — بۇ گەپ تۇيۇقسىز ئاغزىمدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇنىڭ چىرايىغا خۇشاللىق تەپتى.
— مەن شۇنداق قىلىشىڭىزنى تولىمۇ خالايمەن، — دېدى ئۇ، — لېكىن ئالدى بىلەن ماڭا شۇنى ئېيتىپ بەرسىڭىز، سىز نېمە ئۈچۈن ياشىشىمىزنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى قالمىدى، دەپ قارايسىز؟ خالىسىڭىز سۆزلەپ بەرسىڭىز.
مەن جىم تۇرۇپ كەتتىم.
— سىز نېمىشقا بۇنى بىلمەكچى بولۇپ قالدىڭىز؟
— قىلىق چىقارغۇم كېلىپ قالغاندۇ شۇ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ.

# بالا ئومۇ

## 20

ئۇ بوۋاي دەرەخلەر ئارىسىدا غايىب بولغاندىن كېيىن مەن ئۆيگە قاراپ ماڭدىم.

مەن كېتىۋېتىپ كاللا قاتۇردۇم، ئۇ كىتابنى قەيەرگە يوشۇرۇپ قويسام بولار؟ ئاخىرىدا ئۇنى گۈل ئارالغا يوشۇرۇپ قويۇش نىيىتىگە كەلدىم. يەتتە ئارال ئىچىدە گۈل ئارال ئەڭ تىنچ، ئاساسەن ئادەم بارمايتتى، چۈنكى ئۇ يەردە ساھىل يوق ئىدى، يەنە كېلىپ ساھىل يوق ئاراللار ئىچىدە گۈل ئارال ئەڭ يىراق ئىدى. گۈل ئارالنىڭ ئارقىسىدا بىر كىچىك قولتۇق بار ئىدى، قۇم ئارالغا ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. بىر كۈنى بىز قۇم ئارالدىن قايتىپ كېتىۋېتىپ قارا يامغۇرغا ئۇچرىغاندا گۈل ئارالدىكى ئاشۇ قولتۇققا كىرىپ پاناھلانغانىدۇق. كىتابنى يوشۇرۇشقا ئاشۇ كىچىك قولتۇقتىن ياخشى يەر يوق ئىدى.

لېكىن، سافانى ئوغرىلىقچە ھەيدەپ بارمىسام، ئۇنچە يىراق يەرگە قېيىق بىلەن بېرىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەن شۇنداق قىلدىم.

ئاپام بىلەن مومام ئۆيدە يوق ئىدى، بوۋام ئۇخلاۋاتاتتى. سافا ئىككىمىزنىڭ غايىب بولغانلىقىمىزنى بىلگەندە، ئۇلار مېنىڭ قانداق ئىش قىلغانلىقىمنى ئاندىن بىلەتتى. قايتىپ كەلگەندە ئۇلاردىن بىر تاغار ئاھانەت ئاڭلايدىغىنىم ئېنىق. لېكىن، ئۇ چاغدا ئەڭ بولمىغاندا كىتابنى ئەڭ بىخەتەر جايغا يوشۇرۇپ بولغان بولىمەن. كىتابنى گۈل ئارالغا يوشۇرماقچى بولۇشۇمدا

يەنە باشقا بىر سەۋەبمۇ بار، ئوچۇق دېڭىزغا كەلگەندە دېلفىن ئومۇ بىلەن كۆرۈشۈپ قېلىشىم، ئۇ مېنى كەچۈرۈۋەتكەن بولسا، سافانىڭ يېنىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇشى مۇمكىن.

ھەممە نەرسە مەن ئارزۇ قىلغاندەك بولدى. مەن بوۋامنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنى ئويغىتىۋەتمەي سافانىڭ ئاچقۇچىنى ئاچقىۋالدىم. سافانىڭ موتورىنى تۇنجى قېتىم ئۆزۈم ئوت ئالدۇردۇم، بوۋام سافانى ھەيدەشنى ئانچە - مۇنچە ئۆگىتىپ قويغانىدى. مەن سافانى ھەيدەپ گۈل ئارالغا ئوڭۇشلۇق بېرىۋالدىم، يولدا ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىمىدىم. مەن سافانى گۈل ئارالنىڭ تۇمشۇقىغا ئاپىرىپ قىرغاقتا توختاتتىم. پەرەز قىلغىنىمدەك، ئۇ يەردە باشقا كېمىلەر يوق بولۇپ چىقتى.

مەن رەختكە ئۈچ قات قىلىپ ئورالغان كىتابنى ئېلىپ قىرغاققا چىقتىم، قولتۇقنى بويلاپ ئىزدەپ يۈرۈپ، ئەڭ ياخشى بىر جاينى تاپتىم. گۈل ئارالنىڭ تۇمشۇقىدىكى چوڭ تاشنىڭ ئاستىدا ئۆڭكۈرگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر يەر بار ئىدى. مەن ئۆڭكۈرگە ئۆمىلەپ كىردىم، ياغاچتا يەرنى كولاپ، كىتابنى كۆمدۈم، كىتابنى كۆمگەن يەرگە ئۈچ تال تاش قويۇپ قويدۇم. مېنىڭ ۋەزىپەم تاماملاندى ! ئەمدىكى ئىش، ئاۋۋال قايتىپ بېرىپ ئۆيدىكىلەردىن تىل - ئاھانەت ئاڭلاش، ئاندىن بىرەرسىنىڭ ئۇ كىتابنى قاچان ئوقۇسام بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىشىنى ساقلاشتا قالغانىدى.

ئۇ كىتابنىڭ مەزمۇنىنى بەكمۇ بىلگۈم بار ئىدى. ئۇ قانداق كىتابتۇ؟ ھەتتا بوۋايغا بەرگەن ۋەدەمنى بۇزۇپ، ھازىرلا بېرىپ كىتابنى ئوقۇپ باققۇم كېلىپ كەتتى. لېكىن، بوۋاي ماڭا شۇنداق ئىشىنىۋاتقانىكەن، ئۇنداق ئىشنى قىلسام بولمايتتى. ساقلىماقتىن باشقا ئامالىم يوق. لېكىن، قانچىلىك ساقلارمەن؟ ئۇ كىتابنى ئوقۇسام بولىدىغانلىقى توغرىسىدا كىم خەۋەر بېرەر؟ ئۇ خەۋەرگە قاچانمۇ ئېرىشەرمەن؟ !

ھەي، دېلفىن ئومۇ شۇ تاپتا يېنىمدا بولغان بولسا نەقەدەر

ياخشى بولاتتى ـ ھە... لېكىن، ۋەدە قىلغانىكەنمەن، ھېلىقى كىتابنىڭ سىرىنى ھەرگىز ئاشكارىلاشقا بولمايتتى، ئۇنىڭغا بوۋاينىڭ ئىشىنى ۋە باشقا ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەلمەيتتىم. لېكىن، دېلفىن ئومۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى بىلىشى مۇمكىن، شۇڭا ۋەدەمگە ۋاپاسىزلىق قىلمىغان ئاساستا بۇ سىردىن ئۇنىڭ بىلەن ئورتاق لەززەتلىنەلىشىم مۇمكىن.

مەن بايا دېگەندەك، شۇ تاپتا ئۇ يېنىمدا بولغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى ـ ھە...

# قىران ئومۇ

## 21

ئەجەل پەرىشتىسى ئىككىمىز جىممىدە ئولتۇرۇپ كەتتۇق.

— شۇنداق، — دېدىم مەن ئاخىرىدا، — مەن ياشىشىمنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى قالمىدى، دەپ قارايمەن. لېكىن، بۇنى كېڭەيتىپ سۆزلەيمەنمۇ ياكى ئۆزۈمنىڭ نوتىسىدىنلا سۆزلەيمۇ؟

— قۇلىقىم سىزدە. بۇ جەھەتتە سىز مۇتەخەسسىس، — دېدى ئەجەل پەرىشتىسى.

— بۇ ئىشنى بىلىشتە مۇتەخەسسىس بولۇش كەتمەيدۇ. سىزگە قارىغان ئادەملا ياشاشنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى قالمىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز؟ مەن شۇنچىلىك ئەھمىيەتسىز كۆرۈنىمەنمۇ؟ — سورىدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ. لېكىن، ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىمنى چۈشەنگەنلىكى ئېنىق.

— توختاڭ، سىز بۇ دۇنياغا نەزەر تاشلاپ بېقىڭ، — دېدىم مەن، — شۇنچىلىك كۆپ خەلق، شۇنچىلىك كۆپ جانلىق، شۇنچىلىك مول كەچۈرمىش، شۇنچىلىك كۆپ جاپا - مۇشەققەت، شۇنچىلىك كۆپ مېھىر - مۇھەببەت، شۇنچىلىك كۆپ ئوي - قاراش... لېكىن، بۇلارنى پەقەت بىر يۈز يىگىرمە يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتلا ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. سىز مەۋجۇت بولغاچقا، بۇ مەۋجۇداتلار ئىز - دېرەكسىز يوقىلىدۇ. ھەرقانداق ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئاخىرقى ھېسابتا ئۆتمۈشكە ئايلىنىدۇ. ئەگەر

ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى بولسا، نېمىشقا ئۇلارنى يوقىتىۋېتىسىز؟

سىز ئىلگىرىكى ئۇنتۇۋەتكەن يىللىق ژۇرنىلىدىن ئادەمنى ئەسلىمىلەر قوينىغا سۆرەيدىغان رەڭسىز سۈرەتلەرنى كۆرۈپ باققانمۇ؟ سۈرەتتىكى ياشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ چىرايىدىن كۈلكە ئۇيناپ تۇرىدۇ، روھى ئۇرغۇپ تۇرغان، شۇنداق ئۈمىدۋار... ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۆزلىرىنىڭ خىياللىرى، نىشانلىرى ۋە ئارزۇلىرى تولىمۇ ئەھمىيەتلىك. لېكىن، ئاشۇ نىشان ۋە ئارزۇلار بۈگۈنكى كۈنلۈكتە نەدە قالدى؟ ئاشۇ ئادەملەر نەدە قالدى؟ ئۇلاردىن قالغىنى شۇ بىرنەچچە تال چۈرۈك سۆڭەكمۇ؟ بۈگۈنكى ياشلار ئاشۇ سۈرەتلەرنى كۆرىدۇ ھەم كۈلىدۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا ئۇلارمۇ شۇ تەقدىردىن قۇتۇلالمايدۇغۇ؟ ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ نىشانلىرى، ئۈمىدلىرى، ئوي ـ خىياللىرى، ھېسسىيات ـ تۇيغۇلىرىدىن ئاخىرىغا بېرىپ يەنە قانچىلىك قالىدۇ؟ بەزى نەرسىلەر ساقلىنىپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار ئۇچۇن يەنىلا ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق، چۈنكى ئۇلار ئۇ نەرسىلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرەلمەيدۇ. باشقىلار ئۇ نەرسىلەرنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن ھۇزۇرلانسىمۇ ياكى ئۇلارنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتسىمۇ، لېكىن ئۇلارمۇ ئاخىرقى ھېسابتا يەنە ئۆلۈپ تۈگىشىدۇغۇ؟ ئۇلارمۇ بىر دۆۋە ئۇستىخانغا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دەيمىز، ھەربىر دەۋرنىڭ ئادەملىرى ئالدىنقى دەۋرنىڭ ئادەملىرىگە ئوخشاش تەقدىرگە دۇچار بولىدۇ. قايسىبىر ئادەم ئەڭ ئاخىرىدا قېلىپ ھاياتلىقنىڭ ئەھمىيىتىنى كۆرۈپ بېقىپتىكەن؟

مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، ھايات ئاخىرقى ھېسابتا قۇرۇق بىر نەرسە. شۇنداق ئىكەن، سىز قانداقسىغا ھاياتلىقنى ئەھمىيەتلىك دەيسىز؟

يەنە ئاشۇ ئانىلارنى ئويلاپ بېقىڭ... ئۇ توققۇز ئاي توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرىدۇ، ئاچچىق تولغاق ئازابىدا تۇغىدۇ، پۈتۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ بالىسىنى قاتارغا قوشىدۇ، ئۇنى

ئىمىتتىدۇ، كۆتۈرىدۇ، يېتىلەپ ئايىغىنى چىقىرىدۇ، ئاغرىپ قالسا دوختۇرغا ئاپىرىدۇ، ئۇنىڭغا ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرىدۇ، ئۇنى مەكتەپكە ئاپىرىدۇ، ياخشى تەربىيەلەشكە تىرىشىدۇ، پۈتۈن ياخشىلىقنى ئۇنىڭغا ئاتايدۇ...

مېنىڭ ئانام شۇنداق ئىدى. هازىر ئۇ قەيەردە؟ ئۇ بۇ دۇنيادىن غايىب بولدى! ھەممە نەرسە ئەينەكتىكى گۈل، سۇدىكى ئاي ئىكەنغۇ؟ ئانىنىڭ ساداقىتى، ۋىجدانى، قىزغىنلىقى، ھىد - پۇرىقى، كۆيۈنۈشلىرى، ھەممىسى قۇرۇق نەرسىلەرمۇ؟ ئانىنىڭ ئويلىغانلىرى، ئېيتقانلىرى، ھېس - تۇيغۇلىرى چويلىدا توختىمايدىغان نەرسىلەرمۇ؟

مېنىڭ ئانامۇ باشقا بارلىق ئانىلارغا ئوخشاش، ئوغلىنىڭ گۈزەل ئىستىقبالغا ئېرىشىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن، ئۇ ئوغلىنىڭمۇ ئاخىرقى ھېسابتا بىر دۆۋە ئۇستىخانغا ئايلىنىدىغانلىقىنى بىلەر بولغىيمىدى؟

هازىر ئۇنىڭ ئوغلى بۇ يەردە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئوغۇل داۋاملىق ياشاش نىيىتىگە كەلسە، نەتىجىسى قانداق بولىدۇ؟ ئۇ يەر شارىدىكى ئەڭ بەختلىك ئادەمدەك، باشقىلاردىن ئۈزاقراق ياشىسا، يەنە قانداق بولماقچىدى؟ يۈز ياشقىچە ياشىغان تەقدىردىمۇ، ئەڭ بەختلىك ئادەم بىلەن ئەڭ بەختسىز ئادەمنىڭ يەنە قانداق پەرقى بار؟

ئەگەر ئۇ ئىككىسىنىڭ ھېچقانداق پەرقى بولمىسا، ياشاشنىڭ يەنە نېمە ئەھمىيىتى بولىدۇ؟

# بالا ئومۇ

## 21

گۈل ئارالدىن قايتىشىمدا، ئۇچۇق دېڭىزغا كەلگەندە موتورنى ئۆچۈرۈپ سافانى توختاتتىم. ئاندىن كونا قەلەمنى تېپىپ، دوستۇمغا خەت يېزىشقا باشلىدىم:

قەدىرلىك دېلفىن ئومۇ:

بىلىمەن، ئىلگىرى ساڭا ئەمدى كۆزۈمگە كۆرۈنمە، دېگەنىدىم، ئەمدى سېنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىمنىمۇ ئېيتقانىدىم. مەن ئاشۇ گەپلىرىم ئۈچۈن خىجىل بولۇۋاتىمەن...

سەن كەتكەندىن كېيىن نۇرغۇن ئىشلار يۈز بەردى. ئەگەر خالىساڭ، نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى ئۆزۈڭ كېلىپ كۆرۈپ كەتكىن...

مەن شۇ ئىشلار ئىچىدىكى بىرسىنى ساڭا سۆزلەپ بەرمەكچى، لېكىن ئۇ نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا يۈز بەرگەن ھېلىقى غەلىتە ئىش ئەمەس (سەن مەندىن بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى سورىما، چۈنكى مەن ئۇ بوۋايغا بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تىنماسلىققا ۋەدە بەرگەن)، بۇ قېتىمقى ئىش ئارقىلىق مەن ئۆزۈمنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىم.

مېنىڭ تونۇپ يەتكىنىم، مەن كۆك قۇش ئىكەنمەن...

خاتا چۈشىنىپ قالمىغىن، مەن يەنىلا بالا. لېكىن، مەن كۆك قۇشقا ئوخشايدىغان بالا ئىكەنمەن.

بىرتا ھامامىنىڭ ئىككى شاتۇتىسى بار، بىرسى سېرىق، بىرسى كۆك. قەپەستىكى سېرىق شاتۇتى قارىماققا تولىمۇ خۇشال، يەپ تۇرىدۇ، ئۇخلاپ تۇرىدۇ، سايراپ تۇرىدۇ. بىراق، كۆك شاتۇتى دائىم غەمكىن يۈرىدۇ. ئۇ قەپەس ئىچىدە ئۇچماقچى بولىدۇ، لېكىن

ئۇچالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن توختىماي نېرى - بېرى مېڭىپ چىقىش ئېغىزى ئىزدەيدۇ.

مەن سەندىن سوراپ باقاي، دېلفىن ئومۇ، سەن قايسى خىلدىكى شاتۇتى بولۇشنى بەكرەك خالايسەن؟ سېرىق رەڭلىك شاتۇتىمۇ ياكى ئاق رەڭلىك شاتۇتىمۇ؟ سەن خۇشال سېرىق شاتۇتىغا ئوخشاش قەپەستىن چىقىپ كېتەلمەسلىك تەقدىرىنى قوبۇل قىلىشنى خالامسەن ياكى غەمكىن كۆك شاتۇتىغا ئوخشاش قەپەستىن قۇتۇلۇشنىڭ كويىدا بولامسەن؟

مەن خۇشال يۈرۈشنى خالايمەن، ئەتىدىن كەچكىچە غەمگە پېتىپ يۈرۈشنى خالىمايمەن. لېكىن، ئويلاپ باقسام، مەن يەنىلا كۆك شاتۇتى بولۇشنى بەكرەك خالايدىكەنمەن. ئەگەر ئۇچالمىسا، قۇش قۇشقا ئوخشىماي قالىدۇ. ئۇ بەك چىرايلىق بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇ قۇش ئەمەس. گەپنىڭ راستىنى قىلغاندا، سېرىق شاتۇتىمۇ خۇشال ئەمەس، بۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل. قۇش قەپەس ئىچىدىن قانداقمۇ خۇشاللىق تاپالىسۇن؟ قۇش دېگەن كۆكتە پەرۋاز قىلىشقا يارالغانغۇ.

سەن كېتىمدىغان چاغدا ماڭا سەن نۇرلىنىشقا يارالغان، دېگەنىدىڭ. شۇڭا، مەن بىر سىناپ بېقىشىم كېرەك، شۇڭا مەنمۇ بىر كۆك قۇش.

مەن ساڭا موھتاج، دېلفىن ئومۇ...

كۆڭلۈم تويۇپ تۇرىدۇ، سەن چوقۇم كېلىسەن. ئالدىنقى قېتىم سېنى پەقەت ئۆزۈم ئۇچۇنلا چاقىرغان، سەن يەنىلا كەلگەنىدىڭ. بۇ قېتىم سېنى نۇرلىنىش ئۇچۇن چاقىرىۋاتىمەنغۇ.

كىچىك ئومۇ

مەن بۇ خەتنى بوۋام سافاغا تاشلاپ قويغان بىر بوتۇلكىغا سېلىپ دېڭىزغا ئاستا تاشلىدىم.

# قىران ئومۇ

## 22

مەن ئەجەل پەرىشتىسىنىڭ جاۋاب بېرىشىدىن ئۈمىد كۈتمىدىم. لېكىن، ئۇ مېنىڭ ھاياتىنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدىكى بايانلىرىمنى قولاق سېلىپ ئاڭلىدى، قارشى پىكىر يۈرگۈزمىدى، مۇشۇنىڭ ئۆزى ماڭا كۇپايە ئىدى.

— مەن چۈشىنىمەن، — دېدى ئۇ.

— سىز كۆڭلۈمنى ياساپ شۇنداق دەپ قويۇۋاتىسىز. مېنىڭچە، سىز چۈشەنمەيسىز. سىز دېگەن پەرىشتە، ھاياتنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى بايقىغان ئادەملەرنىڭ قانداق ھالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى پەرىشتىلەر چۈشەنمەيدۇ.

ئۇ كۆزلىرىمگە سەپسېلىپ قاراپ كەتتى:

— پەرىشتىلەرنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغاندەك گەپ قىلىۋاتىسىز.

— پەرىشتىلەرنى چۈشەنمەيمەن. لېكىن، ئەگەر پەرىشتىلەر ھاياتنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى بايقىسا، بۇ ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە توغرا كەلمەيدۇغۇ.

— سىز شۇنداق قارامسىز؟

— ھى، ئۇنداق ئەمەسمۇ؟

— سىز راستلا پەرىشتىلەرنى چۈشەنمەيمەن، دەپ قارامسىز؟

— سىز مەن ئۇچراتقان تۇنجى پەرىشتە.

— كېسىپ شۇنداق دېيەلەمسىز؟

— سىز زادى نېمە دېمەكچى؟

ئۇ تېخىچە كۆزلىرىمگە قاراپ تۇراتتى. «ئەگەر سىز بىرەر نەرسىنى بىلسىڭىز، ماڭا ئېيتىپ بېرىڭ» دەپ تۇرۇشۇمغا، ئۇ ئۇيۇقسىزلا كاللامدا پەيدا بولۇپ قالدى. سۇ پەرىسى!

— سىز... سىز مېنى باشقا پەرىشتىلەرنى كۆرگەن، دېمەكچىمۇ؟ پەرىشتە بىر سۇ پەرىسى بولۇشىمۇ مۇمكىنمۇ؟

ئۇ كۈلدى.

— سىزنى چۈشىنىدىغانلىقىمغا ئىشىنەمسىز؟ — سورىدى ئۇ.

— سىز مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بەرمىدىڭىز.

— سىزنى چۈشىنىدىغانلىقىمغا ئىشىنەمسىز؟ — ئۇ بايىقى گېپىنى يەنە تەكرارلىدى.

— بۇ سوئال شۇنچىلىك مۇھىممۇ؟

— مەن ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم. ئەگەر سىزنى چۈشىنىدىغانلىقىمغا راستىلا ئىشەنسىڭىز، بۇ ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا مەلۇم مۇناسىۋەت ئورنىتىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭدا بىز ھەتتا يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قېلىشىمىزمۇ مۇمكىن. سىز ئويلىغاندەك، كىشىلەر ھامان مېنىڭ چىرايىمنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ. لېكىن، ئىشىنىمەنكى، مەن كىشىلەر ئۈچۈن پايدىلىق دوستلۇق ئاتا قىلالايمەن.

— سىزدىن يوشۇرمايمەن، كىشىلەر سىزنىڭ دوستلۇقىڭىزغا ئېرىشىشنى خالىمايدۇ.

— بۇ تەرىپى راست. ئۇلار مېنىڭ دوستلۇقۇمنىڭ ئۆزلىرىگە ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

— قانداق ياخشىلىق ئىكەن ئۇ؟

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كېمىنىڭ قىرىغا باردى.

— ئەمدى بېلىق تۇتايلى، — دېدى ئۇ ۋە سۇغا ئېگىشتى. ئۇ بەدىنىنى رۇسلىغاندا، قولىدا يوغان بىر ئوكۇن بېلىقى تۇراتتى. بېلىق توختىماي پىلتىڭلايتتى، لېكىن ئۇ ئىككى بارمىقى بىلەن شۇنچىكىم قىسىپ تۇرغان بولسىمۇ قۇتۇلۇپ چىقالمايتتى.

— ھە دەپ جان تالىشىۋاتقان بۇ بېلىققا قاراپ، ئۇ قارىماققا نېمىدېگەن بىچارە، — دېدىم مەن، — ئۇنىڭ سىزنىڭ دوستلۇقىڭىزنى ئازراقمۇ قوبۇل قىلغۇسى يوقتەك قىلىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— ھى، بىزنىڭ ئامراقلىقىمىزنى قوزغىمايدىغان بەزى نەرسىلەر ئاخىرقى ھېسابتا بىز ئەسلىدە ئامراق نەرسىلەردىنمۇ ياخشى چىقىپ قېلىشى مۇمكىن.

— شۇنداق بولىدۇ دېگەندىمۇ، مېنىڭچە، سىزنىڭ ھازىر بېلىققا قىلىۋاتقانلىرىڭىز ئۇنىڭغا ھېچقانداق ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ. كېيىنكى ئېھتىمالىيەتكە، بېلىقمۇ مېنىڭ بۇ قارىشىمغا قوشۇلىدۇ. قاراڭ، ئۇ بىچارىگە، ئۇ دېڭىزغا قايتىپ چۆشۈشكە نەقەدەر تەشنا – ھە!

— بۇ گېپىڭىز جايىدا، — دېدى ئەجەل پەرىشتىسى، — مەن بۇ ئوكۇن بېلىققا دوستلۇق قولۇمنى سوزمىغۇچە، ئۇ سۇنىڭ گۈزەللىكىنى ھەرگىز ھېس قىلالمايدۇ... مەن ئۇنى سۇغا قويۇپ بەرگەندىن كېيىن ئۇ سۇنىڭ شۇ قەدەر گۈزەللىكىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلىدۇ.

# بالا ئومۇ

## 22

بوتۇلكا سۇغا تېخى چۆكۈپ بولمايلا، قۇلىقىمغا گەپ قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى، دىگىنىمدە چۆچۈپ كەتتىم.

ــ ساڭا نۇر ھەمراھ بولسۇن، ئومۇ !

دېلفىن ئومۇ سۇ يۈزىدە خۇددى راكېتادەك پەيدا بولدى.

ــ قايتىپ كەلدىڭمۇ ! ۋاھ، دېلفىن ئومۇ ! قايتىپ كەپسەن !

ــ مەن ئەلۋەتتە قايتىپ كېلىمەن ـ دە ! چۈنكى، سەن مېنى نۇرلىنىش سەۋەبىدىن چاقىردىڭ.

ــ لېكىن، مەن يازغان خەت تېخى سۇغا چۆكمىگەنىدىغۇ ! نېمىلەرنى يازغانلىقىمنى قانداق بىلىۋالدىڭ؟

ــ سېنىڭ يازغان خېتىڭنى ئوقۇغىنىم يوق، كىچىك ئومۇ. لېكىن، سەن ئۇ خەتنى قەغەزگە يېزىشتىن ئىلگىرى قەلبىڭگە يېزىپ بولغان. شۇنداق بولغاچقا، سېنىڭ ئاۋازىڭ مېنىڭ قەلبىمگە يېتىپ بېرىپ، سېنىڭ خېتىڭنى ماڭا ئوقۇپ بېرىدۇ، چۈنكى قەلب بىلەن قەلب تۇتاش بولىدۇ.

ــ مېنى كەچۈرگىن، دېلفىن ئومۇ، مېنى ئەپۇ قىلغىن.

دېلفىن ئومۇ كۈلۈمسىرىدى.

ــ كەچۈرۈم سورىغۇدەك نېمە ئىش بار؟ مەن سېنى سۆيىمەن!

مەن بېشىمنى تۆۋەن سالدىم، دېلفىن ئومۇغا بولغان چوڭقۇر سېغىنىشىم، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىپ تارتقان ئازابلىرىم ۋە ئۇنىڭغا ئېيتماقچى بولغان ئاشۇ ئىشلار كاللامدىن ئۆتۈشكە

باشلىدى.

ئۇنىڭغا بوۋاي بىلەن كىتابنىڭ ئىشىنى سۆزلەپ بەرگەنىدىم، ئۇنىڭدىن بوۋاينىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ـ بىلمەيدىغانلىقىنى سورىغۇم كەلدى. لېكىن، بۇ ئىشلارنى سورىسام بولمايتتى، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، سورىماسلىقىم كېرەك ئىدى، چۈنكى بوۋاي ماڭا چىن كۆڭلىدىن ئىشىنەتتى. لېكىن، مەن ئەڭ بولمىغاندا ھېلىقى چۈشۈمنى دېلفىن ئومۇغا سۆزلەپ بەرسەم بولاتتى.

— بىلەمسەن، دېلفىن ئومۇ، — دېدىم مەن، — مەن بىر چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە بىر بوۋاي مېنى باشلاپ مېڭىپ، دېڭىز كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بىر ياغاچ ئۆيگە ئەكىردى. مەن ئۇ يەردە تۇرۇپ قاراپ، بىر دېلفىن ۋە ئالتۇن قۇشقا ئوخشايدىغان ئۈچ پەرىشتىنى كۆردۈم، يەنە سۇ يۈزىدىن تارالغان نۇرمۇ بار. ئارقىدىن مەن قوللىرىمنىڭ نۇردەك پارلاپ كەتكەنلىكىنى بايقىدىم. مەن ئۆزۈمنىڭ نۇرلانغىنىمنى كۆردۈم، دېلفىن ئومۇ!

— پاھ، بەك ياخشى چۈش كۆرۈپسەن، كىچىك ئومۇ! ئەگەر تەلىيىڭ ئوڭدىن كەلسە، چۈشۈڭ رېئاللىققا ئايلىنىدۇ، سەنمۇ نۇرلىنىسەن. بىلەمسەن، ئارزۇ بىلەن رېئاللىق قوشكېزەك پەرىشتىلەر، ئۇلارمۇ نۇرلۇق دۇنيادا تۇرىدۇ. بەزىدە ئۇلار بىر ـ بىرىنى بەك سېغىنىپ كەتسە، بىر يەرگە كېلىپ چىڭ قۇچاقلىشىدۇ. مۇنداق چاغلاردا بىزنىڭ دۇنيايىمىزدىكى بارلىق ئارزۇلار رېئاللىققا ئايلىنىدۇ.

— شۇنداق بولسا، مەن ئۇلارنىڭ ھازىرلا قۇچاقلىشىشىنى ئارزۇ قىلىمەن، — دېدىم مەن، — چۈنكى، مېنىڭ بەكلا نۇرلانغۇم بار... ئۇنىڭدىن باشقا، سەن نۇرلۇق دۇنيادا ئۆز پەرىشتىمىزنى ئۇچرىتالايدىغانلىقىمىزنى ئېيتقانىدىڭغۇ؟ شۇنداق بولسا مەن پەرىشتەم بىلەن دوست بولالايمەن، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق. بىز نۇرلانغاندا پەرىشتىلەرگە ئوخشاشلا بولىمىز، ئۇنداق بولۇشى، پەرىشتىلەرمۇ ئوخشاش نۇردىن

ئاپىرىدە بولغان. شۇڭا دەيمەن، بىزنىڭ قەلبىمىزدىكى پەرىشتە بىلەن باشقا پەرىشتىلەر بىزنىڭ دوستىمىز بولىدۇ.

— ئۇنداق بولسا بىز نېمىنى ساقلاپ تۇرىمىز، نۇرلانمايمىزمۇ!

— نۇرلىنايلى! — دېدى دېلفىن ئومۇ، — ئەمىسە ئالدى بىلەن قەلبىمىزدىكى «مەنمەنچى ئالۋاستى»نى بويسۇندۇرايلى.

— ھەي دېلفىن ئومۇ، — دېدىم مەن بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ، — گەپىڭنىڭ راستىنى قىلسام، «مەنمەنچى ئالۋاستى»نىڭ زادى قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى مەن ھازىرغىچە تازا چۈشىنىپ يېتەلمىدىم.

— بەلكىم مۇنداق ئويلىساق بولار... — دېدى ئۇ ۋە قۇيرۇقى بىلەن سۇنى قاتتىق ئۇردى. ئەگەر ئۆزۈمنى ئىتتىك چەتكە ئالمىغان بولسام، سۇنىڭ ئاستىدا قالاتتىم.

— ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەن سۇ ئۇنچىلىرىگە قارا، — دېدى دېلفىن ئومۇ، — ھەربىر تامچە سۇ ئۆزىنى مۇستەقىل، دېڭىز سۈيى بىلەن ئالاقەم يوق، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنى بۇ خىل قاراشقا كەلتۈرگىنى دەل «مەنمەنچى ئالۋاستى». لېكىن، ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرىدىكى «مەنمەنچى ئالۋاستى»نى بويسۇندۇرۇپ، ئۆزلىرىنى مۇستەقىل دەپ قارىمىسا، ھەرقانچە ئېگىزگە چىقىپ كەتكىنى بىلەنمۇ يەنىلا دېڭىزغا قايتىپ چۈشىدۇ.

— ئەمىسە ئىشنى باشلايلى! — دېدىم مەن، — قەلبىمىزدىكى «مەنمەنچى ئالۋاستى»نى دەرھال بويسۇندۇرايلى!

— بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن بىر - بىرىمىزگە كاپالەت بېرىشىمىز كېرەك.

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.

— مەن نۇرنىڭ نامىدا كاپالەت بېرىمەنكى، — دېدى دېلفىن ئومۇ، — مەن سېنى سۆيىمەن. مېنىڭ دوستۇمغا بولغان مۇھەببىتىم ئۆزۈم ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئۇنىڭ قەلبىدىكى نۇر ئۈچۈن ئىكەنلىكىگە كاپالەت بېرىمەن. مەن ئۇنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم

بىلەن سۆيۈشكە كاپالەت بېرىمەن. ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىمنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىشىگە، قەلبىمدىكى «مەنمەنچى ئالۋاستى»نى تولۇق بويسۇندۇرغۇچە، ئۆزۈم نۇرلانغۇچە، نۇرلۇق دۇنياغا كىرگۈچە داۋاملىشىدىغانلىقىغا كاپالەت بېرىمەن.

— مەن نۇرنىڭ نامىدا كاپالەت بېرىمەنكى، مەن سېنى سۆيىمەن، — مەن دوستۇم دېگەن سۆزلەرنى بىر سۆز قالدۇرماي تەكرارلاشقا باشلىدىم.

ئۇمۇ سافانىڭ يېنىغا كېلىپ دۇمبىسىنى سۇدىن دېلفىن چىقاردى.

— كەل، ئۇستۇمگە سەكرەپ چىق، — دېدى ئۇ، — ساڭا بىر خۇشاللىق ئاتا قىلىپ ھەيران قالدۇرۇۋېتەي.

— خۇشاللىق؟ مەن شۇنداق بولۇشىنى بەك خالايمەن!

مەن ئۇنىڭ ئۇستىگە سەكرەپ چىقىپ، پالاقچىسىنى چىڭ تۇتتۇم. قانداق كارامەتلەرگە ئۇچرايدىغانلىقىمىزنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە، دوستۇم سۇدا ئۇچقاندەك ئۈزۈپ ماڭدى. ئۇ تۇيۇقسىز ئالدىغا سەكرىگەندە، يۈزۈمگە سۇ چاچراپ، كۆزۈمنى ئاچالماي قالدىم. بىردەمدىن كېيىن كۆزۈمنى ئېچىپ، ئۇيۇققا قاراپ ئۇچقاندەك كېتىۋاتقىنىمىزنى كۆردۈم.

# قىران ئومۇ

## 23

— سىز نېمىشقا مۇنداق قىلىسىز؟ — سورىدىم مەن ئەجەل پەرىشتىسىدىن، — مېنىڭ ئۆلۈشۈمنى نېمىشقا خالىمايسىز؟ ئېيتىپ بېقىڭا، مېنىڭ داۋاملىق ياشىشىمغا نېمانچە قىزىقىسىز؟

ئۇ جاۋاب بەرمىدى، يەنىلا ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن مېنىڭ كۆزلىرىمنى كۆزىتىۋاتاتتى. دەل شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدە بىر خىل غەمكىنلىكنى بايقاپ قالدىم. ئۇ ماڭا نۇرغۇن ئىشلارنى سۆزلەپ بەرمەكچى بولغاندەك، لېكىن قانداقتۇر سەۋەبتىن ئېغىز ئاچالمايۋاتقاندەك قىلاتتى.

— ئالدىڭىزدا خىجىلمەن، — دېدىم مەن، — سىز مېنى چۈشەنسىڭىزمۇ، لېكىن مەن سىزنى چۈشىنىمەن دېيەلمەيمەن. ئازئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلغاندىلا، ئوتتۇرىمىزدا مەلۇم مۇناسىۋەت ئورنىتىلىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— گەپلىرىڭىز تامامەن ئورۇنلۇق.

— ئۇنداق بولسا گەپ سىزدىن كەلسۇن، ماڭا ئۆزىڭىز توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىڭ.

— سىز مېنى چۈشىنەرسىزمۇ؟ — سورىدى ئەجەل پەرىشتىسى.

— چۈشىنىشكە تىرىشىپ باقاي.

— بولىدۇ، — دېدى ئۇ ۋە قەددىنى رۇسلىدى، — ئەمىسە يەنە بىرنەچچە يۇتۇم چاي ئىچىۋالايلى.

كۆزلىرىم ئىستاكىنىمىزغا جىقىلانغان چايغا ئاستا يۆتكەلگەندە، ئۇ گەپ باشلىدى:

— مەن كىشىلەرنىڭ چۈشىنىشىگە ئېرىشىشنى، ئۇلار بىلەن دوست بولۇپ ئۆتۈشنى بەكمۇ خالايتتىم، لېكىن كۆپ ساندىكى كىشىلەر ھەتتا مېنى ئېسىگە ئېلىشنىمۇ خالىمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار مېنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ. ئۇلار ئۆلۈم گىردابىغا بارغاندىلا، ئاندىن مەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا قەدەم تەشرىپ قىلالايمەن. لېكىن، مەن ئۇلار بېجىرىم ياشاۋاتقان ۋاقىتتا ئۇلار بىلەن بىر مەزگىل ئارىلىشىپ ئۆتۈشنى ئارزۇ قىلاتتىم. مېنىڭ ئۇلارغا ياردەم قىلىش ئارزۇيۇم بار ئىدى.

— سىز زادى نېمە دېمەكچى؟

— كۆڭلۈمنى ئەڭ يېرىم قىلىدىغىنى، مەن بىلەن ئۇچرىشىش پەيتى كېلىپ قالغاندا، ئۇلار «ئەگەر ئۇ كەلمىگەن بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى - ھە !» دەپ ئويلايدۇ. لېكىن، ئەگەر ئۇلار تۇرمۇشتا مېنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىمنى ئازراق بولسىمۇ ھېس قىلىپ تۇرغان بولسا، ئەڭ ئاخىرىدا قايسى نەرسىلەرنىڭ مۇھىملىقىنى، قايسى نەرسىلەرنىڭ دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئاسان پەرقلەندۈرەلىگەن بولاتتى.

— ھە، قېنى ئېيتىپ بېقىڭا، ھاياتلىقتا قانداق «مۇھىم» نەرسە بار؟ سىز مېنى چۈشىنىمەن، دېگەنىدىڭىزغۇ !

— كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا غايىب بولۇپ كەتمەيدىغان نەرسىلا ھەقىقىي مۇھىم نەرسىدۇر.

— بىرەر مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈپ باقامسىز؟

— بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر ياش پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، — دېدى ئۇ، — ئۇ باي - باياشات بىر ئەلگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىكەن، ھەشەمەتلىك ئوردىسىدىن ھىندى ئوكيانىنى كۆرگىلى بولىدىكەن.

بۇ پادىشاھ باي بولۇش بىلەن بىللە، ئۆزى كېلىشكەن ھەم ئىستېداتلىق ئىكەن. دۇنيانىڭ ھەرقايسى يەرلىرىدىن كەلگەن

ئۇستازلار ئۇنىڭغا ئىلىم - پەن ۋە سەنئەت جەھەتتە ئىلىم بېرىدىكەن. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ سەنئەتكار ھەم شائىر بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ، ئۆز نۆۋىتى كەلگەندە، ئۇ يەنە تەنھەرىكەتچى ئىكەن، تېنى ساغلام، تۇرمۇشى كۆڭۈللۈك ئىكەن.

ئاشۇ يىلى 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10 دىن 22 مىنۇت 43 سېكۇنت ئۆتكەندە مەن ئۇنى ئېلىپ كەتتىم. ئۇنى ئېلىپ كېتىشىمدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئۇيۇپ قالغان قان بىر ئارتېرىيە تومۇرىنى توسۇۋالغانىدى. پۈتۈن دۇنيادىكى ئەڭ ئۇستا دوختۇرلار ئۇنى داۋالاپ باقتى، لېكىن ئاشۇ كىچىككىنە قان ئۇيۇتمىسىغا ئامال قىلالمىدى.

سائەت 10 دىن 22 مىنۇت 42 سېكۇنت ئۆتكەندە پادىشاھنىڭ ھەربىر پۇقراسى ئۇنىڭ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالىدىغانلا ئىش بولسا ھەرقانداق نەرسىسىدىن كېچىشكە تەييار تۇرغانىدى. لېكىن، 43 سېكۇنت بولغاندا ھېچكىمنىڭ كاللىسىدا مۇنداق خىيال قالمىدى. شۇ قىسقىغىنا بىر سېكۇنتتا ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ كەتتى. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم مانا مۇشۇ، ئۇمۇ، ئەڭ ئاخىرقى پەيتتە غايىب بولۇپ كەتمىگەن نەرسىلا ئەڭ مۇھىم نەرسە بولىدۇ.

بۇ چاغدا مەن داڭلىق بىر كارخانىچىنى ئەسلەپ قالدىم، ئۇ ياشنىپ قالغاندا ئۆلۈم توغرۇلۇق سۆزلىگەنىدى.

— بىلسىڭىز، — دېدىم مەن ئەجەل پەرىشتىسىگە، — بۇنداق خىيال بىزدىن باشقا ئادەملەردىمۇ بولغان. سىزگە مۇناسىۋەتلىك بىر غەلىتە سۆز بار، ئاڭلاپ باققۇڭىز بارمۇ؟

— ئاڭلاپ باققۇم بار، — دېدى ئۇ.

— كاتتا تۆھپە يارىتىپ نام چىقارغان بىر ئادەم بار ئىدى، ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېگەن: «ھەربىر ئادەم بۇ دۇنياغا كەلگەندە 1 دېگەن سانغا ئېرىشىدۇ. سىز تۇرمۇشتا بىرنەچچە قېتىمچىلىقنى يەڭسىڭىز ياكى بىرنەچچە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشسىڭىز، بۇ 1 نىڭ كەينىگە بىرنەچچە 0 قوشۇلىدۇ.

ئايىغىڭىز چىققاندا 10 بولىدۇ؛ تىلىڭىز چىققاندا 100 بولىدۇ؛ ساۋاتىڭىز چىققاندا 1000 بولىدۇ؛ ياخشى مەكتەپنى پۈتكۈزگەندە، 10 مىڭ بولىدۇ؛ ياخشى خىزمەت تاپقاندا 100 مىڭ بولىدۇ؛ بەختلىك نىكاھ تۇرمۇشى قۇرغاندا 1 مىليون بولىدۇ؛ ياخشى كارخانا قۇرغاندا 10 مىليون بولىدۇ؛ كارخانىڭىز پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكەندە 100 مىليون بولىدۇ؛ ھۆرمەت، تەقدىرلەش، شان ـ شەرەپ، ماختاشلارغا ئېرىشكەندە، ھەتتا باشقىلار چوقۇنىدىغان ئادەمگە ئايلانغاندا 1 مىليارد بولىدۇ. لېكىن، ئەجەل يېتىپ كەلگەندە سىز بۇ دۇنياغا كەلگەندە ئېرىشكەن 1 ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولىدۇ.»

شۇڭا، قاراڭ، سۆيۈملۈك ئەجەل پەرىشتىسى، سىزنىڭ سەۋەبىڭىزدىن ھەربىر ئادەمنىڭ ھاياتى ئاخىرقى ھېسابتا 000000000 گە ئايلىنىپ قالىدۇ.

— ھىم، — دېدى ئەجەل پەرىشتىسى، — ئاشۇ پەيتتە بەزى نەرسىلەر يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرسا، ئۇ ھالدا قانداق بولار ئىدى؟

مەن بېشىمنى چايقىدىم:

— ئەگەر راستىلا شۇنداق بولسا، ئۇ چاغدا ئۆلۈمدىن ھالقىپ ئۆتكەن بىر خىل ھاياتلىق بولغان بولىدۇ، بۇ خىل ھاياتلىقنىڭ ئادەتتىكى ھاياتلىق بىلەن مەلۇم باغلىنىشلىقى بولىدۇ. لېكىن، سىز مېنى گۆرگە تىقىۋەتسىڭىزمۇ، ئۇنداق ھاياتلىقنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيمەن.

ئۇ قاقاھلاپ كۈلگىلى تۇردى.

— نېمە بولدى، مېنىڭ گېپىم شۇنچىلىك قىزىقمىكەن؟

— ياق، سىزنىڭ گېپىڭىزگە كۈلۈۋاتمايمەن. سىز ئادەتتىكى ھاياتلىق بىلەن باشقا بىر خىل ھاياتلىقنىڭ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا، مەن بەزى ئىشلارنى ئەسلەپ قالدىم، شۇنىڭغا كۈلۈۋاتىمەن.

— ئۇ شۇنچىلىك قىزىقارلىق ئىشمۇ؟

— ھە، — دېدى ئۇ، — مەن كىشىلەرنىڭ روھىنى ئېلىپ ماڭىدىغان چاغدا، بەزىلەر ئاجايىپ كۈلكىلىك ئىشلارنى قىلىدۇ.

— كۈلكىلىك ئىشلارنى؟

— شۇنداق. ئالايلۇق، بىر قىمارخانىنىڭ غوجايىنى مېنىڭ يەنە بىر كۈن ئۆمۈر بېرىشىم ئۈچۈن ماڭا پارا بەرمەكچى بولغان. يوشۇرمايمەن، ئۇ دەھشەت كۆپ پۇل ئىدى. ئۇنىڭ ئالتە يۈز مىليون مال دۇنياسى بار ئىكەن، بەش يۈز توقسان توققۇز مىليونغا بىر كۈنلۈك ئۆمۈر سېتىۋالماقچى بولدى. ئۇ قالغان بىر مىليون پۇل بۇ ئالاھىدە كۈننى ئۆتكۈزۈشۈمگە يېتىدۇ، دېگەن.

— پاھ، — دېدىم مەن كۈلۈپ، — بۇ ئىش ھەقىقەتەنمۇ سىز ئېيتقان چاقچاقلاردىنمۇ كۈلكىلىك ئىكەن.

— مېنىڭ كۈلگىنىمنى كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ. مېنىڭ ئويلايدىغىنىم، بۇ دۇنيادا ئاققان نەرسىلەرنىڭ يەنە بىر دۇنيادا ئاقمايدىغانلىقىنى كىشىلەر چۈشەنسە دەيمەن، — دېدى ئۇ ئەستايىدىل قىياپەتتە.

— راستلا يەنە بىر دۇنيامۇ بارمۇ؟ — سورىدىم مەن گۇمان بىلەن.

— بۇ سوئالغا سىز ئۆزىڭىز جاۋاب بېرىشىڭىز كېرەك، ئۇممۇ.

— ئىلگىرى دەپ ئۆتكىنىمدەك، مەن ئۇنداق بىر دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشەنمەيمەن. لېكىن، سىزنىڭمۇ كۆزىڭىز يېتىپ بولغان بولسا كېرەك، سىز بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، مەن نېمىگە ئىشىنىپ، نېمىگە ئىشەنمەسلىكىم كېرەكلىكىنى بىلەلمەي قالدىم.

— سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئادىل ئادەم ئىكەنلىكىڭىزگە ئىشىنەمسىز؟

— بۇنى نېمىشقا سوراپ قالدىڭىز؟

— سىز ئادىللىق ئۈچۈن ياقا يىرتىسىز، ھەرقانداق ئەھۋالدا

ئادىللىق بىلەن ئىش قىلىشنى ئويلايسىز، شۇنداقمۇ؟
— ھە، كىشىلەر مېنى ئادىل ئادەم، دېيىشىدۇ.
— سىز خۇداغا ئىشىنەمسىز؟
— بۇنىڭغا بىرنېمە دېيەلمەيمەن، بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ئالاھىدە يېقىنلىق مۇناسىۋەت بار، لېكىن ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشىنىمەن.
— ئۇنداقتا، سىزنىڭ قارىشىڭىزچە، سىز بىلەن خۇدانى سېلىشتۇرغاندا، قايسىڭلارنىڭ ئادىللىق تۇيغۇسى بەكرەك كۈچلۈك؟
— بۇنى بىلمەيمەن. بۇ تەرىپىنى ئەزەلدىن ئويلاپ باقماپتىكەنمەن.
— بۇنى ئويلاش كېتەمدۇ؟ — دېدى ئۇ، — سىزگە ئوخشاش ئاددىي ئادەممۇ ئادىللىق بىلەن ئىش قىلالىغان يەردە، ئاددىي ئادەملەرنى ياراتقان ئۇ تېخىمۇ ئادىللىق بىلەن ئىش قىلىشى كېرەكتۇ؟ كىشىلەرنىڭ ئادىللىق تۇيغۇسى قەيەردىن كېلىدۇ؟ ئادىللىقنىڭ بېشى كىم؟
— بولىدۇ، خۇدانىڭ ئادىللىق تۇيغۇسى بەكرەك كۈچلۈك، دەپ تۇرايلى، لېكىن سىز بۇ ئارقىلىق نېمىدىن بېشارەت بەرمەكچى؟
— سىز بۇ دۇنيادا ئادىل بولمىغان ئىشلارنى كۆرگەنمۇ؟ كىشىلەرنىڭ ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلغانلىقىنى، باشقىلارغا ھاقارەت كەلتۈرگەنلىكىنى، باشقىلارنى بوزەك قىلغانلىقىنى ۋە ئۆلتۈرگەنلىكىنى كۆرگەنمۇ؟ كىشىلەرنىڭ مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلغاندىن كېيىن مەسئۇلىيەتتىن قېچىپ بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالغانلىقىنى بايقىغانمۇ؟
— مۇنداق ئىشلار ماڭا دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ.
— سىز سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ خارلىنىۋاتقانلىقىنى، ئېزىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنمۇ؟
— كۆرگەن.

— ئەگەر ھەرقانداق ئىشنى قىلالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولسىڭىز، بىر ئادىل ئادەم بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن ئۇنداق ئىشلارغا قول قوشۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرار بولغىيمىدىڭىز؟
— ئەلۋەتتە ئۇنداق قىلمايتتىم.
— ئۇنداق بولسا، قېنى ئېيتىپ بېقىڭا، دوستۇم، ئەگەر ئادەملەر ئۆلگەندىن كېيىن ھاياتلىقتىن بىراقلا ئايرىلسا، ئادىي ئۆزلىرى قىلغان ئىشلارنى ئاخىرىغا چىقىرىشقا ئۇلگۇرەلمىسە، ھەممىگە قادىر خۇدا (سىز ئۇنىڭ ئۆزىڭىزدىن بەكرەك ئادىل ئىكەنلىكىگە ئىشىنىسىز) بۇ ئادىل بولمىغان ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىگە يول قويار بولغىيمىدى؟
مەن ئۇندىمىدىم. ئۇمۇ مېنىڭ جاۋاب بېرىشىمدىن ئۈمىد كۈتمىگەندەك قىلاتتى.
ئىستاكاندىكى چاينى ئىچىپ بولدۇق. ئۇ بايا دېگەن ئىشلار مېنى ئېغىر خىياللار قوينىغا تارتقانىدى. ئىككىمىز تونۇشقاندىن بېرى، ئۇ تۇنجى قېتىم مۇلايىم، سالماق قىياپىتىدىن يانغانىدى. ئەگەر ئۇ ئىشلارنى باشقا بىرسى سۆزلەپ بەرگەن بولسا، مەن ھەرگىزمۇ قۇلاق سالمىغان بولاتتىم. بىراق، ئۇ ئىشلارنىڭ مەزمۇنى مۇھىم ئەمەس، مەن ئۈچۈن مۇھىمى، ئۇلارنى كىمنىڭ سۆزلەپ بەرگىنىدە. ئۇ ئىشلارنى ماڭا بىر پەرىشتە سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى، يەنە كېلىپ بۇ پەرىشتىنىڭ سۆزلەپ بەرگىنى ئۆزى بىلىدىغان ئىشلار ئىدى. يەنە بىرسى، بۇ پەرىشتە ماڭا كۆڭۈل بۆلۈۋاتاتتى. بىلىمەن، ئۇمۇ ماڭا ياردەم قىلىشنى ئويلايدۇ. مەن ئۇنىڭ يالغۇز ماڭىلا ئەمەس، باشقىلارغىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئەجەل پەرىشتىسى ھەممىزگە كۆڭۈل بۆلىدۇ، ئەجەل پەرىشتىسىگە دىققىتىنى بۇرىمىغان ئادەم ھاياتلىقنىڭ قىممىتىنى ھەقىقىي ھېس قىلالمايدۇ. ھاياتلىقنىڭ قىممىتىنى ھەقىقىي ھېس قىلمىغاندا، ئۆلۈمنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى ھەرگىزمۇ چۈشەنمەيمىز...
— مەن تېخى پەرىشتىنىڭ ھېچقانداق غېمى يوق، دەپ ئويلاپ

يۈرۈپتىكەنمەن، — دېدىم مەن ئۆھ تارتىپ، — غېمى ئازراق بىرەر خىزمەتكە ئالماشتۇرۇپ قويۇشنى خۇدادىن ئۆتۈنۈپ باقسىڭىز بولماسمىدى؟

— سىزگە دېسەم، — دېدى ئۇ كۈلۈپ، — مېنىڭ خىزمىتىمنى تاللاش ئىختىيارىم يوق. لېكىن، ماڭا مىڭ قېتىم تاللاش پۇرسىتى بېرىلگەن تەقدىردىمۇ، مەن يەنىلا ئەجەل پەرىشتىسى بولۇشنى تاللىغان بولاتتىم.

— ھەي، سىز بەك شەپقەتسىز ئىكەنسىز، — دېدىم مەن كۈلۈپ.

— مەن ئۆز خىزمىتىمنى ياقتۇرىمەن. كىشىلەر ماڭا دىققىتىنى بۇرىماسلىقى مۇمكىن، لېكىن مەن يەنىلا مېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇم ئەڭ ياخشى سىگنال، دەپ قارايمەن. كاللىسىنى ئىشلىتىپ باققان ئادەملا بىلەلەيدۇ، ئەگەر مەن مەۋجۇت بولمىسام، «مەنمەنچى ئالۋاستى» پۈتۈن دۇنياغا يامراپ كېتىدۇ. غالۋاراپ تېرىسىگە پاتماي قالغان مەنمەنچىلىك تېخىمۇ يوغىناپ، خۇدانىڭ سانىنى بىردىن ئالتە مىلياردقا كۆپەيتىۋېتىدۇ.

ئۇ سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن كۆزلىرىمگە قادالغىنىچە سورىدى:

— قېنى ئېيتىپ بېقىڭا، ئۇمۇ، «مەنمەنچى ئالۋاستى» پۈتۈن دۇنياغا يامراپ كەتسە، كىشىلەر نۇرلىنالامدۇ؟

# بالا ئومۇ

## 23

بۇ گويا چۈشكە ئوخشايتتى. نۇرلۇق دۇنيانىڭ قانداق يەر ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، لېكىن بۇ دۇنيادا دېلفىننىڭ دۇمبىسى ماڭا ئەڭ ياخشى يەر بولۇپ بىلىندى. بەخت بۇ دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆپ ۋاقتى چوقۇم دېلفىننىڭ دۇمبىسىدە ئۆتكەن بولسا كېرەك. ئۇنداق بولمىغان بولسا، دېلفىن ئومۇنىڭ دۇمبىسىدە بەختتىن قالغان كۈچلۈك خۇش پۇراق بولمىغان بولاتتى. دېلفىن ئومۇ مېنى ئېشەك ئارالغا ئېلىپ بارغۇچە بولغان ئارىلىقتا، مەن ئۇنىڭ مېنى نەگە ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلەلمىگەنىدىم.

دېلفىن ئومۇ ئۈزۈپ قىرغاققا يېقىنلاشتى.

— مەنزىلگە يېتىپ كەلدۇق، — دېدى ئۇ، — خېتىڭنى تاپشۇرۇۋېلىشتىن ئاۋۋال مەن بۇ يەردە ئاق قۇ بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانىدىم. ئۇنىڭ يېنىغا باراي دەپ تۇرسام، سېنىڭ خېتىڭ كېلىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن دەرھال سېنىڭ يېنىڭغا كېلىشىم. قېنى، ئىزدەپ باقايلى، ئۇ بۇ يەردىن يىراقلاپ كەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن.

— نېمە دېدىڭ؟ سەن نۇرلۇق دۇنياغا بېرىپ باققان ھېلىقى ئاق قۇنىڭ گېپىنى قىلىۋاتامسەن؟ ئۇ مۇشۇ يەردە؟ !

دېلفىن ئومۇ بېشىنى لىڭشىتىۋىدى، مەن ئۇنىڭ دۇمبىسىدىن سىيرىلىپ سۇغا چۈشۈپ كەتتىم. مەن سۇدىن بېشىمنى چىقىرىپ، ئاق قۇنى ئىزدەپ قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز بوشلۇقىغا

قارىدىم، لېكىن ئۇنىڭ قارىسى ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى.

— ئۇ بۇ ئەتراپتا كۆرۈنمەيدۇ، — دېدىم مەن، — كېتىپ قالغان ئوخشايدۇ.

— قارا، ئۇ ئاۋۇ يەردە ئىكەن!

مەن دېلفىن ئومۇ بېشى بىلەن كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ ئاق قۇنى كۆردۇم. لېكىن، ئۇنى كۆرۈپلا ئىختىيارسىز بىرئاز ئۇ-مىدسىزلىنىپ قالدىم. ئۇ ئادەتتىكى ئاق قۇدىن پەرقلەنمەيتتى. مەن ھايۋانات باغچىسىدا ئاق قۇنى بىرنەچچە قېتىم كۆرگەن، بۇ ئاق قۇنىڭ تېخى ئاشۇلارچىلىكمۇ سۆلىتى يوق ئىدى.

— نۇرلىنىپ بولغان ئاق قۇ شۇمۇ؟ — سورىدىم مەن، — لېكىن مەن ئۇنىڭ بەدىنىدىن ئازراقمۇ نۇر بايقىمىدىمغۇ؟

— بىز تېخى نۇرلىنىپ بولالمىغاچقا، ئۇنىڭدىكى نۇرنى كۆرەلمەيمىز. كەل، ئىككىمىز بىرلىكتە ئۇنى چاقىرىپ باقايلى.

— ئۇنى قانداق چاقىرىمىز؟ بار ئاۋازىمىز بىلەن ۋارقىرى-ساق، ئۇ ئاڭلىيالارمۇ؟

— سەن مېنى قانداق چاقىرغان بولساڭ، بىزمۇ ئۇنى شۇنداق چاقىرايلى. ئۇنىڭغا قەلبىمىزدە خەت يازساق بولىدۇ.

بىز كۆزلىرىمىزنى يۇمۇپ، ئاق قۇغا قەلبىمىزدە خەت يېزىشقا باشلىدۇق. دېلفىن ئومۇنىڭ نېمىلەرنى يازغانلىقىنى بىلمەيمەن، مەن مۇنداق يازدىم:

سۆيۈملۈك ئاق قۇ، ئالدى بىلەن سەندىن ئەپۇ سورايمەن، چۈنكى سەن ماڭا نۇرلىنىپ بولغان ئاق قۇدەك كۆرۈنمىدىڭ. گەپنىڭ راستىنى قىلسام، مەن ئەسلىدە ۋاللىداپ نۇر چېچىپ تۇرغان ئاق قۇنى كۆرىمەن، دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن، دېلفىن ئومۇ سېنى نۇرلىنىپ بولدى، دېسە، سەن چوقۇم نۇرلىنىپ بولغان بولىسەن، چۈنكى مەن دېلفىن ئومۇنىڭ ھەرقانداق گېپىگە ئىشىنىمەن. ئۇنىڭغا ئىشىنىشىمدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ گەپلىرى ئۇدۇل يۈرىكىمگە كىرىدۇ. مەن قىلمۇۋاتقان گەپلىرىمنىڭ سېنىڭمۇ يۈرىكىڭگە كىرىپ، سېنى بىزنىڭ يېنىمىزغا باشلاپ كېلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. ئۇنداق

بولۇشى، بىزمۇ ساڭا ئوخشاش نۇرلىنىشنى بەك ئارزۇ قىلىمىز. سۆيۈملۈك ئاق قۇ، يېنىمىزغا كەلگىن، قانداق نۇرلانغىنىڭنىڭ گېپىنى قىلىپ بەر.

مەن خېتىمنى ئەمدىلا ئاياغلاشتۇرۇشۇمغا، ئاق قۇ بىرنەچچە قەدەم يۈگۈرۈپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى ۋە بىز تەرەپكە قاراپ ئۇچۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قاناتلىرى شۇنداقمۇ يوغان، قاناتلىق پەرىشتىنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ باققان ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۇنى كۆكتە ئۇچۇپ يۈرگەن پەرىشتە، دەپ قېلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. بىرنەچچە سېكۇنت ئۆتمەيلا، ئاق قۇ بىزنىڭ ئالدىمىزغا چۈشتى.

— ساڭا نۇر ھەمراھ بولسۇن، ئۇمۇ، — دېدى ئاق قۇ.

دېلفىن ئۇمۇ ئىككىمىز تەڭلا جاۋاب بەردۇق:

— ساڭىمۇ نۇر ھەمراھ بولسۇن، سۆيۈملۈك ئاق قۇ.

ئاندىن مەن دېلفىن ئۇمۇغا يېقىنلىشىپ، ئاق قۇغا مېنىڭ ئىسمىنى دېگەن - دېمىگەنلىكىنى سورىدىم.

— ئۇ سېنىڭ گېپىڭنى ماڭا قىلىپ بەرگەن، — دېدى ئاق قۇ.

— سەنمۇ بىلىسەن، سۆيۈملۈك ئاق قۇ، — دېدى دېلفىن ئۇمۇ، — كىچىك ئۇمۇ ئىككىمىزنىڭمۇ نۇرلانغۇمىز بار. بىز بايىلا بىر - بىرىمىزگە كاپالەت بەردۇق.

ئاق قۇ ئۈندىمىدى، لېكىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولغانلىقى ئۇنىڭ چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

— ئەمىسە بىزگە سۆزلەپ بەرگىن، سۆيۈملۈك ئاق قۇ! — دېدى دېلفىن ئۇمۇ، — بىزگە سۆزلەپ بەرگىن. بىزنىڭ ھەممىنى، ھەربىر تەپسىلاتنى بىلگۈمىز بار. نۇرلۇق دۇنيادا قانداق ئىشلارنى كۆردۈڭ، قايسى ئەۋلىيالار بىلەن ئۇچراشتىڭ، پەرىشتىلەر بىلەن قانداق ۋاقىتلارنى بىللە ئۆتكۈزدۈڭ... ھەممىسىنى سۆزلەپ بەرگىنە. ئۇ قانداق يەر ئىكەن؟ سەن «مەنمەنچى ئالۋاس-

تى»نى قانداق مەغلۇپ قىلدىڭ؟ بۇلارنى زىر - زەۋىرىگىچە ئاۋ-
لىغۇمىز بار!
خۇددى سۆزلىگۇدەك ھېچ ئىش يوقتەك، ئاق قۇ بېشىنى
تۆۋەن سالدى.
— راست، بىزگە سۆزلەپ بەرگىنە، — دېدىم مەن ئالدىراپ
گەپكە قوشۇق سېلىپ، — چۈنكى، ئىككى ئومۇ بىرلىشىپ بىر
بولماقچى. دېلفىن ئومۇ كىچىك ئومۇنى كۆرگەندە ئۆزىنى كۆر-
گەندەك بولۇشنى؛ كىچىك ئومۇ دېلفىن ئومۇنى كۆرگەندە ئۆزىنى
كۆرگەندەك بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بىزنىڭ قەلبىمىزدىكى
«مەنمەنچى ئالۋاستى»نى يېڭىپ، قەلبىمىزدىكى نۇر بىلەن
ئۇچراشقۇمىز بار. بىزنىڭ نۇرلۇق دۇنياغا كىرىپ، بەخت ۋە
ئەركىنلىك بىلەن ئۇچراشقۇمىز بار. بىزنىڭ پەرىشتە بىلەن
پاراڭلىشىپ، ھەسەل قوشۇلغان ئىسسىق سۈت ئىچكۈمىز بار.
بىزنىڭ ئۇلار بىلەن سۇ ئۈزگۈمىز، مۇمكىن بولسا دېڭىز سەپى-
رىگە بىللە چىققۇمىز بار. ھەي... لېكىن، بىلمەيمەن، نۇرلۇق
دۇنيادا دېڭىز بارمىدۇ...
— مېنىڭچە، ئۇ يەردە چوقۇم دېڭىز بار، شۇنداقمۇ،
سۆيۈملۈك ئاق قۇ؟ — دېدى دېلفىن ئومۇ، — بىزگە ئېيتىپ
بەرگىنە، ئۇ قانداقراق يەر ئىكەن؟
ئاق قۇ «سۆيۈملۈك ئومۇ» دېگەندە، ھاياجاندىن يۈرىكىم
يېرىلغۇدەك بولدى، لېكىن ئارقىدىن دېگەن گېپى مۇنۇ بولدى:
«نۇرلىنىش گۈزەل ئارزۇيۇڭلارنىڭ تېزرەك ئەمەلگە ئېشىشىنى
تىلەيمەن.»
ئاق قۇ ئۇنىڭدىن باشقا گەپ قىلماي تۇرۇۋالغاچقا، مەن چىداپ
تۇرالماي سورىدىم:
— ھى، سېنىڭ نۇرلۇق دۇنيادىكى ئىشلارنى بىزگە سۆزلەپ
بەرگۈڭ يوقمۇ؟
— كەچۈرۈڭلار، — دېدى ئاق قۇ، — دېلفىن ئومۇغا سۆزلەپ
بېرىشكە تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ

بەردىم. ئۇ بۇ ئىشلارنى كىچىك ئومۇغا سۆزلەپ بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، سۆزلىگۈدەك باشقا ئىش يوق.

— بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن، — دېدىم مەن، — سۆزلىگۈدەك باشقا ئىشنىڭ بولماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ بىز ھېچنېمىنى بىلمەيمىزغۇ. بىز بىلمەيدىغان نۇرغۇن ئىشلار...

— سىلەر ئۆزۈڭلار بىلىۋالسام دېگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلىۋالدىڭلار، — دېدى ئاق قۇ، — ئەمدىكى ئىش، سىلەر بىر - بىرىڭلارغا مېھىر - مۇھەببەت بەرسەڭلار، پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭلار بىلەن بەرسەڭلارلا بولىدۇ. سىلەرنىڭ ئوتتۇراڭلاردىكى ھەقىقىي مېھىر - مۇھەببەتلا قەلبىڭلاردىكى بارلىق تۈگۈنلەرنى يېشىپ بېرەلەيدۇ.

— لېكىن، ئاق قۇ...

— كەچۈرۈڭلار، ئەمدى ماڭمىسام بولمايدۇ. لېكىن، مەن سىلەرنى مەڭگۈ يۈرىكىمدە ساقلايمەن.

— ساڭا رەھمەت، سۆيۈملۈك ئاق قۇ، — دېدى دېلفىن ئومۇ، — بىز ئۈچۈن قىلغانلىرىڭغا رەھمەت.

دېلفىن ئومۇنىڭ ماڭا قارىغان قىياپىتىگە قاراپلا، يەنە بىر نەرسىلەرنى سوراشقا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندىم. شۇڭا، مەنمۇ ئاق قۇغا مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈردۈم.

— ھە، سەندىن يەنە بىر ئىشنى سورىۋالسام، — دېدى دېلفىن ئومۇ، — ئىسمىڭنى ئېيتىپ بېرىشنى ھازىرمۇ خالىمامسەن؟

— سىلەر بىلىپ بولدۇڭلار، — دېدى ئاق قۇ.

— شۇنداقمۇ؟ بىز ئۇنىڭ ئىسمىنى راستلا بىلەمدۇق؟

ئاق قۇ يوغان قاناتلىرىنى يېيىپ ئېغىز ئاچتى:

— سىلەرگە نۇر ھەمراھ بولسۇن.

ئۇنىڭ ئىسمىنى قانداقلارچە بىلىدىغانلىقىمىزنى سورۇشتۇرۇپ بولغۇچە، ئۇ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ بولدى. ئۇ يېقىن ئەتراپتىكى سۇ يۈزىدە ئۇچۇپ بىزنى بىر ئايلىنىۋەتكەندىن كېيىن قۇياش تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇرغى-

نىمدا، ئۇنىڭ ئاۋازى تۇيۇقسىزلا يۈرىكىمگە ئاڭلاندى. دېلفىن-
ئومۇ شارتتىدە بۇرۇلۇپ ماڭا قارىدى، ئۇ ئاۋازنى ئۇنىڭمۇ ئاڭلى-
غانلىقى ئېنىق ئىدى. ئاق قۇ مۇنداق دېگەنىدى:
— مېنىڭ ئىسمىم ئومۇ.

# قىران ئومۇ

## 24

— «مەنمەنچى ئالۋاستى» پۈتۈن دۇنياغا يامراپ كەتسە، كىشىلەر نۇرلىنالامدۇ؟

بۇ سوئالنى سورىغاندا، ئەجەل پەرىشتىسى بىر يېڭى سۆزنى دەپ سالدى. نېمىشقىدۇر بۇ سۆز قەلبىمدە زىلزىلە پەيدا قىلدى.

ئادەم نۇرلىنالامدۇ؟

مەن «نۇرلىنىش» دېگەن سۆزنى ئىلگىرى ئاڭلاپ باقمىغان، ئۇنىڭ مەنىسىنىمۇ چۈشەنمەيتتىم. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇ سۆز ماڭا نېمانچە تونۇش ئاڭلىنىدىغاندۇ، نېمىشقا قەلبىمنى زىلزىلىگە سالىدىغاندۇ؟

— نېمىلەرنى دەيدىغانسىز، — دېدىم مەن، — ئادەم قانداقمۇ نۇرلىنالىسۇن؟

— سىزگە ئايان، ئەلۋەتتە نۇرلىنالايدۇ.

— ياق، ئەپسۇسلىنارلىقى، مېنىڭ ئۇنداق ئىشتىن خەۋىرىم يوق.

— ئادەم قەلبىدىكى نۇر بىلەن ئۇچراشسىلا نۇرلىنالايدۇ. سىز ئادەملەرنىڭ نۇرلانغانلىقى توغرۇلۇق ئاڭلاپ باقمىغانمۇ؟

— ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن.

ئۇ بېشىنى بۇراپ يىراقتىكى قاقاس تاغقا قارىدى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدىم مەن، — سىز ماڭا ئاشۇنداق ئادەملەر توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرەلەمسىز؟

— سىز قايسى ئادەمنىڭ ئىشىنى ئاڭلاشنى خالايسىز؟

— قايسى ئادەمنىڭ بولسا بولىۋېرىدۇ، تېزرەك سۆزلەپ بېرىڭا.
— سۆزلەپ بەرگەننىڭ پايدىسى يوق، شۇنداق ئادەمنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈشىڭىز كېرەك، — ئۇ سەل تۇرۇۋېلىپ سورىدى، — سىز مەن بىلەن سەپەرگە چىقىشنى خالامسىز، ئارىلىق يىراق ئەمەس.
ۋاھ، خالىمامدىغان! ئەجەل پەرىشتىسى بىلەن بىللە سەپەر قىلىش، ئاھھاي! مېنىڭ كۆڭلۈمنىڭ بارغانسېرى كۆڭۈللۈك ئۆتۈۋاتىدۇ. مەن ھەتتا ئۆلۈش ۋاقتىمنى كېچىكتۈرۈپ، ئەسلىمە يېزىشنىمۇ ئويلاپ ئۇلگۇردۇم — ئەسلىمەم چوقۇم بازارلىق كىتابلار قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ!
— بىز نەگە بارىمىز؟ — سورىدىم مەن كېمە خادىمىدىن سورىغاندەك.
— سىز نۇرلانغان ئادەمنى كۆرۈپ باقماقچى ئەمەسمىدىڭىز؟ ئەگەر خالىسىڭىز، شۇنداق ئادەمدىن بىرسىنى كۆرۈپ كېلەلەيمىز.
— بىز قاياققا قاراپ ماڭىمىز؟ لېكىن، كاپىتان، بۇ يەردە يا شامال بولمىسا!
— سىز بېرىشنى خالىسىڭىزلا، قالغىنىدىن غەم قىلمىسىڭىز بولىدۇ. نىيەتنىڭ ئۆزى كۈچلۈك شامال، كېمىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرەلەيدۇ.
— سىز مۇنداق دەپ تۇرغان يەردە، — دېدىم مەن، — بارساق باردۇق.
گېپىم ئاغزىمدىن چىقىپ بولغۇچە يەلكەنلىك كېمە ئورنىدىن قوزغىلىپ، قاقاس تاغقا قاراپ شامالدەك يۈرۈپ كەتتى. دېڭىز يۈزى شۇنداق تىنچ، ئارالدا يا چاتقاللار يوق، خادىدا لەپىلدەپ تۇرغان ئاق بايراقمۇ يوق، لېكىن كېمىمىز بوراننىڭ ئىچىدە كېتىۋاتقاندەك سۈرئىتى تېز ئىدى.

# بالا ئومۇ

## 24

ئاق قۇ ئومۇ ئىلگىرى: «ئەمدىكى ئىش، سىلەر بىر - بىرىڭلارغا مېھىر - مۇھەببەت بىلەن بەرسەڭلارلا بولىدى» دېگەنىدى. ئاق قۇ ئومۇ شۇ گەپنى قىلغاندىن بېرى بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى. مۇشۇ بىر ئايدا دېلفىن، پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭلار ئومۇ ئىككىمىز پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن بىر - بىرىمىزگە مېھىر - مۇھەببەت بېرىپ كەلدۇق.

دەسلەپكى بىرنەچچە كۈندە بىز نېمە قىلىشىمىزنى بىلەلمىدۇق، گەپنىڭ راستىنى قىلسام، مەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمىدىم. ئاق قۇ ئومۇ شۇ گەپنى قىلغاندىن كېيىن دېلفىن تازا ئومۇ دەرھاللا ماڭا تېخىمۇ مېھىر - مۇھەببەت بېرىدىغان بولۇپ كەتتى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ماڭا بېرىۋاتقان مېھىر - مۇھەببىتى مېنىڭ بېرىۋاتقانلىرىمنى بېسىپ چۈشەتتى. مېنىڭ بىر نەرسىنى بىلگۈم كېلەتتى، ئاق قۇ ئومۇ شۇنچە كۆپ ئىشنى بىلىدىغان تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن بىزگە كۆپرەك نەرسە دەپ بەرمەيدۇ؟ بىز بارماقچى بولغان يەر ناتونۇش بىر دۇنياغۇ. شۇڭا، بىز ئاق قۇ ئومۇنىڭ ياردىمىگە بەكرەك موھتاج، چۈنكى ئاشۇ دۇنياغا ئۇ بېرىپ باققان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاشۇ دۇنياغا بېرىش ئۈچۈن «مەنمەنچى ئالۋاستى»نى يېڭىشىمىز كېرەك. بىز مۇشۇنداق بىر قىيىن ئەھۋالدا، لېكىن ئاق قۇ ئومۇنىڭ بىزگە دەپ بەرگىنى پەقەت بىرلا ئىش — بىر - بىرىگە مېھىر - مۇھەببەت بېرىش.

مېھىر - مۇھەببەت بىلەنلا نۇرلانغىلى بولۇشى ناتايىن. «ئۆزئارا مېھىر - مۇھەببەت يەتكۈزۈش» دېگەن سۆز ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا بۇرۇندىن كۆپ دېيىلىپ كەلگەن، مېنىڭ قۇلىقىم بۇ سۆزگە كۆنۈك. ئاپام بىلەن دادام، بوۋام بىلەن مومام، تاغام بىلەن هامامام، مەن بىلەن مۇئەللىمىم بۇ سۆزنى كۆپ دېيىشكەن. كىتاب ۋە كارتون فىلىملەردىمۇ ئۇ سۆزنى ئۇچرىتىپ تۇرىمەن. هەتتا ساۋاقداشلىرىم ئىچىدىمۇ ئۇ سۆزنى ئاڭلاپ تۇرىمەن. كىشىلەر دائىم «ئۆزئارا مېھىر - مۇھەببەت يەتكۈزۈش» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. شۇڭا، هېچ چۈشىنەلمىدىم، ئاق قۇ ئومۇ دەۋاتقان مېھىر - مۇھەببەتنىڭ ئالاهىدە بىر تەرىپى بارمىدۇ؟

كېيىن مەن دېلفىن ئومۇ ئىككىمىزنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتلىرىمىزدىن شۇنى چۈشەندىمكى، «مېھىر - مۇھەببەت» يالغۇز بىر سۆزگىلا ۋەكىللىك قىلمايدىكەن، مەن ئۇنىڭ هەقىقىي مەۋجۇتلۇقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۇ جانلىق نەرسە ئىكەن، ماكانى دېلفىن ئومۇنىڭ كۆزى ئىكەن.

هەقىقىي مېھىر - مۇھەببەتنى كۆرگەندىن كېيىن مەن بىر نەرسىنى تونۇپ يەتتىم، دېلفىن ئومۇنى ئۇچرىتىشتىن ئىلگىرى مەندە هەقىقىي مېھىر - مۇھەببەت بولۇپ باقمىغانىكەن. ئىلگىرى مەن ماڭا ياخشىلىق قىلغان ئادەملەرگە، مەن بىلەن چىقىشالايدىغان ئادەملەرگە، قىزىقارلىق ئادەملەرگە، بولۇپمۇ مېنى سۆيىدىغان ئادەملەرگىلا مېھىر - مۇھەببىتىمنى بېرىپتىكەنمەن. لېكىن، لېكىن ئۇلارغا بەرگەن مېھىر - مۇھەببىتىم ئۆزۈمدىن ئەمەس، «مەنمەنچى ئالۋاستى»دىن كەپتىكەن. مەن ئەمدى چۈشەندىم، «مەنمەنچى ئالۋاستى»نىڭ مېھىر - مۇھەببىتى دېلفىن ئومۇنىڭ كۆزىنى ماكان تۇتقان مېھىر - مۇھەببەتكە ئوخشىمايدىكەن، ئاق قۇ ئومۇ دېگەن مېھىر - مۇھەببەتكىمۇ ئوخشىمايدىكەن.

يېڭىلا ئۆتۈپ كەتكەن بىر ئاي ئىچىدە مېھىر - مۇھەببەت

دېلفىن ئومۇنىڭ كۆزىدىن ئايرىلىپ باقمىدى، يەنە كېلىپ ماڭا ھەر ۋاقىت ئۆزىنى بېغىشلاپ تۇردى. مەن بۇنىڭغا تولۇق ئىشىنىمەن، چۈنكى ئۇ ماڭا بېغىشلانغاندا، مەن ئۇنى سېزىمەن. مەن ئۇنىڭ مېنىڭ كۆزۈمنى ماكان تۇتۇشىنى بەك ئارزۇ قىلاتتىم، لېكىن ئۇ كۆزۈمنى ماكان تۇتمىدى. بىراق، بۇ مەزگىلدە باشقا بىر ئىش يۈز بەردى. مەن دېلفىن ئومۇ بىلەن دائىم بىللە يۈرگەچكە، مېھىر - مۇھەببەتنىڭ ھىدى ماڭا تەسىر قىلىشقا باشلىدى.

مېھىر - مۇھەببەتنىڭ ھىدى ئەتىرگۈل ھىدىغا ئوخشايدۇ. قىزىقارلىق يېرى، ئۇنىڭ ھىدى ئەزەلدىن يوقاپ كەتمەيدۇ، ھاۋاغىمۇ سىڭىپ كەتمەيدۇ. مەن دېلفىن ئومۇنى تۇنجى قېتىم ئۇچراتقاندا، ئۇ: «بۇ دۇنيادا ھەممە نەرسە يوقىلىدۇ» دېگەنىدى. لېكىن، بۇ ھىد ھەرگىز يوقالمايدۇ، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن يوقالمايدۇ.

شۇڭا، مەن دېلفىن ئومۇغا: «سەن ‹ھەممە نەرسە يوقىلىدۇ› دەۋاتاتتىڭ، لېكىن قاراپ باققىنا، مېھىر - مۇھەببەتنىڭ ھىدى يوقالمايدىكەنغۇ؟» دەيمەن.

— ئەۋلىيالارنىڭ ھېكايىسى ئېسىڭدىمۇ؟ — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ساھىبجامال، بەخت، ئەركىنلىك قاتارلىق باشقا ئەۋلىيالار بۇ يەردىكى ھەممە نەرسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن بىزنىڭ دۇنيايىمىزدىن قېچىپ كەتكەن، پەقەت ئۇلارنىڭ ھىدىلا قېلىپ قالغان. ئەۋلىيالار ئىچىدە پەقەت مېھىر - مۇھەببەتلا ئەزرائىلدىن قورقماي بىزنىڭ دۇنيايىمىزدا قېلىپ قالغان. مانا بۇ مېھىر - مۇھەببەت ھىدىنىڭ يوقالماسلىقىدىكى سەۋەب.

بىر ئاي ۋاقىت مېھىر - مۇھەببەت قوينىدا مانا مۇشۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. بىز تېخى نۇرلىنالىغان بولۇشىمىز مۇمكىن، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى بىز ئۈچۈن يەنىلا تولىمۇ گۈزەل. ئۇنداق بولۇشى، دوستۇم ئىككىمىز قولنى قولغا تۇتۇشۇپ (ياكى

پالاقچىنى پالاقچىگە كىرىشتۇرۇپ) نۇرغا قاراپ سەپەرگە
ئاتلاندۇق، نۇرلىنىشقا سېلىشتۇرغاندا، بۇمۇ ئوخشاشلا ئادەمنى
ھەيران قالدۇرىدىغان ئىش بولسا كېرەك.

# قىران ئومۇ

## 25

ئەجەل پەرىشتىسىنىڭ يەلكەنلىك كېمىسى ئۇچقاندەك كېتىۋاتقاندا، كۈننىڭ ئاداققى نۇرلىرى ئۆچۈپ، ئەتراپتا كۆز باغلىنىشقا باشلىغان، ئاي كۆككە ئۆرلەپ، يۇلتۇزلار چاراقلاشقا ئۈتكەندى. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسى ئون مىنۇت ئىچىدە يۈز بەردى. لېكىن، مېنى ھەممىدىن بەك ھەيران قالدۇرغىنى، مەن قىرغاقتا كۆرگەن (كۆرەلمىگەن دېسەممۇ بولىدۇ) نەرسىلەر بولدى. ئۇ يەردە تۇك بىلەن ياندىغان چىراغلار، ماشىنا يوق، بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن ئېگىز بىنالار ياكى دېڭىز ساھىلى قەھۋەخانىلىرى يوق، مېنىڭ كۆرۈۋاتقىنىم گىياھ ئۈنمەس قاقاس تاغلار. قىرغاقنىڭ ئۇ تەرىپىدە مېنىڭ ئۆيۈم بار يەر كۆرۈنۈشى كېرەك ئىدى، لېكىن كۆرۈنۈپ تۇرغىنى تاش ۋە توپىدىن قوپۇرۇلغان بىر قەۋەتلىك ئۆيلەر. بەزى ئۆيلەردە پانۇس يورۇقى پىلىلداپ تۇرىدۇ. قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان مەنزىرىلەردىن مەن شۇنداق ئويغا كېلىپ قالدىم، بىز چوقۇم ئۆتكەن زامانغا — ئاز دېگەندىمۇ ئىككى يۈز يىلنىڭ ئالدىغا قايتىپ كېتىپتىمىز. مەن ئۆزۈمنى باسالماي ئەجەل پەرىشتىسىگە بۇرىلىپ، گۆدەكلەرچە سورىدىم:

— بىز ۋاقىت ساياھىتىدە كېتىۋاتىمىزمۇ؟

ئۇ گېپىمگە جاۋاب بېرىشنى ئورۇنسىز بىلدى بولغاي، ماڭا تاغ باغرىدىكى بىر قولتۇقنى كۆرسەتتى، ئۇ يەردە بىر كېمە تۇراتتى. يەلكەنلىك كېمە ئاشۇ كېمىگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ

كەتتى، ئۇزاققا قالمايلا قىرغاقتا قاتتىق سىلكىنگەن ئاۋاز چىقىرىپ توختىدى.

— بىز قايسى يىلدا؟ — سورىدىم مەن.

— قاراڭ، — دېدى ئۇ، — ئۇ كەلدى.

مەن ئۇ قارىغان تەرەپكە قارىدىم، كۆزۈمگە بىر قىز كۆرۈندى. ئۇ ئۇچىسىدا ئاق رەڭلىك كىچىلىك كىيىم، كەپىدىن يېڭىلا چىققانىدى. چىرايى ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، تېرىسى قاشتاشتەك سۈزۈك، قاپقارا چاچلىرى مۈرىسىدە لەرزان يېيىلىپ تۇرىدۇ. ئارىمىز بىرنەچچە قەدەملا كېلىدىغان بولسىمۇ، ئۇ بىزنى ياكى يەلكەنلىك كېمىنى كۆرمىدى. ئۇ دېڭىز ساھىلىدا مېڭىشقا باشلىدى.

مەن قىزنىڭ ئەھۋالىنى ئەجەل پەرىشتىسىدىن سوراي دەپ تۇرۇشۇمغا، ئۇ ئۆزى پەس ئاۋازدا ئېغىز ئېچىپ قالدى:

— ئۇ قىز ھەممىنى بىلىدۇ. ئۇ بۇ قېتىمقىسى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ساھىلنى دەسسىشى ۋە ئايغا قارىشى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلىدۇ، ئۆزىنىڭ دوستىغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۆتۈنۈش يوللايدىغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ. لېكىن، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ كۆڭلى قىلچە يېرىم ئەمەس. قاراڭ، بەختتىن ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەۋاتىدۇ.

ئۇ ئۇچىسىدا كىچىلىك كىيىم، سۇ تىزغا كەلگۈدەك يەرگە باردى. ئاندىن قوللىرىنى مەيدىسىدە قوۋۇشتۇرۇپ، پەس ئاۋازدا گەپ باشلىدى:

— سېنىڭ ئۈمىدىڭ مەن ئۈچۈن بۇيرۇق، دوستۇم. بۇ دۇنيادىن ئىز - دېرەكسىز غايىب بولۇشنىڭ ئۆزىمۇ ئاجايىپ ئىش. خەنجەردە قىيما - چىيما بولۇشنىڭ ئۆزىمۇ ئاجايىپ ئىش... رەھمەت ساڭا، دوستۇم، مېنى قوينۇڭغا چاقىرغىنىڭ ئۈچۈن رەھمەت. ھاياتىمىدىكى ھەربىر دەقىقە ئۈچۈن ساڭا رەھمەت! مېنىڭ قوينۇڭدا تەسەللى تېپىشىم ئۈچۈن، سەن ماڭا ئازابلارنى بەردىڭ؛ يېقىملىق باغرىڭغا ئۆزۈمنى ئېتىشىم ئۈچۈن،

رەھىمسىز دۈشمەنگە مېنى قوغلاتقۇزدۇڭ؛ باغرىڭدا مەڭگۈلۈك
ھاياتلىققا ئېرىشىشىم ئۈچۈن، ئەمدى سەن مېنى ئۆلتۈرسەن.
رەھمەت ساڭا، دوستۇم. سېنىڭ نۇرۇڭغا تەشنالىقىمنى
ئاشۇرۇش ئۈچۈن، سەن ماڭا زۇلمەت ئاتا قىلدىڭ. ئاشۇ بىر كۈن
يېتىپ كەلگىنىدە، ئۇ نۇر مېنىڭ بارلىق تەشنالىقىمنى
قاندۇرىدۇ؛ ئاشۇ بىر كۈن يېتىپ كەلگىنىدە، مەن نۇرلىنىمەن؛
ئاشۇ بىر كۈن يېتىپ كەلگىنىدە، نۇر نۇرغا سىڭىپ كېتىدۇ.

ئاھ، قەدىرلىك دوستۇم، مۇھەببەت ئىشىدا مەن چوقۇم
خاتالىشىپتىمەن. لېكىن، بۇ كېچىدە سېنىڭ مۇھەببىتىڭ
مېنىڭ خاتالىقلىرىمنى يەنە بىر قېتىم ياپىدۇ. ئاھ، بۇ كېچە
مېنىڭ خۇشاللىق بولىقىم !... بۇ كېچە چەكسىز تەشنالىق
زېمىننى خىرەلەشتۈرىدۇ. گۈزەل، مېھرى ئىسسىق، مۇقەددەس
بۇ كېچە يۈز بەرگۈسى ئىشنى ئۆز قوينىدا پىنھان قىلىدۇ. ئۇ بۇ
قېتىملىق قەستلەپ ئۆلتۈرۈشنى ئۆز قوينىغا نىقابلىۋالىدۇ،
ھېچكىممۇ ۋاقتىدا يېنىمغا كېلىپ مېنىڭ باغرىمنى قان
قىلىدىغان قاتىللارنى توسۇپ قالالمايدۇ.

# بالا ئومۇ

## 25

شۇنداق بىر بالا بار، ئۇ كۆتۈرۈلگەن ھەربىر دولقۇننى دېلفىن كېلىۋاتقانلىقىنىڭ بېشارىتى، دەپ بىلىدۇ؛ ئۇ دائىم ئۆزىنى ئېچىرقاپ كەتكەندەكلا ھېس قىلىدۇ، دېلفىننى كۆرگەندىلا بۇ خىل تۇيغۇ يوقىلىدۇ؛ ئۇ كۈننىڭ چىقىشى مېنىڭ دېلفىن بىلەن كۆرۈشۈۋېلىشىم ئۈچۈن، ئاينىڭ بىرنەچچە كېچە تولۇن تۇرۇشى مېنىڭ دېلفىننى ئېنىق كۆرۈۋېلىشىم ئۈچۈن، دەپ ئىشىنىدۇ... بۇ دۇنيادا مۇشۇنداق بالا بارمۇ؟

شۇنداق بىر بالا بار، دېلفىن كۈندۈزى خىيالىدىن، كېچىسى چۈشىدىن چىقمايدۇ؛ شۇنداق بىر بالا بار، دېلفىن بىلەن ھەمىنەپەس؛ شۇنداق بىر بالا بار، دېلفىن بولمىسا، بۇ دۇنيادا ياشىيالمايدۇ...

بىلىمەن، شۇنداق بىر بالا بار. ئۇنىڭ ئىسمى ئومۇ. لېكىن، ئۇ زادى كىچىك بالىمۇ، دېلفىنمۇ، مەن ھازىر بىرنېمە دېيەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇنداق بولۇشى، يېقىنقى بىرنەچچە كۈندە، كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، دېلفىن ئومۇ بىلەن كىچىك ئومۇنى بارغانسېرى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتتى. بىر ئومۇ بىرەر نەرسىنى خىيال قىلسا، يەنە بىر ئومۇ ئۇنىڭ خىيالىنى دەپ سالىدۇ؛ بىر ئومۇنىڭ دۈمبىسىنى تاش قىيىۋەتسە، يەنە بىر ئومۇ ئاغرىق ئازابى تارتىدۇ؛ بىر ئومۇ خۇشال بولسا، يەنە بىر ئومۇ كۈلۈمسىرەيدۇ. مۇنداق ئىشلارنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ...

هازىرغىچە بىر ئومۇ يەنە بىر ئومۇغا قارىغان چاغدا يەنىلا ئۆزىنىڭ ئەكسىنى كۆرەلمەيدۇ. لېكىن، مۇشۇ كۈنلەردە، ياز ئاخىرلىشىپ قالغاندا، دېلفىن ئومۇنىڭ يۈزى ئالاھىدە نۇرلىنىپ كەتتى. ماڭا ئايان، ئۇزاققا قالمايلا مەن دوستۇمنىڭ نۇرلانغانلىقىنى كۆرىمەن !

# قىران ئومۇ

## 26

ئارقىدىن ئۇ قىز سۇدىن چىقىپ، سۇ بىلەن قۇمنىڭ پاسىلىدا ئولتۇردى. ئۇ بېشىنى ساڭگىلىتىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ، قانداقتۇر بىر ئاھاڭغا غىڭشىغىلى تۇردى، لېكىن ئاۋازى ئۆزى ئاران ئاڭلىغۇدەك پەس ئىدى.

— ئۇ كىم بولىدۇ؟ — سورىدىم مەن.

— پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن باشقىلارنى سۆيىدىغان ئادەم. ئۇ پاك ئەقىدىلىك قىز، بۇ كەپىدە ئۆزى تەنها نۇرغۇن يىل تۇردى.

— ئۇ نېمىشقا مۇنداق گەپلەرنى قىلىدۇ؟ گەپلىرىگە قارىسام، ئۇ ئۆلۈۋالىدىغاندەكلا تۇرىدۇغۇ... ماڭا سۆزلەپ بېرىڭا، زادى نېمە ئىش بولدى؟

— ئۇ كىچىكلا توي قىلغان، لېكىن بىر يىلدىن كېيىنلا تۇل قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن بازاردىكى نۇرغۇن ئەرلەر ئۇنىڭغا ئۆيلىنىش تەلىپى قويدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھوقۇق - ئىمتىيازى بار بىر كاتتا شەخسمۇ بار ئىدى. ئۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلغاندىن كېيىن بېشىغا بالا يېغىشقا باشلىدى، ھەر خىل تۆھمەت، ھاقارەت، تەڭسىز مۇئامىلىلەرگە ئۇچرىدى.

كىشىلەر دەسلەپتە ئۇنىڭ ئۇستىدە تۇقۇلغان سۆز - چۆچەكلەرگە ئىشەنمىدى، چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭ پاك قىز ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. لېكىن، كېيىن ۋىجدانىنى ئىت يەپ كەتكەن ئۇ ئەرلەر بىرنەچچە چوماقچى تاپتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ قىزنىڭ ئۆزلىرى ئويلاپمۇ باقمىغان روھىي يۇكسەكلىككە

يىتىپ قالغانلىقىغا چىدىيالمايتتى. يۈرىكىدە مېھىر - مۇھەببەت يوق ئادەم ئۇنداق روھىي يۈكسەكلىكنى قانداقمۇ خىيالىغا كەلتۈرسۇن؟ شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئەرلەر يالغان - ياۋىداقلارنى شۇنداق قاملاشتۇرۇپ توقۇدىكى، ئۇلارغا ئادەم ئىشەنمەي تۇرالمايتتى.

ئۇلار ئالدى بىلەن ئۇ ئۆزىنى پەيغەمبەر چاغلايدىكەن، دېگەن گەپنى تاپتى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇلار تېخىمۇ رەزىل ۋاستىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئۇ ئۆزىنى خۇدا چاغلايدىكەن، دەپ گەپ تارقاتتى، بۇنىڭ ئىسپاتىغا ئۇ مۇھەببەت دەرياسىغا غەرق بولۇپ يۈرگەن كۈنلەردە يازغان بىرنەچچە پارچە شېئىرنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

كىشىلەر ئاخىر بۇ سۆز - چۆچەكلەرگە ئىشىنىپ قالدى، ئۇنداق بولۇشى، كىشىلەر پەقەت ئۇنىڭ سىرلىق مىجەز - خۇلقى توغرۇلۇقلا ئاڭلىغان، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى قىلچە چۈشەنمەيتتى. ئەڭ ئاخىرىدا كىشىلەر ئۇنىڭغا بۇ بازاردىن چىقىپ كېتىشنى بۇيرۇق قىلدى، ئۇ چىقىپ كېتىشكە ئۇنىمىدى، چۈنكى بۇ يەر ئۇ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يەرلا ئەمەس، يەنە ئۇ مۇھەببەت ۋىسالىغا يەتكەن جاي ئىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي، بازار باشلىقى (ئۇ قىزنىڭ پاكلىقىغا ئىشىنەتتى) باياناتى ئېلان قىلىپ، ئۇ ھاياتلا بولىدىكەن، بۇ بازاردىن چىقىپ كەتمەيدۇ، ئۇنى بازاردىن مەجبۇرىي چىقىرىۋېتىشكە ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق، دەپ جاكارلىدى. كۆزلىرى نەپرەت بىلەن تولغان ھېلىقى ئەرلەر بۇ باياناتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكتىن باشقا ئامال يوق ئىكەن، دېگەن يەرگە كەلدى.

ئەجەل پەرىشتىسى بۇ ئىشنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا، مەن ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ئاجايىپ بىر جىددىي كەيپىياتنى سەزدىم. بۇ ئاۋاز بىر ساداقەتمەن مۇرىتنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقاندەك ئىدى. ھېلىقى پاك قىزنى تىلغا ئالغاندا، ئۇنىڭ زەڭگەر كۆزلىرى

نۇرلىنىپ كېتەتتى؛ ھېلىقى ئەرلەرنى تىلغا ئالغاندا، كۆزلىرى قىسىلىپ قالاتتى.

مەن ئۇ سۆزلەپ بەرگەن ئىشلارنى خىيال قىلىپ تۇرغاندا، خەنجەر تۇتقان ئىككى ئەر تۇيۇقسىز كەپىنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ، قىزغا يېقىن يەردىكى بىر يوغان تاشنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇندى. قىز ئۇلارنى كۆرمىدى، لېكىن ناخشىغا غىڭشىشتىن توختاپ، تۇيۇقسىز بىز تەرەپكە نەزىرىنى ئاغدۇردى.

— سېنى قارشى ئالىمەن، شەپقەتلىك پەرىشتە! — دېدى ئۇ، — مەن سېنى ساقلاۋاتقان.

— مېنىڭ كېلىدىغىنىمنى قانداق بىلدىڭ؟ — سورىدى ئەجەل پەرىشتىسى.

قىز جاۋاب بەرمەي كۈلۈپلا قويدى.

ئەجەل پەرىشتىسى ئۇنىڭغا قاراپ بىرنەچچە قەدەم ئالدى.

— ئاھ، پەرىشتىنىڭ سادىق دوستى، — دېدى ئۇ، — روھىڭنى ئېلىپ كېتىشىمگە رۇخسەت قىلامسەن؟

قىز يەنە كۈلدى:

— نېمىشقا مۇنداق سورايسەن، شەپقەتلىك پەرىشتە؟ ماڭا ئاتا قىلىدىغان چاغدا مېنىڭ رۇخسىتىمنى ئالمىساڭمۇ بولىدۇ.

ئاندىن ئۇ قولىنى ئەجەل پەرىشتىسىگە سۇنۇپ ئېغىز ئاچتى:

كەلگىن، دېلىغۇل بولما، شەپقەتلىك پەرىشتەم!
يۈرىكىم ئۈستىگە قويغىن نازۇك قولۇڭنى،
كۆكرىكىم يېرىپ، سۇغار يۈرەكنى.
بىلگىنكى، تاپارمەن ئۇندىن شادلىقنى!
ئايلىنىمەن قەدىناس دوستىنىڭ تامچە قېنىغا،
ئاقىمەن ئۇرغۇپ ـ تېشىپ تومۇرلىرىدا.
ئۇزاق بولدى كۈتكەنگە سېنى،
بىلەمسەن، ئەي شەپقەتلىك پەرىشتەم، چۈنكى
باغلانغان رىشتىمىز خېلى بۇرۇنلا!

بىلەمسەن، ھاياتىم پەرىشتىسى،
تەشنالىقىم بىلدۈردى ماڭا مۇھەببەتنى !

قىز «تەشنالىقىم بىلدۈردى ماڭا مۇھەببەتنى» دېگەن ئەڭ ئاخىرقى مىسرانى چۈشۈرۈشكە، قاراڭغۇلۇق ھەممىنى يۇتۇپ كەتتى. مەن ھېچقانداق نەرسىنى — قىزنىمۇ، ئەجەل پەرىشتىسىنىمۇ، باشقا نەرسىلەرنىمۇ كۆرەلمىدىم...

— نېمە ئىش بولدى؟ — مەن بار ئاۋازىم بىلەن ۋارقىرىدىم، — زادى نېمە ئىش بولدى؟ !

ئۇلارنىڭ ھەممىسى نەگە غايىب بولدى؟

# بالا ئومۇ

## 26

سەھەر سائەت بەش يېرىم بولغان چاغ، مەن قاقاس تاغدىكى كىچىك قولتۇققا كېلىپ، دېلفىن ئومۇنى كۆتۈشكە باشلىدىم. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ساڭا نۇر ھەمراھ بولسۇن، ئومۇ !

— ساڭا نۇر ھەمراھ بولسۇن، دېلفىن ئومۇ !

دېلفىن ئومۇ يېقىنلىشىۋاتقاندا، مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى مېھىر - مۇھەببەتنىڭ تېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە تولغانلىقىنى بايقىدىم. بۇ بايقىشىمنى ئۇنىڭغا ئېيتىشقا ئۇلگۇرمەيلا، ئۇ ماڭا ئېغىز ئاچتى:

— بىز پاراڭلىشىۋالايلى، ئومۇ. مەن ساڭا ئىككى خۇش خەۋەر يەتكۈزمەكچى، ئۇنىڭ بىرسى سېنى خۇشال قىلىدۇ، لېكىن يەنە بىرسى كۆڭلۈڭنى سەل يېرىم قىلىشى مۇمكىن.

— كۆڭلۈمنى يېرىم قىلامدۇ؟ خۇش خەۋەردىن نېمىشقا كۆڭلۈم يېرىم بولغۇدەك؟

ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، قاقاس تاغقا، يىراقتىكى ئارالغا ۋە بۇلۇتلارغا قارىدى...

— نېمە خۇش خەۋەر ئۇ؟ تېزرەك ئېيتىپ بەرسەڭچۇ.

— ئىككىلا خۇش خەۋەرنى ساڭا ئېيتىپ بېرىمەن. لېكىن، ئالدى بىلەن ساڭا باشقا بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرىمەن، بۇ ئىشنى ساڭا ئىلگىرى ئېيتمىغان.

— نېمە ئىش ئۇ؟
— ئېسىڭدىمۇ، ئاق قۇ ئومۇ بىلەن تۇنجى قېتىم قانداق ئۇچرىشىپ قالغانلىقىمنى ساڭا سۆزلەپ بەرگەن...
— ئېسىمدە...
— ھە، مەن ئاق قۇ ئومۇ بىلەن ئۇچراشقان كۈننىڭ ئەتىسى سەن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر ئىش يۈز بەردى.
— نېمە ئىش يۈز بەردى؟ قېنى، ئېيتقىنا!
— شۇ كۈنى قۇم ئارالنىڭ قولتۇقىدا ئۈزۈپ يۈرگەندە، قىرغاقتا يۈز بەرگەن بىر غەلىتە ئىشقا تۇيۇقسىز كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. مەن بىر موماينى كۆردۈم، ئۇ ساھىلدا پۇتلىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ ئولتۇراتتى. قۇم ئارالنىڭ ئەتراپىدا كىمە كۆرۈنمەيتتى، ئۇ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغاندۇ؟ شۇڭا، بۇ ئىش ماڭا تولىمۇ غەلىتە تۇيۇلدى. تېخىمۇ غەلىتە تۇيۇلغىنى، مومايىنىڭ قوللىرى قىپقىزىل ئىدى.
— قوللىرى قىپقىزىل؟!
— شۇنداق، قوللىرى قىپقىزىل. مەن قىرغاققا يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ ئانار يەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ بېشىنى كۆتۈردى، مېنى كۆرۈپ ئېغىز ئاچتى: «بىر ئانار، پەقەت بىرلا! سەنمۇ بىر بولدۇڭ.»
ئۇ ئانار يەۋېتىپتۇمۇ؟ ئۇ يەنە: «بىر ئانار، پەقەت بىرلا!» دەپتۇمۇ؟ خاتا ئاڭلاپ قالمىغاندىمەن؟ دېلفىن ئومۇ شۇنداق دەۋاتامدۇ؟
— ئۇ ئانار يەۋېتىپتۇمۇ؟ — سورىدىم مەن، — سەن شۇنداق دېدىڭمۇ؟ ئۇ يەنە «بىر ئانار، پەقەت بىرلا!» دېدىمۇ؟ توۋا، ئۇ موماينى مەنمۇ كۆرگەن! ئۇ ئىككى قولى قىپقىزىل موماي! لېكىن، ئۇ...
— بۇنىڭدىن خەۋىرىم بار، ئۇ سىلەرنىڭ كۆرۈشكىنىڭلارنى ماڭا سۆزلەپ بەردى. گەپنىڭ راستىنى قىلغاندا، ئاشۇ موماي

بولغاچقىلا، ئىككىمىز بۇ يەردە پاراڭلىشىپ تۇرۇپتىمىز، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتساق بولىدۇ.

— ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتساق بولىدۇ؟

— ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشتىن ئىلگىرى مەن پەقەت بىر «دېلفىن» ئىدىم، ئۆزۈمنىڭ خاس ئىسمى يوق ئىدى. ئۇ موماي مەندىن ئىسمىمنى سورىدى. ئۇ چاغدا مەن تېخى سەن بىلەن كۆرۈشمىگەنىدىم. شۇڭا ئۇنىڭ مەن بىلەن پاراڭلىشالايدىغانلىقىغا بەكلا ھەيران بولدۇم. مېنىڭ بىلىشىمچە، دېلفىن ئىنسانلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرالمايتتى. لېكىن، مەن ئۇنىڭ گېپىنى چۈشىنىۋاتاتتىم، ئۇمۇ مېنىڭ مەقسىتىمنى بىلىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭغا ئىسمىم يوقلۇقىنى ئېيتتىم. «ھە، ئۇنداق بولسا، — دېدى ئۇ، — سېنىڭ ئىسمىڭ ئۇمۇ بولسۇن.» شۇ گەپتىن كېيىن ئۇ: «بىر ئۇمۇ، پەقەت بىرلا !» دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى.

ئارقىدىن ئۇ سەن توغرۇلۇق، سىلەر كۆرۈشكەن ئاشۇ كۈن توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى. ئۇ سېنىڭ ئىلگىرى پەرىشتەڭنى كېچە - كۈندۈز چاقىرغانلىقىڭنى، كېيىن پەرىشتەڭنى مەڭگۈ كۆرۈنمىگۈدەك، دەپ قارىغانلىقىڭنىمۇ ئېيتىپ بەردى.

— لېكىن...

— مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، سېنىڭ ئويلىغانلىرىڭ پۈتۈنلەي خاتا. سەن ھەر قېتىم چاقىرغاندا، پەرىشتەڭ پەيدا بولىدۇ. لېكىن، ئۇ سەن تونۇيالمىغۇدەك ھالەتتە پەيدا بولىدۇ، چۈنكى ئۇ سېنىڭ نۇرلۇق دۇنياغا كىرىشىڭنى، سەن بىلەن شۇ يەردە كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەگەر سەن نۇرلۇق دۇنياغا كىرەلىسەڭ، سىلەرنىڭ دوستلۇقۇڭلار مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ.

مەن دېلفىن ئۇمۇغا تىكىلگىنىمچە ئۇنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالاتتىم، خۇددى نەپەس ئالسام ئۇنىڭ گېپى ئۈزۈلۈپ قالىدىغاندەك، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئەمدى مەڭگۈ ئاڭلىيالمايدىغاندەك، نەپەس ئېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتىم.

دېلفىن ئومۇ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:
— لېكىن، سەن نۇرلۇق دۇنياغا كىرمەكچى بولساڭ، ئالدى بىلەن ئۆزۈڭ پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن سۆيۈشنى خالايدىغان دوستنى تېپىشىڭ كېرەك. موماينىڭ دېيىشىچە، ئۇ دوست مەن ئىكەنمەن.
موماي مېنىڭمۇ شۇنداق بىر دوستنى ئىزدەپ يۈرگەنلىكىمنى بىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. موماي نۇرلۇق دۇنيانىڭ گېپىنى قىلغاندا، يەنە مېنىڭ ئىسمىمنىڭ ئومۇ ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا، مەن ئەجەبلىنىپ كەتمىدىم، چۈنكى ئۇنىڭ ئالدىدا مەن ئاق قۇ بىلەن پاراڭلاشقانىدىم. شۇڭا، مەن ئۇنىڭدىن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قانداق بىلگەنلىكىنى سورىدىم. «مەن پەرىشتە، — دېدى ئۇ، — مەن پەرىشتە بىلەن دوست بولۇشنى خالايدىغان بىر بالا ۋە نۇرلىنىشنى ئارزۇ قىلىدىغان بىر دېلفىنغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن.»
پەرىشتە موماي گېپىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن بىرمۇنچە سوئال سورىدىم. سېنى قانداق تاپىدىغانلىقىمنى سورىدىم؛ مېھىر - مۇھەببەت بېرىش نېمە ئۈچۈن سەن بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامىدىكىلا ئىش بولۇپ قالغانلىقىنى، سەن باشقا باللارغا، مەن باشقا دېلفىنلارغا مېھىر - مۇھەببەت بەرسەم نېمىشقا بولمايدىغانلىقىنى سورىدىم؛ يەنە سەن بىلەن قانداق قىلسام پاراڭلىشالايدىغانلىقىمنى سورىدىم.
موماينىڭ دېيىشىچە، ئۆزۈن زامانلار ئىلگىرى ئىككىمىز نۇرلۇق دۇنيادا ئۇچراشقانىكەنمىز، ئىشقىلىپ ئۇ يەردە ئۇچراشقان ھەم بىر - بىرىگە مېھىر - مۇھەببەت بەرگەنلەر بۇ دۇنيادىمۇ چوقۇم ئۇچرىشىدىكەن ھەم بىر - بىرىگە مېھىر - مۇھەببەت بېرىدىكەن. شۇڭا، كىچىك ئومۇ، بىز ھەتتا بۇ ئىشنى بىلمىگەن تەقدىردىمۇ، بىر - بىرىمىزگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتىمىزنى ئۆزئارا تېپىشالايدىكەنمىز. ئارقىدىن موماي

سەن ماڭا يازغان خەتنى ئوقۇپ بەردى، ئەگەر مەن خالىسام، مېنى سېنىڭ يېنىڭغا باشلاپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— مۇنداق بولغاندا، مېنىڭ خېتىمنى سېنىڭ قەلبىڭگە يەتكۈزۈپ بەرگەن ھېلىقى ئاۋاز شۇ موماي بولدىغۇ؟

— توغرا دەيسەن... دېمەك، كىچىك ئومۇ، ئىككىمىزنىڭ ئۇچرىشىشى ئۈچۈن نۇرغۇن پەرىشتىلەر① ياردەم قىلىۋاتقان گەپ. بەزى پەرىشتىلەر مېنى دېڭىزنىڭ بۇ بۆلىكىگە جەلپ قىلىپ كەلگەن؛ بەزى پەرىشتىلەر سېنىڭ قەلبىڭگە دېلفىننى چاقىرغىن، دەپ شىۋىرلىغان؛ بەزى پەرىشتىلەر ئاق قۇنى يىراقتىن بۇ يەرگە باشلاپ كەلگەن؛ بەزى پەرىشتىلەر بالىنى دېلفىن بىلەن پاراڭلىشىشقا ئورۇنلاشتۇرغان... مانا شۇنداق بولغاچقا، بىز پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتۇق، كىچىك ئومۇ...

پەرىشتە موماي بۇ ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن ماڭا: «ئومۇ بىر ئارالدا تۇرۇپ سېنى چاقىرىۋاتىدۇ. مەن سېنى ھازىرلا ئۇنىڭ يېنىغا باشلاپ باراي، بولامدۇ؟» دېدى. مەن خۇشاللىق بىلەن بېشىمنى لىڭشىتتىم، ئۇ سۇغا كىرىپ چىرايلىق سۇ پەرىسىگە ئايلاندى، ئۇزۇن چاچلىرى قاپقارا، تېرىسى بىرونزا رەڭگىدە، كۆزلىرى يېشىل ياقۇتنىڭ ئۆزى. ئىككىمىز سەن تۇرۇۋاتقان ئارالغا قاراپ ئۇچقاندەك ئۈزۈپ كەتتۇق. ئۇ كېتىۋېتىپ بۇ ئىشنى ساڭا تىنماسلىقىمنى ئېيتتى. چۈنكى، سېنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىڭ پەرىشتەڭنى كۆرگەنلىكىڭ سەۋەبىدىن ئەمەس، نۇرنىڭ سەۋەبىدىن قوزغىلىشى كېرەك ئىكەن. شۇڭا، سەن پەرىشتەڭدىن ئۈمىدسىزلىنىپ قالغان ۋاقتىڭدا، مەن پەقەت سېنىڭ پەرىشتەڭنىڭ كۆرۈنمەسلىكىدە

① مۇسۇلمانلار پەرىشتىلەر ھەر خىل شەكىلدە بىرلا ۋاقىتتا ھەرقانداق يەردە پەيدا بولالايدۇ، جىنس ئايرىمىسى بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭا، بۇ ئەسەردىكى قۇللىرى قىپقىزىل موماي، سۇ پەرىسى، ئومۇ چۈشىدە كۆرگەن بوۋايلارنىڭ ھەممىسى پەرىشتىنىڭ تىمسالى.

مۇھىم بىر سەۋەب بار، دېگەن گەپنىلا قىلغان، ئارتۇق چۈشەندۈرۈش بەرمىگەنىدىم... بۇ ئىش مانا مۇشۇنداق، كىچىك تۇمۇ. قالغان ئىشلاردىن سېنىڭ خەۋىرىڭ بار.
— لېكىن... لېكىن، بۇ ئىشنى نېمىشقا ئەمدى سۆزلەپ بېرىپ يۈرىسەن؟
— ئۇنداق بولۇشى، ساڭا ئېيتىپ بەرمەكچى بولغان ئىككى خۇش خەۋەر بۇ ئىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك.
ئۇ بىرپەس تۇرۇۋالدى.
— ھىم... — دېدى ئۇ، ئاندىن بىر يۇتۇم سۇ ئىچتى.
— ئەمىسە تېزرەك سۆزلەپ بەرمەمسەن! — دېدىم مەن تىت - تىت بولۇپ.
— ئۇمۇ، ھى... بىرىنچى خۇش خەۋەر، مەن نۇرلىنىپ بولدۇم.
مەن قاتتىق ھەيران بولدۇم:
— نېمە؟ ! بۇ قاچان بولغان ئىش؟ قانداق نۇرلاندىڭ؟
— ئۈچ كۈن ئىلگىرى شۇنداق بولدى.
— ئۈچ كۈن ئىلگىرى؟ ماڭا نېمىشقا ئەمدى ئېيتىپ ئولتۇرىسەن؟ ئۆزۈڭ نۇرلىنىپ بوپسەن، لېكىن ماڭا ئېيتماپسەن!
— راست گەپنى قىلسام، سەنمۇ نۇرلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېيتماقچىدىم، لېكىن ھازىر ئېيتماي بولمىدى.
— ھازىر ئېيتماي بولمىدى؟ قېنى ئېيتقىنا، ئۆزۈڭنىڭ نۇرلىنىپ بولغانلىقىڭنى قانداق بىلدىڭ؟ ئېيتقىنا، زادى قانداق ئىش بولدى !
— ئالدى بىلەن، بىر ھەپتىلەر ئىلگىرى مەن قاقاس ئارالدىكى قولتۇقتا بىر لەھەڭنى كۆرۈپ قالدىم.
— لەھەڭ؟ مۇشۇ يەردە؟ !
— شۇنداق، ئۇلار دائىم مۇشۇ ئەتراپتا يۈرىدۇ. لېكىن، سېنى

قورقۇپ قالمىسۇن دەپ، مەن بۇ ئىشنى ساڭا ئېيتمىدىم.

— ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە ئىش يۈز بەردى؟

— مەن لەھەڭنى كۆرگەندە ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن قارىشىم كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇنداق قىلمىدىم. مەن ئاچچىقىم كەلگەندەك قارىماقچى بولدۇم، لېكىن ئۇنداقمۇ قىلالمىدىم. تېخى بۇمۇ ئاز كەلگەندەك، ئۇنىڭغا قاراپ «ساڭا نۇر ھەمراھ بولسۇن» دەپ ساپتىمەن. ئىشىنەمسەن، ئومۇ، مەن بىر لەھەڭگە شۇنداق سالام يوللاپتىمەن!

ھەممە ئىش ئەنە شۇ چاغدا يۈز بەردى. مەن تۇيۇقسىزلا لەھەڭنىڭ كۆزىدە بىر نۇرنى بايقاپ قالدىم! ئۇ پاك نۇر ئىدى! بۇنىڭدىن مەن ئۆزۈمنىڭ نۇرلىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىمنى چۈشەندىم. مەن خاتالاشمىغانىدىم.

ئۈچ كۈن ئىلگىرى كېچىدە، مەن بىر نۇرنىڭ كۆك باغرىنى يېرىپ ئۆتكەنلىكىنى كۆردۈم. باشتا ئۇنى ئاقار يۇلتۇز دەپ قاپتىمەن، لېكىن ئۇ ماڭا ئاستا - ئاستا يېقىنلاپ كەلدى، بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىپ، ئاخىرىدا مېنىڭ قەلبىمگە كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن...

— ئېيتقىنا، ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە ئىش يۈز بەردى؟

— ئۇ نۇر زۇۋانغا كېلىپ ماڭا گەپ قىلدى. «مەن سېنى ئىزچىل ئىزدەۋاتقان نۇر بولىمەن» دېدى ئۇ. «مەن نۇرنى ئىزدەۋاتقانىغۇ» دەي دەپ تۇرۇشۇمغا، ۋۇجۇدۇمغا كىرگەن نۇر قەلبىمنى بىردىنلا ماڭا نامايان قىلىپ بەردى. مېنىڭ قەلبىمدە ئىككى دېلفىن تۇراتتى، بىرسى قارىماققا ناھايىتى ياۋايى، بەدىنى قاپقارا ئىدى؛ يەنە بىرسى بولسا نۇردىن يارالغانىدى. نۇردىن يارالغان دېلفىن قارا دېلفىننى قوغلاشقا باشلىدى. ئىككىسى قوغلاشقاندا، ئىككى دېلفىن دەرھال بىر بولۇپ قالدى. دەل شۇ چاغدا دېلفىننىڭ بەدىنىدىن تۆگىمەس نۇر ئېتىلىپ چىقىپ مېنىڭ قەلبىمنى بۆلدى. راست، ھەممە يەر نۇرغا

چۈمۈلگەنىدى. چۈنكى، شۇ مىنۇتتا مېنىڭ ئىچكى دۇنيايىم ئۇزۇل - كېسىل نۇرلانغانىدى.

— پاھ ! پاھ !

— بولغان ئىش مانا مۇشۇ، كىچىك ئومۇ. مەن بۇ خۇشاللىقنى ئەسلىدە ساڭا كېيىن ئېيتماقچى بولغان، لېكىن ئۇنىڭغا ئىمكانىيەت بولمىغۇدەك، شۇڭا ھازىرلا ئېيتىۋەتتىم.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

ئۇ بېشىنى ساڭگىلاتتى:

— بۇ ساڭا ئېيتىپ بەرمىسەم بولمايدىغان ئىككىنچى خۇش خەۋەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئاندىن ئۇ كۆزۈمگە قاراپ تۇرۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئومۇ، ھازىر ماڭا ۋەدە بەرگىن، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، بولامدۇ؟ ماڭا ۋەدە بەرگىن، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، نۇرلىنىش نىيىتىدىنمۇ يېنىپ قالما.

— سەن زادى نېمە دېمەكچى، دېلفىن ئومۇ؟ بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى؟

— ھى… تۈنۈگۈن كەچتە بىر ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، تولىمۇ ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىكەن. ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالساڭ، سەنمۇ ياقتۇرۇپ قالىسەن. بىز بىردەم مۇڭداشتۇق… ئاندىن… ئاندىن ئۇ ماڭا بىر مەخپىيەتلىكنى ئېيتىپ بەردى…

دېلفىن ئومۇ گەپنى قانداق قىلىشنى بىلەلمىگەندەك بىرپەس تۇرۇپ قالدى.

— گەپ قىلساڭچۇ ! ئېيتقىنا، ئۇ قانداق مەخپىيەتلىك؟

— كۆڭلۈڭ يېرىم بولماس ھە؟

— ئېيتىۋەر، كۆڭلۈم يېرىم بولمايدۇ !

— ئۇنىڭ دېيىشىچە، ماڭا ۋەھىي كەپتۇ. شۇڭا… شۇڭا، مەن ۋەھىيگە بويسۇنمىسام بولمايدىكەن، بۈگۈن ئەتىگەن بۇ

دۇنيادىن...

— نېمە؟ ! بۇ قانداق گەپ؟

— دېمەكچى بولغىنىم، مېنىڭ بەدىنىم بۇ دۇنيادىن ئايرىلىدۇ.

— نېمە، نېمىلەرنى دەيدىغانسەن، دېلفىن ئومۇ؟ ئادەم ئۇققۇدەك بىرنېمە دېسەڭچۇ !

— كۆلگىنە، ئومۇ، بۇ سەن ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى. قارا، يۈزۈڭ پۈتۈنلەي قىزىرىپ كەتتى.

— ئۆتۈنۈپ قالاي، ئېيتقىنا، سەن زادى نېمە دېمەكچى؟

— ھى، مەن بۇ دۇنيادىن كەتمەكچى، ئەھۋال مانا مۇشۇنداق.

— نېمە؟ !

— مەن ئۆلۈپ كېتىمەن، لېكىن كۆڭلۈڭ يېرىم بولمىسۇن، مېنىڭ ھاياتىم ئاخىرلاشمايدۇ.

— نېمە ئىش بولدى، دېلفىن ئومۇ؟ ئېيتقىنا، زادى نېمە ئىش بولدى؟

— ئاخشام مەن بىلەن پاراڭلاشقان ئادەم بۈگۈن ئەتىگەن يۈز بېرىدىغان ئىشنى ئېيتىپ بەردى... بۈگۈن ئەتىگەن كۈن قاقاس تاغنىڭ ئۈستىگە كۆتۈرۈلگەندە مەن بىر نۇرنى كۆرىدىكەنمەن، ئۇ جەنۇبتىكى دېڭىزنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن كەلگەن نۇر ئىكەن، مەن شۇ نۇرغا ئەگىشىپ مېڭىشىم كېرەك ئىكەن. مەن ئۇنىڭ يول باشلىشىدا مېنى تۇتىدىغان تورنىڭ ئىچىگە ئۈزۈپ كىرىدىكەنمەن. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ پالاقچەم تورغا ئىلىنىدىكەن. مەن سۇدىن ئايرىلالمايمەن، سۇدىن ئايرىلسام نەپەستىن قالىمەن. لېكىن، ئۇزاققا قالمايلا ئىككى بېلىقچى يىگىت مېنى كېمىگە ئاچىقىۋالىدىكەن.

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر بېلىقچى: «ئۆلگۈر مەخلۇق ! تورنى كاردىن چىقىرىپتۇ !» دەپ، بولكا پىچىقىنى چىقىرىپ مېنىڭ بەدىنىمگە سانجىماقچى بولىدىكەن، مەن تورنى يىرتىۋەتكەچكە،

ئۇ ئاچچىقىنى مۇشۇ يول بىلەن چىقارماقچى بولىدىكەن. يەنە بىر بىلىقچى مېنىڭ تېرەمنىڭ كۆيىدىغان - كۆيمەيدىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن تاماكىنىڭ ئوتىنى تېرەمگە ياقىدىكەن.

ئۇلار بۇ ئىشلىرىدىن تازا خۇشال بولۇۋاتقاندا، مەن ئىختىيارسىز هالدا پىلتىڭلاپ كېتىدىكەنمەن، ئۇلار مېنى ئازابتىن تولغىنىپ كېتىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ، قاقاهلاپ كۈلۈشىدىكەن. بۇ ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگەن ئادەم مېنى مۇنداق ئاگاهلاندۇردى: ئۇلار ئىشلىرىنى تۈگىتىپ بولغۇچە، مەن ئۇلارنى چۆچۈتۈپ قويسام بولمايدىكەن. شۇڭا، گەرچە ئۇلار مېنى نۇر مەنبەسىگە باشلاپ بارىدىغان بولسىمۇ، ئۇلارغا بولغان مىننەتدارلىقىمنى چاندۇرماسلىقىم كېرەك ئىكەن. تېخىمۇ دىققەت قىلىدىغىنىم، ئۇلارغا قاراپ هەرگىز كۈلمەسلىكىم كېرەك ئىكەن، بولمىسا ئۇلار قورقۇپ كېتىپ، ئىشنى تۈگەتمەيلا مېنى دېڭىزغا تاشلىۋېتىشى مۇمكىن ئىكەن.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن، دېلفىن ئومۇ؟ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى بۇ؟ سەن بىلەن پاراڭلاشقان ئادەم بۇ ئىشلارنى قانداق بىلىدىكەن؟

— مۇنداق ئىشلارنى ئەجەل پەرىشتىسىدىن باشقا يەنە كىم بىلەتتى؟

— ئەجەل پەرىشتىسى؟

— شۇنداق، ئۇ ناهايىتى مېهرىبان ئادەم. ئۇ هەتتا مېنىڭ روهىمنى ئېلىپ كەتسە بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى سورىدى. مەن بۇنىڭدىن قاتتىق هەيران بولدۇم. لېكىن، ئۇ قەلبىتىكى نۇر بىلەن ئۇچراشماقچى بولغانلارغا نىسبەتەن، ئۇلارنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن ئاندىن روهىنى ئېلىپ كېتىشكە هوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

— سەن ئۇنىڭغا نېمە دېدىڭ؟ ئۇنىڭ مۇنداق قىلىشىغا رۇخسەت قىلمىدىڭ، شۇنداقمۇ؟ هازىرچە بۇ دۇنيادىن

ئايرىلالمايدىغانلىقىڭنى ئۇنىڭغا ئېيتتىڭمۇ؟ بۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان بىر بالىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى، ئۇ بالىنى يالغۇز تاشلاپ كېتىشنى خالىمايدىغانلىقىڭنى ئۇنىڭغا ئېيتتىڭمۇ؟ دېلفىن ئومۇ، قېنى ئېيتقىنا، ئۇنىڭ ئۇنداق قىلىشىغا يول قويمىغانسەن؟

دېلفىن ئومۇنىڭ سۈكۈتى ماڭا جاۋاب بولدى.

# قىران ئۇمۇ

## 27

— بىزگە ئازراق يورۇقلۇق بولمىسا بولمايدۇ، — دېدى ئەجەل پەرىشتىسى.

مەن گۆردىن چىققان چاغدىكىگە ئوخشاش، كۆز ئالدىمدىكى زۇلمەت ئىچىدە بىرنەچچە پارچە كۆل رەڭ بۇلۇت كۆرۈندى. كۆل رەڭ بۇلۇتنىڭ ئورنىنى نېپىز تۇمان ئالغاندا، ئۆزىنى ئەجەل پەرىشتىسى دەپ ئاتىۋالغان ھېلىقى ئادەمنى كۆز ئالدىمدىلا كۆردۈم. مەن ئۆزۈمنىڭ قەيەرگە كېلىپ قالغانلىقىمنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن بېشىمنى سەلگىنە كۆتۈردۈم. يەلكەنلىك كېمە يەنىلا گۈل ئارالغا يېقىن يەردە — بىز بايا يولغا چىققان يەردە تۇرۇپتۇ، كۈن ئۆز نۇرىنى چاچماقتا.

— ھېلىقى پاك قىزغا نېمە ئىش بولدى؟ — دېدىم ئەجەل پەرىشتىسگە بۇرىلىپ پەس ئاۋازدا.

— ئۇ ئۆزى ئارزۇ قىلغان ئىش بولدى. ئۇنىڭ ئون يەتتە يېرىگە خەنجەر ئۇرۇلدى، — دېدى ئۇ، — ئۇ بەدىنىگە خەنجەر ئۇرۇلغاندا قارشىلىق قىلمىدى، ئاۋازمۇ چىقارمىدى، بۇ ھالدىن قاتىللار بىرئاز قورقۇپ قالدى، قاتىللىق قىلغاندا ئۇلارنىڭ يۈرىكى ئەزەلدىن مۇنداق تىترەپ باقمىغانىدى. قىزنىڭ بەدىنىگە ھەر قېتىم خەنجەر سانجىلغاندا، كۆزلىرىدىن خۇشاللىق نۇرلىرى چاقنايتتى. ئەگەر قاتىللار ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقىنى ئازاب ئەمەس، خۇشاللىق ياشلىرى ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا، تۇتقان - قويغىنىنى بىلەلمەي، ئىشنى تۈگەتمەيلا بەدەر قاچقان بولاتتى.

لېكىن، ئۇلار قەلبىنى تېخىمۇ خۇنۇكلەشتۈرىدىغان بۇ ئىشنى تۇگىتىپ، ئۇنىڭ جەسىتىنى دېڭىزغا — ئۇ ھايات چاغدا بېرىشنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان يەرگە تاشلىۋەتتى.

— بولدى، — دېدىم مەن قەددىمنى رۇس تۇتۇپ، — ئەمدى جاۋاب بېرىدىغان ۋاقتىڭىز بولدى.

— نېمىگە جاۋاب بېرىمەن؟

— ھازىر ماڭا ھەممىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ۋاقتىڭىز بولدى. مەن ئۆزۈمنىڭ مەجبۇرىيىتىمنى ئۆتەپ بولدۇم. سىز مېنى كېمىگە چىق، دېدىڭىز، مەن چىقتىم؛ ئىسسىق سۈت ئىچ، دېدىڭىز، ئىچتىم. ئۇنىڭدىن باشقا، سىز مېنى جەسەتخانىغا ئەكىرىپ قويدىڭىز، تاۋۇتقا سالدىڭىز، مېنى ئۆزۈمنىڭ نامىزىغا ئېلىپ باردىڭىز، ھەتتا مېنى لەھەتكىمۇ ئېلىپ كىردىڭىز! مەن سىزنىڭ دېگىنىڭىزنى قىلدىم. سىز مېنىڭ ئۆزىڭىز بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشىمنى ئارزۇ قىلدىڭىز، مەن شۇنداق قىلدىم. سىز مېنى گاڭگىرىتىدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى دېدىڭىز، چۈشەنمىسەممۇ تېگى - تەكتىنى سورىمىدىم. ئەمدى ماڭا پاك قىز قەستكە ئۇچرىغان كۆرۈنۈشنى كۆرسىتىۋاتىسىز. لېكىن، مېنىڭ ئەمدى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. مېنىڭچە، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە بىر چۈشەنچە بېرىدىغان ۋاقتىڭىز كەلدى.

— سىز زادى نېمىلەرنى بىلمەكچى؟

— ھەممىنى، سىز ئۈچىنى چىقىرىپ قويۇپ ئايىغىنى دەپ بەرمىگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلگۈم بار، سىز مېنى نېمىشقا ئىزدەپ كەلدىڭىز، نېمىشقا مېنى ئۆلگىلى قويمايسىز؛ ئاشۇ ئۇنتۇلغان يازنى نېمىشقا تەرگەپ تۇرۇۋالىسىز، قانداق بىر ئىشنى ماڭا ئەسلەتمەكچى... سىز سۆزلەپ بەرگەن، مەن چۈشىنەلمىگەن ئاشۇ ئىشلار نېمە ئۈچۈن ماڭا شۇنچە قاتتىق تەسىر قىلىدۇ، يەنە كېلىپ شۇنچە تونۇش بىلىنىدۇ؛ ئەگەر دورا يەۋالمىسام، مەن قاچان ئۆلىمەن... قىسقىسى، مېنىڭ ھەممىنى بىلگۈم بار. لېكىن، مېنىڭ ھەممىدىن بەكرەك بىلگۈم

كېلىدىغىنى، مۇنداق ئىشقا نېمىشقا مەن ئۇچرايمەن؟ نېمىشقا؟ مەن زادى قانداق ئادەم، جېنىمنى ئېلىشتىن ئىلگىرى خۇددى ھېلىقى پاك قىزدىن سورىغاندەك، رۇخسەت قىلىدىغان ـ قىلمايدىغانلىقىمنى سورىغۇدەك؟ مەن زادى قانداق ئادەم، سىز ھەر ئاماللار بىلەن داۋاملىق ياشىتىشقا ئەرزىگۇدەك؟

مەن قانداق قىلىدىكىن دەپ، ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قارىدىم. ئەگەر جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرسا، ئۇنىڭغا ئامراق، ئۇنى ھۆرمەت قىلىدىغان، ھەتتا سۆيىدىغان بولسامۇ، ئەمدى ئاچچىقىمنى بېسىۋالالايدىغاندەك ئەمەس ئىدىم.

ئۇ كۆزلىرىمگە قاراپ كەتتى.

ــ نېمە ئويلاۋاتقىنىڭىزنى بىلىمەن، ــ دېدى ئۇ.

ئاندىن ئۇ يېنىمدا ئولتۇرۇپ مۇرەمگە ئۇرۇپ قويدى:

ــ ئەگەر خالىسىڭىز، ئەڭ ئاخىرقى مەسىلىدىن باشلاپ جاۋاب بېرەي... سىز نېمىشقا مۇنداق ئىشقا ئۇچرايسىز؟

مەن ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق نەزىرىدە قارىدىم.

ــ سىز نېمىشقا مۇنداق ئىشقا ئۇچرايسىز؟ نېمىشقا... ئەمەلىيەتتە، بۇ سوئالغا ئۆزىڭىزمۇ جاۋاب بېرەلەيسىز، ئومۇ، ئۇنىڭ جاۋابى تەس ئەمەس.

ــ سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي. سىز جاۋاب بېرىشكە ماقۇل بولغان.

ــ ماقۇل، ــ دېدى ئۇ، ــ سىزنىڭ مۇنداق ئىشلارغا ئۇچرىشىڭىز خۇدانىڭ ئىرادىسى. قاراڭ، سىزگە دېگەنغۇ، بۇنىڭ جاۋابى مۇشۇنداقلا ئاددىي.

ــ ئېيتىڭا، ــ دېدىم مەن، ــ بۇ نېمە ئۈچۈن؟ مېنىڭ سەۋەبىنى بىلگۈم بار.

ــ سەۋەبىنى ھازىرلا دەپ بەردىمغۇ، بۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى. بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق سەۋەب بولامدۇ؟

ــ ئۇغۇ شۇ. خۇدا مېنى نېمىشقا مۇنداق كويلارغا سالىدۇ؟

ــ شۇنداق كويلارغا سالسا نېمىشقا بولمايدىكەن؟

— ئۇ نېمىشقا مېنى مۇنداق كويلارغا سالىدۇ؟ مېنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان يېرىم بارمۇ؟ ئەگەر گەپ ھېلىقى پاك قىز ياكى بىرەر دانىشمەننىڭ ئۈستىدە كېتىۋاتقان بولسا، مەن بۇنىڭغا توغرا قارىشىم مۇمكىن ئىدى. لېكىن، قانداق بولۇپ بۇنىڭغا مەن توغرا كېلىپ قالدىم؟ مېنىڭ خۇدا بىلەن نېمە ئالاقەم بار؟ مەن دېگەن بىر شەخسىيەتچى، ئۇمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالغان دۇنيادىن بەزگۈچى، ھامان ھاياتتىن زارلىنىپ يۈرىمەن... خۇدا قانداق بولۇپ مەندەك ئادەم بىلەن ئالاقە باغلىسۇن؟

— بۇ خۇدانىڭ ئىلكىدىكى ئىش.

— ھە، ئۇنداقتا، خۇدا مېنىڭ غېمىمنى يېيىشتىن باشقا تۈزۈكرەك ئىش تاپالماپتۇمۇ؟ ئۇ مېنىڭ دورا يېيىش - يېمەسلىكلىرىمگە نېمىشقا كۆڭۈل بۆلۈپ كېتىدۇ، يەنە ئەجەل پەرىشتىسىنى مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەر ئېلىشقا ئەۋەتىدۇ؟ تولا كۈلگۈمنى كەلتۈرمەڭە !

— سىز خۇدا ھەربىرىمىزگە كۆڭۈل بۆلۈپ، بىزنى ھەر مىنۇت ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ قانىتى ئاستىغا ئېلىپ يۈرىدۇ، دەپ قارامسىز؟ دەل ئەكسىچە، پەقەت ئۇلۇغ ئادەملەرلا مۇشۇنداق قانات ئاستىغا ئېلىشقا موھتاج.

— مەيلى قانداق بولسا بولسۇن، بۇ مەسىلىنى يەنە تالىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئەمدى كېيىنكى سوئالىمغا جاۋاب بېرىڭ.

— بولىدۇ، — دېدى ئۇ، — ئەمدى سىزنىڭ ئۆلىدىغان ۋاقتىڭىز توغرۇلۇق گەپكە كېلەيلى... ئەگەر دورا ئىچمىۋالمىسىڭىز، سىز 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت 17 دىن 53 مىنۇت ئۆتكەندە ئۆلىسىز.

— 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى؟ بۇ يىل 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىمۇ؟ يەنە بىر يېرىم ئايدىن كېيىن؟

ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى.

— لېكىن، مەن نېمىشقا ئۆلۈپ كېتىمەن؟ مەن قانداق ئۆلىمەن؟ نېمە سەۋەبتىن ئۆلىمەن؟

— سىزنىڭ كېسىلىڭىز... تۇرۇپ - تۇرۇپلا تارتىشىپ قالىدىغان ئىشىڭىز...

«مېنىڭ كېسىلىمنى قانداق بىلىسىز» دەپ سورىماقچى بولدۇم - يۇ، يەنىلا نەق گەپنى سورىدىم:

— مېڭەمدە ئۆسمە دېگەندەك نەرسە بارمىكەن؟

— مەن دوختۇر ئەمەس، ئومۇ. بايا دېگىنىمدەك، ئۆزۈمنىڭ ئاڭلىغانلىرىنىلا بىلىمەن. ئاڭلىشىمچە، سىز 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت 17 دىن 53 مىنۇت ئۆتكەندە ئۆلىسىز.

ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئۆلىدىغان ئېنىق ۋاقىتىمنى ئاڭلىغاندا، مەندە غەلىتە بىر تۇيغۇ پەيدا بولدى. مۇرىلىرىم سالپىيىپ چۈشتى، ئۆزۈمنى قىيىن بىر ئەھۋالدا قالغاندەك ھېس قىلدىم. ئويلاپ باقسام، ئۆزىنىڭ ئۆلىدىغان ۋاقتىنى بىلىش ئېغىر ئىش ئىكەن. ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغىنىڭنى بىلىسەن... لېكىن، ئۇنىڭغا ئامال قىلالمايسەن... تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى، سېنى بۇ يامان ھالغا قويغىنى چەكسىز مېھىر - شەپقەتلىك ھەم نامى كېسەل سالىدۇ؛ سەن ئۆلۈۋالماقچى بولغاندا، ئۇ يەنە ئەجەل پەرىشتىسىنى ئەۋەتىپ سېنىڭ ئىشىڭغا ئارىلىشىدۇ، سېنى ئەخمەق قىلىدۇ. ئاندىن ئۇ بىر ئامالالار بىلەن سەندە ھاياتقا بولغان تەشنالىقنى ئويغىتىپ، ساڭا ھاياتىنىڭ ئازراق بولسىمۇ مەنىسىنى تونۇتىدۇ. ئارقىدىن سەن ئۆلۈۋېلىشتىن يالتايغان ۋاقتىڭدا، ئۇ مەيلى قانداقلا قىل، يەنە بىر يېرىم ئايلا ئۆمرۈڭ قالغانلىقىنى ساڭا بىلدۇرۇپ قويىدۇ. مانا بۇ خۇدانىڭ مېھىر - شەپقىتى!...

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئەجەل پەرىشتىسىگە قولۇمنى

ئۈزارتتىم:
— سىزنىڭ مەن ئۈچۈن قىلغانلىرىڭىزغا رەھمەت، دوستۇم. سىز بىلەن تونۇشقىنىمغا تولىمۇ خۇشالمەن. مەن راست گېپىمنى قىلىۋاتىمەن، ماڭا ئىشىنىڭ. بەلكىم خاتالىشىۋاتقاندىمەن، لېكىن سىزنى مېنى ياخشى كۆرىدۇ، دەپ ئىشىنىمەن. مۇشۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن. لېكىن، مەن هازىر ئۆلۈشۈم كېرەك.
— بۇنىڭغا ئۆزىڭىز بىرنېمە دەڭ، ئومۇ، — دېدى ئەجەل پەرىشتىسى، — لېكىن بىرنەرسە ئېسىڭىزدە بولسۇن، سىزگە باشقىچە تاللاش ئىمكانىيىتىمۇ بار، ئۆلۈمنىڭ ئورنىغا مەڭگۈلۈك ياشاشنى دەسسىتەلەيسىز. سىزگە يەنە مەڭگۈلۈك هاياتلىق شىفىرىنى يېشىش ئىمكانىيىتى بار.
— مەڭگۈلۈك هاياتلىق، بىلىمەن... — مەن هەسرەتلىك كۈلدۈم، — مېنى لەھەتكە ئېلىپ كىرگەندە مەڭگۈلۈك هاياتلىق شىفىرىنىڭ گېپىنى قىلغاندىڭىز، شۇنداقمۇ؟ يەنە شۇ شىفىرنىڭ گېپىمۇ؟
مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.
— پەقەت يەر شارىدا ياشاۋاتقاندىلا مەڭگۈلۈك هاياتلىق شىفىرىنى يېشەلەيدىغانلىقىمنى ئۆزىڭىز ئېيتقاندىڭىز، ئەمدى قويۇپ يېقىندا ئۆلىدىغانلىقىمنى ئېيتتىڭىز...
— مۇشۇ دۇنيادا تۇرۇۋاتقان ئەۋلىيا سىزنى مەڭگۈلۈك هاياتلىققا ئېرىشتۈرەلەيدۇ. ئۇ ئەۋلىيانى تاپالىسىڭىزلا مەڭگۈلۈك هاياتلىق شىفىرىنى دەرھال يېشەلەيسىز.
— ۋوي، شۇنداقمۇ؟
— ئەۋلىيالار ھەققىدىكى ھېكايە ئېسىڭىزدىمۇ؟ — سورىدى ئۇ بىرپەستىن كېيىن.
— ياق، ئېسىمدە يوق.
— ئېسىڭىزدە بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا

بىر نۇرلۇق دۇنيا بولغانىكەن، ئۇ دۇنيادا سانسىزلىغان ئەۋلىيالار ياشايدىكەن، ئۇ يەردىكى ھەممە نەرسە مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئىگە ئىكەن. بىر كۈنى نۇرلۇق دۇنيادىكى نۇرغۇن ئەۋلىيالار بىزنىڭ دۇنياغا ئېكسكۇرسىيەگە كېلىپ، يەر شارىدا كۆڭۈللۈك سەيلە قىپتۇ. لېكىن، ئۇلار ئۇزاققا قالمايلا بىزنىڭ دۇنيادا ھەممە نەرسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بايقاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار نۇرلۇق دۇنياغا قېچىپ كېتىپتۇ، پەقەت بىرسىلا بۇنىڭ سىرتىدا ئىكەن. ئۇ ئەۋلىيا ھازىرغىچە مۇشۇ يەردە ئىكەن! ئۇ توختىماي دۇنيانى ئايلىنىپ يۈرىدىكەن، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقانلىكى نەرسە مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئېرىشىدىكەن. ھەممە نەرسە يوقىلىپ كېتىدىغان بۇ دۇنيادا ئاشۇ ئەۋلىيانىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشىڭىزلا، ھەممە نەرسىنى تۇتۇپ قالالايدىكەنسىز، چۈنكى ئۇ ئەۋلىيانىڭ قولىدا مەڭگۈلۈك ھاياتلىقنىڭ شىفىرى يېزىقلىق ئىكەن. ئۇمۇ، سىز تېخى بالا ۋاقتىڭىزدا ئۇ ئەۋلىيانى كۆرگەن.

— مەن قانداقتۇر ئەۋلىيانى كۆرۈپ باقمىغان، بۇ ھېكايىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان، — دېدىم مەن، — كەچۈرۈڭ، مەن ماڭاي. سىزگە يەنە بىر گەپنىمۇ دەپ قوياي، مەن دورا يېگەندىن كېيىن قالغان ئىشلارنى ئۆبدان قىلارسىز.

— كېتىشتىن ئىلگىرى ئۇنتۇلغان يازغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئاڭلىغۇڭىز بارمۇ؟

— ئۇنى ھازىر ئاڭلىغىنىمنىڭ نېمە پايدىسى؟

— مېنىڭ نېمىشقا بۇ يەرگە كەلگىنىمنى بىلگۈڭىز يوقمۇ؟

— مېنىڭ ئەمدى ھېچنېمىنى بىلگۈم يوق.

— ئۆزىڭىزنىڭ نېمىشقا بۇ يەرگە كېلىپ قالغىنىڭىزنى بىلگۈڭىز بارمۇ؟

— مەن ماڭاي.

— ئۇنداقتا، «ئۈمىد دەستۇرى»نى قانداق قىلىسىز؟ بۇ كىتاب

سىزگە ھاۋالە قىلىنغان، ئۇنى تېگىشلىك ئىگىسىگە ئۆتكۈزۈۋېتىشىڭىز كېرەك.
«ئۇ كىتابنى ماڭا ھېچكىم ھاۋالە قىلمىغان» دېمەكچى بولۇۋېتىپ، سۇ پەرىسى بىلەن دەسلەپ ئۇچراشقاندا ئۇنىڭ ماڭا قىلغان گېپى تۇيۇقسىز ئېسىمگە كېلىپ قالدى: «ئۇنداق قىلما، ئومۇ ! ھېلىقى كىتابنى تېگىشلىك ئىگىسىگە تاپشۇرمىغۇچە ئۆلسەڭ بولمايدۇ.»
سۇ پەرىسىنى كۆرگەندىن بۇيان يۈز بەرگەن بارلىق ئىشلار شۇ زامان كاللامدىن ئۆتۈشكە باشلىدى: ئۇ ماڭا ئۆلسەڭ بولمايدۇ، دېدى، ئەجەل پەرىشتىسى مېنىڭ جېنىمنى ئېلىپ كېتىشنى خالىمايۋاتىدۇ... ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر كىتابنىڭ گېپىنى قىلىپ، مېنى «ئويلاپ بېقىش»قا دەۋەت قىلىدۇ، ئۇلار مەن بىلەن دوست بولماقچى، يەنە كېلىپ، ھەممىنى تۇتۇپ قېلىش توغرۇلۇق سۆزلەيدۇ... مەن ئەجەل پەرىشتىسى بىلەن دەسلەپ ئۇچراشقاندا، ئۇ مېنى «ئۈمىد بالىسى» دەپ ئاتىغان؛ ھازىر يەنە «ئۈمىد دەستۇرى» دېگەن كىتابنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىدۇ...
مەن ئەجەل پەرىشتىسىگە ئۆتۈنۈش نەزىرىدە قارىدىم:
— مۇنداق ئىشقا نېمىشقا مەن ئۇچرايمەن؟ نېمىشقا؟ مېنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان يېرىم بارمۇ؟
— سىزنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان يېرىڭىز يوق، ئومۇ. لېكىن، سىزنىڭ ئاشۇ نىشانىڭىز بار، يەنە كېلىپ، سىز شۇنىڭغا موھتاج، سىز ئۇنىڭغا تولىمۇ موھتاج.
— نېمە نىشان ئىكەن ئۇ؟ مەن نېمىگە موھتاج؟
ئۇ گېپىمگە جاۋاب بەرمىدى.
— بۇنىڭ جاۋابى ھېلىقى ياز بىلەن بىللە ئۇنتۇپ كېتىلدى، شۇنداقمۇ؟ — سورىدىم مەن پەس ئاۋازدا، — ھەممە نەرسىنى ئاشۇ ئۇنتۇپ كېتىلگەن ياز ئۆز قوينىغا ئېلىۋالدى، شۇنداقمۇ؟

ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى:
— ھەممىنى. سىز ئاشۇ ئەۋلىيا بىلەن ئاشۇ يازدىكى ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتكەچكە، دورا يەپ ئۆلۈۋالماقچى بولغان.
مەن ئولتۇردۇم.
— قولىقىم سىزدە، — دېدىم مەن، — ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئاشۇ يازدا زادى نېمە ئىشلار بولغان، ماڭا بىر ئېيتىپ بېرىڭا.

# بالا ئومۇ

## 27

— ياق، بولمايدۇ! — مەن ۋارقىرىۋەتتىم، — ئەجەل پەرىشتىسىنىڭ ئۇنداق قىلىشىغا يول قويساڭ بولمايدۇ!

— ئۆتۈنۈپ قالاي، ئومۇ، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ئۇنداق قىلساڭ مېنىڭمۇ كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ. بىز بىلىمىزغۇ، پەقەت مېھىر - مۇھەببەتلا بۇ دۇنيادىن كەتمەيدۇ. شۇڭا، ھازىر كېتىدىغىنى پەقەت مېنىڭ جىسمىم.

— مېنىڭ سېنى قويۇپ بەرگۈم يوق، قويۇپ بەرگۈم يوق!

— ئومۇ، مېنىڭ كۆزۈمگە قاراپ تۇرۇپ جاۋاب بەر. سېنىڭ مېنى ياخشى كۆرۈشۈڭ نۇرنىڭ سەۋەبىدىنمۇ؟

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.

— ئۇنداق بولسا خۇشال بولساڭ بولغۇدەك، ئىنتايىن خۇشال بولساڭ بولغۇدەك. چۈنكى، مۇشۇ خىل مېھىر - مۇھەببەتنى ساقلىساڭ، يەنە كېلىپ ئۇنى بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتۇرساڭ، ئۇزاققا قالماي قەلبىڭدىكى نۇر بىلەن ئۇچرىشىسەن، ئۇ چاغدا بىز نۇرلۇق دۇنيادا ئۇچرىشىمىز.

— مېنىڭ ئۇ ۋاقىتنى ساقلىغۇم يوق! بۈگۈن سەندىن ئايرىلمايمەن، سەندىن ھېچقانداق ۋاقىتتا ئايرىلغۇم يوق! سەندىن بىر سېكۇنتمۇ ئايرىلمايمەن!

مەن چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىۋالدىم:

— مەن سەن بىلەن مەڭگۈ بىللە بولىمەن، ئاشۇ ئارمىنىمغا يېتەلمىسەممۇ مەيلى!

— بۇ نېمە دېگىنىڭ، ئومۇ؟

— مەن ئۆلۈۋالىمەن. شۇنداق، مەن ھازىرلا شۇنداق قىلىمەن. ئىككىمىز بۇ يەردىن بىللە كېتىمىز، مەڭگۈ ئايرىلمايمىز.

— مۇنداق دېسەڭ قانداق بولىدۇ؟

— دېلفىن ئومۇ، گېپىمنى چۈشەنمەيۋاتامسەن؟ مېنىڭ سەنسىز ياشىغۇم يوق.

— ئۇنداق دېمىگىن. ماڭا مېھىر - مۇھەببىتىڭ بولسىلا، مەن سەندىن ئايرىلمايمەن، چۈنكى مېھىر - مۇھەببەت ھەممىنى تۇتۇپ قالالايدۇ.

— لېكىن ئۇ سېنى تۇتۇپ قالالمايدۇ، — دېدىم مەن، — ئۇ سېنى ئېلىپ قالالمايدۇ!

— كېتىدىغىنى پەقەت گۆش بىلەن ئۇستىخانلا بولىدۇ، ئومۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، سەن ئۆلۈۋالساڭ، بىز بىللە بولالارمىزمۇ؟

— نېمىشقا بولالمىغۇدەكمىز؟

— ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغۇچىلار نۇرلۇق دۇنياغا كىرەلمەيدۇ. مۇنداق قىلىشنىڭ قانداق ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ساڭا ئايان.①

مەن ئۈندىمىدىم.

— قېنى ئېيتقىنا، تېزرەك ئېيتقىنا، سەن ئۆلۈۋالمايسەن، — دېدى دېلفىن ئومۇ.

— ئەگەر سەن داۋاملىق ياشىساڭ، مېھىر - مۇھەببەت بىلەن ياشىساڭ، بىز ئۇزاققا قالماي كۆرۈشىمىز.

① ئىسلام دىنى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا قارشى، ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ئۆزى ئاخىرلاشتۇرۇش ھوقۇقى يوق، دەپ قارايدۇ. «قۇرئان كەرىم»نىڭ 4 ـ سۈرە 29 ـ ئايەت: «سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرۈۋالماڭلار. ئاللا ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر.» يەنە «قۇرئان كەرىم»نىڭ 3 ـ سۈرە 145 ـ ئايەت: «ھېچ كىشى ئاللانىڭ ئىرادىسىسىز ئۆلمەيدۇ، ئاللا ھەر ئادەمنىڭ ئەجىلىنى پۈتۈۋەتكەن.»

— راستمۇ؟ — سورىدىم پەس ئاۋازدا.
— ئەلۋەتتە راست بولىدۇ - دە.
— بىز چوقۇم بىللە بولىمىزمۇ؟
دىلفىن ئومۇ خۇشاللىق بىلەن باش لىڭشىتتى، دىلفىنلارغا خاس كۈلۈمسىرىدى.
— ۋەدە بېرەلەمسەن؟
— ۋەدە بېرەلەيمەن، — دېدى ئۇ، — كۆڭلەرنىڭ بىرىدە چوقۇم كۆرۈشىمىز. بۇ قېتىم بىز مەڭگۈ ئايرىلمايمىز. بىزگە تەۋە بىر نۇرلۇق ئارال بار، بىز ئۇ ئارالدا مېھىر - مۇھەببەتنىڭ چەكسىزلىكىنى كۆرىمىز. مېھىر - مۇھەببەت نۇرنىڭ مەنبەسىدۇر.
ئاندىن ئۇ مېنىڭ كۆزلىرىمگە تىكىلدى.
— ئەمدى ماڭا ۋەدە بەرگىن، — دېدى ئۇ، — ماڭا ۋەدە بەرگىن، سەن ئۆلۈۋالمايسەن.
مەن بېشىمنى يەرگە قىلدىم.
— بولىدۇ، — دېدىم پەس ئاۋازدا، — مەن ئۇنداق قىلمايمەن.
— ئەمدى مېنىڭ جىسمىم خاتىرجەم كېتىدىغان بولدى، — دېدى دىلفىن ئومۇ، — ئەمىسە... «نۇر ھەمراھ بولسۇن» دەپ خوشلاشايلى.
ئۇ كېمىگە سەكرەپ چىقتى، پالاقچىسى بىلەن مەڭزىمنى سىلاپ قويۇپ، مېنى قۇچاقلىدى. مەنمۇ ئۇنى ئۇن - تىنسىز چىڭ قۇچاقلىدىم، قويۇۋەتكۈم كەلمىدى.
ئەگەر سەن ئىلگىرى بىر دىلفىن بىلەن پۈتۈن بىر يازنى بىللە ئۆتكۈزگەن بولساڭ، ئۇنىڭ بىلەن قول تۇتۇشۇپ نۇر تامان سەپەر قىلغان بولساڭ، يەنە كېلىپ ئۇنى چىن يۈرىكىڭدىن سۆيسەڭ، ھەر قېتىم ئۇنىڭغا قارىغاندا ئۆزۈڭنىڭ ئەكسىنى كۆرسەڭ، لېكىن كېيىن بېرىپ ئۇنىڭ ئۆلىدىغانلىقىنى ئاڭلىساڭ، مېنىڭ شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىمنى ئاندىن

چۈشىنەتتىڭ.
— ساڭا يەنە بىر ئىشنى ئېيتىپ بېرەي، — دېدى دېلفىن ئومۇ، — سەن هازىر هېلىقى كىتابنى ئېچىپ ئوقۇساڭ بولىدۇ. ئەجەل پەرىشتىسىنىڭ دېيىشىچە، ئۇ بۇگۈن كېچىدە بىر بوۋاينىڭ جېنىنى ئېلىپ كېتىدىكەن. ئۇ ساڭا يەتكۈزۈپ قويۇشۇمنى تاپىلىدى، گۈل ئارالغا كۆمۈپ قويغان هېلىقى كىتابنى ئەتىلا ئېچىپ ئوقۇساڭ بولىدىكەن.
مەن ئۇندىمىدىم، ئۇ كىتابقا هازىر قىزىقماس بولۇپ قالغانىدىم.
— سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، — دېدى دېلفىن ئومۇ ماڭا قاراپ تۇرۇپ، — ئۆتۈنۈپ قالاي... ئۇ كىتابنىڭ ئىسمى «ئۇمىد دەستۇرى»، پەرىشتە بىلەن دوست بولغان بىر بالا يېزىپ چىققان. مەن نۇرلانغاندا، مېنىڭ پەرىشتەم كېلىپ ئۇ كىتابنى ماڭا ئوقۇپ بەردى. ئۇ كىتابتىكى هېكايە ئىككىمىزنىڭ هېكايىسىگە بەك ئوخشايدىكەن. ئۇنىڭدىكى ئىشلار مۇشۇ دۇنيادا يۈز بەرگەن، لېكىن بۇ دۇنياغا تەۋە ئەمەس ئىكەن.
— ئۇنداقتا، ئۇ ۋەقەلىكمۇ ئايرىلىش بىلەن تاماملىنىدىكەن - دە، — دېدىم مەن يىغلىۋېتىشتىن ئۆزۈمنى ئاران تۇتۇپ.
— قەيەردە مېهىر - مۇھەببەت بولىدىكەن، شۇ يەردە ئۆلۈم ۋە ئايرىلىش بولمايدۇ، — دېدى ئۇ، — ھەممىمىز ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك بىر هېكايە ئىچىدە ياشايمىز، ئومۇ. لېكىن، گەپنىڭ راستىنى قىلغاندا، ھەممە نەرسە سېنىڭ قەلبىڭدە ياشايدۇ. قوللىرى قىپقىزىل موماي، ئاق قۇ ئومۇ ۋە مەن، ھەممىمىز سېنىڭ قەلبىڭدە ياشايمىز، يەنە كېلىپ، مەڭگۈ ياشايمىز. شۇڭا، بىزنىڭ هېكايىمىز مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدۇ.
— لېكىن، سەن كەتكەندىن كېيىن مەن قانداق قىلسام نۇرلىنالايمەن ۋە سېنى تاپالايمەن؟
— مېهىر - مۇھەببەت، ئومۇ، بۇنىڭغا پەقەت مېهىر - مۇھەببەتلا كېتىدۇ. لېكىن، سېنىڭ مېهىر - مۇھەببىتىڭ

شەكسىز چىن بولۇشى كېرەك. سەن ئائىلەڭدىكىلەرگە، ساۋاقداشلىرىڭغا، مۇئەللىملىرىڭگە، يەنە دېڭىزغا، چايكىلارغا، دېڭىز شامىلىغا... پۈتۈن مېھىر - مۇھەببىتىڭنى بېرىشىڭ كېرەك. ھەتتا مېنىڭ جىسمىمنى سېنىڭدىن ئايرىۋەتكەن ئىككى بىلىقچىغىمۇ مېھىر - مۇھەببىتىڭنى بېرىشىڭ كېرەك. سېنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىڭ ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، قەلبىدىكى نۇرغا تەئەللۇق... مەيلى قانداق ئادەم ياكى قانداق نەرسە بولسۇن، ھەممىسىگە مېھىر - مۇھەببەت بېرىشىڭ كېرەك. مېنى قانچىلىك سۆيسەڭ، بارلىق ئىمكانىيىتىڭ بىلەن ھەممە نەرسىنى شۇنچىلىك سۆي... سەن مېنى قەلبىمدىكى ئاشۇ نۇر بىلەن تويۇقسىز ئۇچراشتۇرۇپ قالار، دەپ، قانداقتۇر مۆجىزىدىن ئۈمىد كۈتمە. قەلبىڭدە مېھىر - مۇھەببەتلا بولىدىكەن، سېنىڭ دېلفىن بىلەن پاراڭلىشىشىڭ، نۇرلىنىپ بولغان ئاق قۇ ۋە ئانار يەۋاتقان پەرىشتە بىلەن ئۇچرىشىشىڭ، يەتتە ئارالنى ئايلىنىپ ئۈزۈپ يۈرگەن سۇ پەرىسى بىلەن ئۇچرىشىشىڭنىمۇ زۆرۈرىيىتى يوق. مېھىر - مۇھەببەت بېرىپ جاۋاب تەلەپ قىلماسلىقنىڭ ئۆزى ئەڭ چوڭ مۆجىزە. شۇنداق قىلالىساڭلا، قانداقتۇر مۆجىزىلەردىن ئۈمىد كۈتۈشۈڭنىڭ ھاجىتى يوق، بارلىق مۆجىزە دېگەنلەر سەن ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز تۇيۇلىدۇ. يەنە بىرسى، بىزنىڭ قايتا جەم بولۇشىمىزمۇ خۇدانىڭ ئارزۇسى، چۈنكى خۇدانىڭ ئۆزى مېھىر - مۇھەببەتتۇر.①

— مەن سېنى سۆيىمەن، — دېدىم مەن بۇرنۇمنى تارتىپ تۇرۇپ، — سەن بىلەن يەنە جەم بولۇش ئۈچۈن، سېنى قانچىلىك

---

① «ئىنجىل . ئەھدى جەدىت» «يوھاننىڭ بىرىنچى مەكتۇپى»نىڭ 4 - بابىغا قاراڭ: «قەلبىدە مېھىر - مۇھەببەت بولمىغان ئادەم خۇدانى تونۇمايدۇ، چۈنكى خۇدانىڭ ئۆزى مېھىر - مۇھەببەتتۇر... ئەگەر بىز بىر - بىرىمىزگە مېھىر - مۇھەببەت بەرسەك، خۇدا ھامان بىز بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇنىڭغا مېھىر - مۇھەببەت بەرگەن قەلبىمىز بىزنىڭ ئىچىمىزدە ۋايىغا يېتىدۇ... خۇدانىڭ ئۆزى مېھىر - مۇھەببەتتۇر، مېھىر - مۇھەببەت ئىچىدە تۇرغان ئادەم خۇدانىڭ ئىچىدە تۇرغان بىلەن پاراۋەر، خۇدامۇ ئۇنىڭ ئىچىدە تۇرىدۇ.»

سۆيسەم، بارلىق ئىمكانىيىتىم بىلەن ھەممە نەرسىنى شۇنچىلىك سۆيىمەن.
دېلفىن ئومۇ كۈلۈمسىرىدى، كۆزلىرىدىن بەخت پارلىدى. بىلىپ تۇرۇپتىمەن، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى بەخت ھەرگىزمۇ ھېلىقى بەخت ئىسسىملىك ئەۋلىيا قالدۇرۇپ كەتكەن خۇش پۇراق ئەمەس، ئۇ بەختىنىڭ ئۆزى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، مېنىڭ كۆزۈم ياشقا تولغانىدى.
— ۋاقتى بولۇپ قالدى، — دېدى دېلفىن ئومۇ، — ئەمدى مېنىڭ جىسمىم ماڭىدۇ. لېكىن، ئېسىڭدە بولسۇن، مېنىڭ قەلبىم يەنىلا نۇرغا قاراپ سەپەر قىلماقتا، سەن مەڭگۈ غېرىبسىنىپ قالمايسەن.
مەن بېشىمنى ساڭگىلاتتىم.
— ساڭا نۇر ھەمراھ بولسۇن، ئومۇ! — دېدى ئۇ.
— ساڭا نۇر ھەمراھ بولسۇن، ئومۇ! — دېدىم مەن.
شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ دېڭىزغا سەكرىدى...

# قىران ئۇمۇ

## 28

ئەجەل پەرىشتىسى چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قويۇپ ئېغىز ئاچتى:

— مەن ئالدى بىلەن سىزدىن ئەپۇ سورايمەن، ئۇمۇ. سىزنىڭ ئاشۇ يازدىكى ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىشىڭىز مېنىڭ سەۋەبىمدىن بولغان.

— سىزنىڭ سەۋەبىڭىزدىن بولغان؟ بۇ قانداق گەپ؟

— مەن سىزنىڭ بىردىنبىر دوستىڭىزنى سىزدىن ئايرىۋەتكەن.

— بىردىنبىر دوستۇمنى؟ نېمىلەرنى دەيدىغانسىز؟

— گېپىمگە ئوبدان قۇلاق سېلىڭ، — دېدى ئەجەل پەرىشتىسى، — سىنتەبىرنىڭ بىر سەھەر ۋاقتى سىز دوستىڭىز دېگەن ئىشنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، سافاغا ئولتۇرۇپ گۈل ئارالغا قاراپ ماڭدىڭىز، سىز ئارالغا كۆمۈپ قويغان ھېلىقى كىتابنى ئالماقچىدىڭىز. سىز دوستىڭىزنى تېپىش ئۈچۈن دېڭىز دولقۇنلىرىغا ئىنچىكىلەپ سەپسالدىڭىز، چۈنكى سىزنىڭ ئالدىنقى كۈنى ئاڭلىغان گەپلەرگە ئىشەنگۈڭىز كەلمىگەنىدى. سىز ئۇزاق ساقلىدىڭىز، ئۇنى ئىلگىرىكىگە ئوخشاش تۇيۇقسىز سۇ يۈزىگە چىقىدۇ، مېنى توختىماي ئايلىنىدۇ، دەپ ئويلايتتىڭىز. لېكىن، سىزنىڭ كۆرگىنىڭىز پەقەت دېڭىز دولقۇنلىرى، ئاڭلىغىنىڭىز پەقەت شامال ئاۋازى بولدى. ئەگەر يىغلىيالىغان بولسىڭىز، ئىش باشقىچە بولۇشى مۇمكىن ئىدى، لېكىن سىز يىغلىيالمايتتىڭىز، چۈنكى سىز ئۆزىڭىزنى

يوقاتقانىدىڭىز.

بۇ ئىش سىز ئۇچۇق دېڭىزغا كەلگەندە يۈز بەرگەن. سىز ئۇ يەردە دېلفىن ئومۇنىڭ جەسىتىنىڭ دولقۇنلار ئارىسىدا ياتقانلىقىنى كۆردىڭىز، ئۇنىڭ بەدىنى قىيما - چىيما بولۇپ كەتكەن، بېغىر رەڭ تۇسكە كىرىپ قالغانىدى. سىز يىغلىمىدىڭىز، دېڭىزغا سەكرەپ چۈشۈپ ئۇنى قۇچاقلايدىغان ئىشنىمۇ قىلمىدىڭىز، لېكىن بېشىڭىز قېيىشقا باشلىدى. سىز مىڭ تەستە كېمىنىڭ بېشىنى بۇراپ، پۈتۈن سۈرئەت بىلەن قىرغاققا قاراپ ماڭدىڭىز.

سىز قىرغاققا چىقىپلا يۈگۈرۈشكە باشلىدىڭىز، خۇددى بۇ دۇنيادىن چىقىپ كەتمەكچى بولغاندەك، قالايمىقان، نىشانسىز يۈگۈردىڭىز. سىز ھەرقانداق ئادەمدىن تېز يۈگۈرسىڭىز ھاۋا بىردىنلا ئوتتۇرىدىن ئايرىلىدىغاندەك، سىز باشقا بىر دۇنياغا كىرىپ، ئۇ يەردىن دوستىڭىزنى تاپالىشىڭىز مۇمكىندەك تۇيغۇدا ئىدىڭىز. لېكىن، سىز يۈگۈرۈپ ھاردىڭىز، نەپەسلىرىڭىز ئۈلاشماي قالدى. ئاخىرىدا ھوش - كاللىڭىزنى يوقاتقان ھالدا ئۆيگە قايتتىڭىز، ئۆيدىكىلەر سىزنىڭ چىرايىڭىزنىڭ ئاقىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئاندىن خۇددى ئۆيدىكىلىرىڭىز سىزگە دەپ بەرگىنىدەك، سىز ئۇچۇق دېڭىز تەرەپنى كۆرسىتىپلا، ھوشىڭىزدىن كېتىپ يەرگە يىقىلدىڭىز.

بولغان ئىشلار مانا مۇشۇ، ئومۇ. قالغان ئىشلارغا كەلسەك، ھەممىسى ئېسىڭىزدە.

بەزىدە... بەزىدە سەن نۇرغۇن ئىشلارنى ئەسلەپ قالسەن ياكى ھېس قىلىسەن، لېكىن بىردەمدىن كېيىنلا ئۇلار ئېسىڭدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ ياكى ھېس - تۇيغۇڭدىن يوقايدۇ... ۋاقىت توختاپ قالغاندەك بولىدۇ. سىلىنجا ئۈستىدە ئولتۇرغان ئومۇ تىرىك مۇردىنىڭ ئۆزى ئىدى، يەنە بىر ئومۇ پەقەت قەلب ئارقىلىقلا ئۇنىڭغا قاراپ تۇرالايتتى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىنى بۇ تىرىك مۇردىغا تاپشۇرۇۋەتكەنىدى. سىلىنجا ئۈستىدە

ئولتۇرغان ئۇمۇ ئاشۇ ئۇنتۇلغان يازدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئېسىگە ئېلىشقا ئۇرۇناتتى، ئۆزۈك - ئۆزۈك ئەسلىمىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇلاشقا تىرىشاتتى؛ قەلب ئارقىلىق ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان ئۇمۇ بولسا، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئەسلىيەلەيتتى.

ئەجەل پەرىشتىسى باغرىنى كەڭ ئېچىپ مېنى قۇچاقلىدى. مەن مىدىر قىلماي تۇردۇم، لېكىن مەن ئۇنىڭ قۇچاقلىشىغا تولىمۇ موھتاج ئىدىم. ئۇ مېنىڭ ئېھتىياجىمنى قاندۇردى. دەل ئۇ مېنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرغاندا:

مەن بىر بالىغا — دېلفىننى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سۆيىدىغان بالىغا ئايلاندىم. ئاندىن... مەن قوللىرى قىپقىزىل موماي بىلەن ئۇچراشتىم، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئانار يېدىم. مەن قەلبىمدىكى پەرىشتىنى چاقىردىم، دېلفىنغا خەت يازدىم. دېلفىن مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلاپ كېلىپ، ماڭا ئەۋلىيالارنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەردى، مېنىڭ نۇرلىنىشىمنى تەلەپ قىلدى. مەن دېلفىننى كەتكۈزۈۋەتتىم، ئۆزۈمنى كۆك قۇشتەك ھېس قىلدىم. مەن تاشلار بىلەن پاراڭلىشىۋاتقان بوۋاي بىلەن ئۇچراشتىم، نۇر قايتۇرۇپ تۇرغان يۈرەك شەكىللىك سىنئەينەكنى كۆزەتتىم، قارا كۆن مۇقاۋىلىق بىر كونا كىتابقا ئېرىشتىم. مەن سافانى ئوغرىلىقچە ھەيدەپ بېرىپ، ئۇ كىتابنى گۈل ئارالغا كۆمۈپ قويدۇم. مەن دېلفىننى يەنە چاقىردىم، ئۇنىڭ بىلەن قەدىناس دوستلاردىن بولۇپ قالدىم. مەن ھەممىگە مېھىر - مۇھەببەت بېرىشكە كاپالەت بەردىم. مەن دېلفىننىڭ دۈمبىسىگە چىقىپ دېڭىزدا ئۈزدۈم. مەن نۇرلىنىپ بولغان ئاق قۇ بىلەن پاراڭلاشتىم. مەن دېلفىن بىلەن قول تۇتۇشۇپ، پالاقچىنى پالاقچىغا يېقىپ نۇر تامان سەپەر قىلدىم. ئەڭ مۇھىمى، مەن دېلفىننىڭ كۆزىنى ماكان تۇتقان ئەۋلىيانى كۆردۈم. مەن مېھىر - مۇھەببەتنى كۆردۈم.

شۇنداق قىلىپ، مەن ئۇنتۇلغان ئاشۇ يازنى ئېسىمگە

ئالالىدىم. ئارقىدىن ھەممە نەرسە قاراڭغۇلۇق قوينىغا پاتتى...
ئۇيۇقسىز، بىر كۆچلۈك نۇر يۇزۇمگە چۈشكەندەك بولدى، مەن
ئىختىيارسىز كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم.

مەن ئۇ كۆچلۈك نۇرنى ھېس قىلىپ تۇرۇۋاتاتتىم.

ئۇ تولىمۇ كۆچلۈك.

تولىمۇ كۆچلۈك...

# بالا ئومۇ

## 28

بىرنەچچە سېكۇنتتىن كېيىن دېلفىن ئومۇ بېشىنى سۇدىن ئاخىرقى قېتىم چىقاردى.

— مېنىڭ پەرىشتەم تېخى يېڭىلا قەلبىمگە مۇنداق دېدى، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئەگەر بىر بالا قەلبىدىكى نۇر بىلەن ئۇچراشماقچى بولسا، ئۇ بۇ ئارزۇسىغا يەتكۈچە، ھەتتا ئەجەل پەرىشتىسىمۇ ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىشقا تىرىشىدۇ.

بۇ دېلفىن ئومۇ ماڭا ئېيتقان ئەڭ ئاخىرقى بىر جۈملە سۆز.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە سۇغا شۇڭغۇپ كۆزدىن غايىب بولدى. مەن دېلفىن ئومۇ كۆزدىن غايىب بولغان يەرگە قاراپ تۇرۇپ قالدىم، قانچە ۋاقىت تۇرغانلىقىمنى ئەسلىيەلمەيمەن. قېيىق ئۈستىدە ئۇ يەرگە قاراپ ئۇزاق تۇردۇم.

ئاخىر ئۆيگە قاراپ ماڭدىم.

كۆزلىرىم تىنچ دېڭىز يۈزىدە، قەلبىم دوستۇمغا خەت يېزىش بىلەن ئالدىراش:

شۇنداق، بىز كۈنلەرنىڭ بىرىدە چوقۇم قايتا ئۇچرىشىمىز! بىزگە تەۋە بىر نۇرلۇق ئارال بار، بىز ئۇ ئارالدا مېھىر - مۇھەببەتنىڭ چەكسىزلىكىنى كۆرىمىز. مېھىر - مۇھەببەت نۇرنىڭ مەنبەسى. شۇنداق، ھايات نۇرلانغاندا، بىز مەڭگۈ ئايرىلمايمىز...

# قىران ئومۇ

## 29

مەن ئۇ كۈچلۈك نۇرنى ھېس قىلىپ تۇرۇۋاتاتتىم.

مەن ئۇ نۇر يۈرەك شەكىللىك سىنئەينەكتىن قايتىۋاتقان نۇرمۇ، قانداق، قاراپ باقماقچى بولۇپ كۆزۈمنى ئاچتىم. ئۇقتۇمكى، مەن كۈنگە يۈزلىنىپ تۇرغاچقا، يۈزۈمگە چۈشكىنى كۈن نۇرى ئىكەن. مەن قولۇمدا دورا، سافا ئۈستىدە تىك تۇردۇم، سافا گۈل ئارىلىق بىر كىچىك قولتۇقىدا توختاقلىق ئىدىق. مەن ھېلىقى ئاق يەلكەنلىك كېمىنى ئىزدەپ نەزىرىمنى دەرھال دېڭىز يۈزىگە ئاغدۇردۇم، لېكىن ئۇنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى.

مەن قېيىقنىڭ بېشىدا تۆشۈك بار - يوقلۇقىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن، سافانىڭ قىرىدىن ئېڭىشىپ قارىدىم، يا سوقۇلغان ئىز، يا ئاق سىرىنىڭ ئىزى يوق...

مەن قولۇمدىكى دورىنى سۇغا تاشلىۋېتىپ، نەزىرىمنى قىرغاقتىكى ھېلىقى قىيا تاشقا يۆتكىدىم، چۈنكى قەلبىم ھېلىقى گەپنى يەنە ئاڭلىغاندى:

— مەن سېنىڭ يېنىڭغا بارمايمەن، ئۇنداق بولۇشى، سەن بۇ قىياغا كېلىشىڭ كېرەك.

قىيادا تۇرغان ئاق قۇ ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ خېلى ئۇزاق تۇرۇپ قالدۇق. قارىماققا بىز ئۇزاق ئايرىلىپ كەتكەن، لېكىن بىر - بىرىنى ئۇنتۇپ قالمىغان ئىككى دوستقا ئوخشايتتۇق.

— ساڭا نۇر ھەمراھ بولسۇن، ئاق قۇ ئومۇ، — دېدىم مەن پەس ئاۋازدا.

ئۇ يوغان قاناتلىرىنى كېرىپ، مېنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ساڭىمۇ نۇر ھەمراھ بولسۇن، كىچىك ئومۇ.

مەن قىرغاقتا چىقىپ ئۇنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ خۇشاللىقىنى ئىپادىلىمەكچى بولغاندەك، كۆلۈمسىرەپ، كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى. دەل شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدە نۇرنى كۆردۈم.

ئاق قۇ ئومۇ ماڭا بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، قاناتلىرىنى كەردى ـ دە، كۆككە ئۆرلەپ، قۇياش تامان ئۇچۇپ كەتتى.

ئۇ كۆزدىن غايىب بولغۇچە ئورنۇمدىن قىمىر قىلماي قاراپ تۇردۇم. ئاندىن قىيا تاش ئاستىدىكى كىچىك ئۆڭكۈرگە ئۆمىلەپ كىردىم، يىگىرمە نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۆڭكۈرگە قويۇپ قويغان كىچىك ئۈچ تال تاشنى ئىتتىرىۋېتىپ، يەردىن ئېلىۋالغان شاخ بىلەن كولاشقا باشلىدىم. ئۇزاققا قالمايلا، رەختكە ئوراپ كۆمۈپ قويغان «ئۇمىد دەستۇرى»نى تاپتىم.

ئۆڭكۈردىن دەرھال قايتىپ چىقتىم، يۈرىكىمنىڭ سوقۇشى تېزلەپ كېتىۋاتاتتى. مەن كىتابنى تىزىمغا قويۇپ ئاچتىم ـ دە، بىرىنچى بابنى ئوقۇشقا باشلىدىم، ئۇنىڭدا «ئۇمىد دەستۇرى» ھەققىدىكى رىۋايەت سۆزلەنگەنىدى.

«ئۇمىد دەستۇرى» قەدىمكى زاماندا يېزىلغانىكەن، ئۇنىڭ ئاپتورى پەرىشتە بىلەن دوست بولۇپ ئۆتكەن بىر كىچىك بالا ئىكەن. «ئۇمىد دەستۇرى»نىڭ نۇرغۇن تىللاردىكى نۇسخىسى بار ئىكەن، لېكىن ھەربىر تىلدىكى «ئۇمىد دەستۇرى»نىڭ بىرلا نۇسخىسى بار ئىكەن، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىمۇ پەقەت بىرلا ئادەم بىلىدىكەن.

«ئۇمىد دەستۇرى»نى ساقلاۋاتقان ئادەم ئۆلۈپ كېتىشتىن ئاۋۋالقى بىر مەزگىلدە چۈش ياكى بەزى بېشارەتلەردىن «ئۇمىد دەستۇرى»نى باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ۋاقتىنى بىلىدىكەن،

شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كېيىنكى ساقلىغۇچىسىنى ئىزدەشكە باشلايدىكەن. كېيىنكى ساقلىغۇچى مەيلى كىم بولسۇن، ئۇ چوقۇم بالا بولۇشى كېرەك ئىكەن، چۈنكى «ئۈمىد دەستۇرى»نى چوقۇم بالىغا تاپشۇرۇش كېرەك ئىكەن.

بىرىنچى بابنىڭ ئايىغىغا مۇنداق بىر جۈملە سۆز يېزىلغانىدى:

«سەن كىچىك بالىغا ئايلانغاندىلا، ئاندىن جەننەتكە كىرەلەيسەن.①»

مەن بىردەم ئوقۇغاندىن كېيىن توختاپ، كۆزلىرىمنى يۇمدۇم، چۈنكى مەن تۆۋەندىكى جۈملىنى ئوقۇغانىدىم:

«خۇدانىڭ ئۆزى مېھىر - مۇھەببەتتۇر.»

مەن دېلفىن ئومۇنىڭ ماڭا مۇشۇ گەپلەرنى قىلغانلىقىنى ئەسلىگىنىمدە، كۆزلىرىم تېخىمۇ چىڭ يۇمۇلدى:

— مېھىر - مۇھەببەت، ئومۇ، بۇنىڭغا پەقەت مېھىر -

---

① «ئىنجىل . ئەھدى جەدىت» «مەتتەي ئىنجىل»نىڭ 18 - سۈرىسىگە قاراڭ: «ئەينى چاغدا مۇرىد كىرىپ ئەيسادىن سورىدى: ‹جەننەتتە كىم ئەڭ چوڭ؟›، ئەيسا بىر كىچىك بالىنى چاقىرىپ كىرىپ ئوتتۇرىدا تۇرغۇزدى: ‹مەن سىلەرگە راست گەپنى ئېيتىپ بېرەي: سىلەر ئۆزگىرىپ كىچىك بالىغا ئايلانمىساڭلار، جەننەتكە كىرەلمەسلىكىڭلار ئېنىق. شۇڭا، ئۆزىنى ناھايىتى كەمتەرلىك بىلەن بۇ كىچىك بالا ئورنىدا قويالىغان ئادەم جەننەتتە ئەڭ چوڭ ھېسابلىنىدۇ. ئىشقىلىپ، مېنىڭ نامىمدا مۇشۇنداق كىچىك بالىنى كۈتۈۋالغان ئادەم مېنى كۈتۈۋالغان بىلەن باراۋەر.› »

«خۇدا دېدى: ‹نۇرلىنىمەن›، دەيدىكەنسەن، چوقۇم نۇرلىنالايسەن.»
— «ئەسفار پەنجگانە»نىڭ «يارالمىشنامە» 1 - سۈرە 3 - ئايەت

«ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يورۇتقۇچىدۇر.»
— «قۇرئان كەرىم» 24 - سۈرە «نۇر» 35 - ئايەت

«خۇدانىڭ ئۆزى مېھىر - مۇھەببەتتۇر.»
— «ئىنجىل . ئەھدى جەدىت»نىڭ «يوھاننىڭ بىرىنچى مەكتۇپى» 4 - سۈرە 8 - ئايەت

مۇھەببەتلا كېتىدۇ، — دېگەنىدى دېلفىن ئومۇ ئۆز ۋاقتىدا، — لېكىن، سېنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىڭ شەكسىز چىن بولۇشى كېرەك. سەن ئائىلەڭدىكىلەرگە، ساۋاقداشلىرىڭغا، مۇئەللىملىرىڭگە، يەنە دېڭىزغا، چايكىلارغا، دېڭىز شامىلىغا... پۈتۈن مېھىر - مۇھەببىتىڭنى بېرىشىڭ كېرەك. ھەتتا مېنىڭ جىسمىمنى سېنىڭدىن ئايرىۋەتكەن ئىككى بېلىقچىغىمۇ مېھىر - مۇھەببىتىڭنى بېرىشىڭ كېرەك. سېنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىڭ ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، قەلبىدىكى نۇرغا تەئەللۇق... مەيلى قانداق ئادەم ياكى قانداق نەرسە بولسۇن، ھەممىسىگە مېھىر - مۇھەببەت بېرىشىڭ كېرەك. مېنى قانچىلىك سۆيسەڭ، بارلىق ئىمكانىيىتىڭ بىلەن ھەممە نەرسىنى شۇنچىلىك سۆي... سەن مېنى قەلبىمدىكى ئاشۇ نۇر بىلەن تۇيۇقسىز ئۇچراشتۇرۇپ قالار، دەپ، قانداقتۇر مۆجىزىدىن ئۈمىد كۈتمە. قەلبىڭدە مېھىر - مۇھەببەتلا بولىدىكەن، سېنىڭ دېلفىن بىلەن پاراڭلىشىشىڭ، نۇرلىنىپ بولغان ئاق قۇۋ ۋە ئانار يەۋاتقان پەرىشتە بىلەن ئۇچرىشىشىڭ، يەتتە ئارالنى ئايلىنىپ ئۈزۈپ يۈرگەن سۇ پەرىسى بىلەن ئۇچرىشىشىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق. مېھىر - مۇھەببەت بېرىپ جاۋاب تەلەپ قىلماسلىقىڭ ئۆزى ئەڭ چوڭ مۆجىزە. شۇنداق قىلالىساڭلا، قانداقتۇر مۆجىزىلەردىن ئۈمىد كۈتۈشۈڭنىڭ ھاجىتى يوق، بارلىق مۆجىزە دېگەنلەر سەن ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز تۇيۇلىدۇ. يەنە بىرسى، بىزنىڭ قايتا جەم بولۇشىمىزمۇ خۇدانىڭ ئارزۇسى، چۈنكى خۇدانىڭ ئۆزى مېھىر - مۇھەببەتتۇر.

شۇنىڭ بىلەن، مەن ئائىلەمدىكىلەرنى، ساۋاقداشلىرىمنى، مۇئەللىملىرىمنى، دېڭىزنى، چايكىنى، دېڭىز شامىلىنى... قىيا تاشنى، تۇپراقنى، يامغۇر سۈيىنى... ھەتتا ھېلىقى ئىككى بېلىقچىنى... ئەسلىدىم، ئاندىن... ئاندىن كۆزلىرىمنى ئاچتىم، بىر ئەۋلىيانىڭ كۆزۈمگە كىرگەنلىكىنى ھېس قىلدىم...

مەن كىتابنى رەختكە ئوراپ، ئۆتكۈزۈشكە يىغىشتۇرۇپ قويدۇم. مەن بىر قولۇمدا «ئۈمىد دەستۇرى»نى سۇغا تەگكۈزمەي ئېگىز كۆتۈرۈپ، سافاغا قاراپ ئاستا ئۈزۈشكە باشلىدىم.

سافانى ئورنىدىن قوزغىتىپ، ئۆيگە قاراپ ھەيدىدىم.

مەن ئاق ئەتىرگۈلنى پەرىشتە تەرگەن، دەپ ئىشىنىدىغان ھېلىقى بالىنىڭ ھازىرمۇ گۈلزارلىقىمدا بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتىم. ھازىر بولمىغان تەقدىردىمۇ، 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن بۇرۇن گۈلزارلىقىمغا يەنە بىر قېتىم كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئەتىرگۈلىنى قۇچاقلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. مەن شۇنداق ئويلايمەن، ئۇ «ئۈمىد دەستۇرى»نى چوقۇم ياخشى كۆرىدۇ، چۈنكى ئۇنى پەرىشتە بىلەن دوست بولۇپ ئۆتكەن بالا يازغان. ئۇ قارا كۆز مۇقاۋىلىق كىتاب، خۇددى ئۇ چۈشىدە كۆرگەندەك، كىتابقا ئۇ ياخشى كۆرىدىغان ئاق ئەتىرگۈل قىستۇرۇلغان. ئىشىنىمەن، ئۇ بۇ كىتابنى ئوبدان ساقلايدۇ...

مەن سافانى توختىتىپ، خۇددى ئات ئۈستىدىكى چەۋەندازدەك، ئۇنىڭ تۇمشۇقىغا بېرىپ ئولتۇردۇم. يېقىملىق شامال يۈزۈمنى سۆيمەكتە. كۆزلىرىم ئاستا ـ ئاستا زەڭگەر دولقۇنغا بۇرالغاندا، مېنىڭ قەلبىم دوستىغا خەت يېزىشقا باشلىدى:

شۇنداق، بىز كۈنلەرنىڭ بىرىدە چوقۇم قايتا ئۇچرىشىمىز! بىزگە تەۋە بىر نۇرلۇق ئارال بار، بىز ئۇ ئارالدا مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ چەكسىزلىكىنى كۆرىمىز. مېھىر ـ مۇھەببەت نۇرنىڭ مەنبەسى. شۇنداق، ھايات نۇرلانغاندا، بىز مەڭگۈ ئايرىلمايمىز...

بۇ كىتاب خۇنەن ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتىنىڭ 2011 - يىلى 9 - ئاي 1 - نەشرى، 2011 - يىلى 9 - ئاي 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据湖南文艺出版社2011年9月第1版，2011年9月第1次印刷本翻译出版。

بۇ كىتاب سەردار ئۆزكاننىڭ ئىجازىتى بويىچە چىقىرىلدى

# ھايات نۇرلانغاندا

ئاپتورى: سەردار ئۆزكان (تۈركىيە)
تەرجىمە قىلغۇچى: مۇنارجان توختاخۇن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىلدانە ئابدۇرېھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: سەنەۋەر ئىبراھىم
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991 - 2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: بېيجىڭ شۇنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 7
نەشرى: 2015 - يىلى 9 - ئاي 1 - نەشرى
باسمىسى: 2015 - يىلى 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 - 3000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 18775 - 1
باھاسى: 22.00 يۈەن




# هايات نۇرلانغاندا

ISBN 978-7-228-18775-1

9 787228 187751 >

定价：22.00元